www.kitaphumar.com

# ئادىل غاپپار كارىزى ماقالىلەر توپلىمى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2015 ـيىلى 10 ـئاي

مەنبە: ئىزدىنىش مۇنبىرى

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1. ئۇيغۇرلارنىڭ جىن ـ ئالباستى ئىشەنچلىرى..............................3

2. ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان..................................42

3. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم مەدەنىيىتى ھەققىدە ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش..................................60

4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ھۈنەر ـ كەسپلىرى ھەققىدە تەتقىقات...........100

5. ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخون ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە........................................................112

6. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئەنئەنىۋي ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ھەققىدە ئىزدىنىش..................................................127

7. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە نەزەر.....142

8. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرىغا نەزەر.................................169

9. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار............183

10. مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ۋە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ھەققىدە ئىزدىنىش ..........................................................209

11. كارىز بويىدىكى تاكىراڭخانىلار..................................235

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ جىن ـ ئالباستى ئىشەنچلىرى

ئادىل غاپپار كارىزى

(بۇ ماقالە 2007-يىلى يېزىپ تاماملىنىپ، 2010-يىلىغىچە نۇرغۇنلىغان تاسقاش ۋە تۈزۈتۈشلەردىن كېيىن، بىر نەچچە ئىلمى ژورنالغا سۇنغانىدىم. نەتىجىدە، ژورنال مۇھەررىرلىرى سىنزورلارنىڭ «خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلغان ئەسەر» دەپ باھالاپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ، ھازىرچە بېسىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. شۇڭا، بىۋاستە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزورىغا سۇندۇم. كۆپچىلىكنىڭ ماقالىغا تەكلىپ پىكىر بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئۆزىمىز پىششىق بىلىدىغان جىن-ئالباستى ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلارنى ۋە ھىكايىلەرنى كۆپچىلىك بىلەن ئۆز-ئارا ئورتاقلاشساق دىگەن ئۈمۈدتىمەن. )

مۇندەرىجە

1.جىن-ئالباستى ئۇقۇمى
2.جىن-ئالباستىنىڭ كېلىش مەنبەسى
بىرىنچى، «جىن ئوتتىن يارالغان» دېگەن قاراش
ئىككىنچى، «جىن يات قەۋم كىشىلىرىنىڭ ئەرۋاھىدۇر» دېگەن قاراش
ئۈچىنچى، «ھايۋانلار جىنغا ئايلىنىدۇ» دېگەن قاراش 4
تۆتىنچى، «غەيرى دىن ۋە ئېتىقاد ئىلاھلىرىنى جىن-ئالباستى» دەپ قاراش
3.جىن-ئالباستىنىڭ تۈرلىرى
بىرىنچى، يالماۋۇز
ئىككىنچى، يەل
تۆتىنچى، دىۋە
بەشىنچى، يەك(ئۈچ كۆزلۈك ئالۋاستى)
ئالتىنچى، جىن-شەيتان
يەتتىنچى، پېرە
4.جىن-ئالباستىنىڭ تەقى-تۇرقى
بىرىنچى، جىننىڭ تەقى-تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدۇ.

ئىككىنچى، جىننىڭ تەقى-تۇرقى ھايۋانغا ئوخشايدۇ
5.جىن-ئالباستىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى
بىرىنچى، جىن قان ئىچىدۇ.
ئىككىنچى، جىن ئادەم يەيدۇ
ئۈچىنچى، جىن ئاش-تاماق يەيدۇ.
تۆتىنچى، جىن سۆڭەك يەيدۇ
بەشىنچى، جىن-ئالباستىلار خۇشپۇراق نەرسىلەرگە ئامراق كېلىدۇ
6.جىن-ئالباستىنىڭ تۇرار جايى
7.جىن-ئالباستىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى
بىرىنچى، جىن-ئالباستىلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى
ئىككىنچى، جىن-ئالباستىلارنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى
8.جىن-ئالباستىنىڭ خاراكتىرى
9.جىن-ئالباستىلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى
بىرىنچى، جىن-ئالباستىلار تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە
ئىككىنچى، جىن-ئالباستىلار ئادەملەرنى ئۆلتۈرەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە.
ئۈچىنچى، جىن-ئالباستىلار سېھرى قۇۋۋەتكە ئىگە
10. جىن قورقىدىغان نەرسىلەر
بىرىنچى، جىن ئوتتىن قورقىدۇ
ئىككىنچى، جىن تىغلىق نەرسىدىن قورقىدۇ
ئۈچىنچى، جىن ئەينەكتىن قورقىدۇ
تۆتىنچى، جىن ناندىن قورقىدۇ
بەشىنچى، جىن ئەپسۇندىن قورقىدۇ
11. جىن-ئالباستىنى بويسۇندۇرۇش
12. ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستى ھەققىدىكى ئىشەنچلەرمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى. جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرى خەلقنىڭ جىن-ئالباستىدىن ئىبارەت يامان تەبىئەتلىك روھى ئامىلنىڭ بارلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىپ، ئۇنى بىلىش ۋە بويسۇندۇرۇشقا ئىنتىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەقىدە-ئېتىقاد ۋە ئادەت-قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرى ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەگىللىرىدە بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدە-ئېتىقاد

www.kitaphumar.com

ۋە دۇنيا قاراش سىستېمىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ ۋە يىلتىز تارتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد دەۋرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرىنى كۆپ خىل ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، رەڭدار ئېتىقاد ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغان، ئۆزگىچە بىر خىل ئەقىدە-قاراش سىستېمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## 1.جىن-ئالباستى ئۇقۇمى

جىن دېگەن بۇ ئاتالما ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. «جىن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «يوشۇرۇن، پەرى، مالائىكە»[1] دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىستىمال مەنىسىدە كۆرسىتىدىغىنى ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئاللاھ تەرىپىدىن ئوتتىن يارىتىلغان، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ، پەرى-مالائىكىلىق سۈپىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، جەننەتتىن قوغلانغان، ئىنسانلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپ، ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش ياشايدىغان، ئەمما ئىنسانلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ھېس قىلالمايدىغان روھى مەخلۇقتۇر.

«ئالباستى» دېگەن بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇرچە ياسالما سۆز بولۇپ، «ئال(قىزىل)» دېگەن سۆزگە «باست(باش)» ياكى «باستىق(باشلىق)» دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان. «ئالباستى» دېگەن سۆز «قىزىل باشلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىستىمال مەنىسى ئادەم سىياقىدىكى چىرايى سەت-كۆرۈمسىز، چاچلىرى قىزىل سېرىق رەڭلىك ئۇزۇن ھەم چۇۋۇق، كۆزى رەڭدار، كىيىملىرى غەيرى-غۇيرى، قارا رەڭلىك، ئۇچالايدىغان ۋە خىلمۇ-خىل سۈرەتكە كىرەلەيدىغان، ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان، يامان تەبىئەتلىك روھى مەخلۇقتۇر.

خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، تارىختا قەدىمقى ئۇيغۇرلار پارسلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم دەھشەتلىك ئۇرۇش-جەڭلەرنى قىلغان. شۇ چاغلاردا پارسلارنىڭ چىرايى كۆرۈمسىز، كۆزى رەڭدار، چاچلىرى ئۇزۇن ۋە قىزىل سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار پارسلارنىڭ ئوبرازىنى ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى يامان تەبىئەتلىك دەپ قارىغان. كېيىنچە، يامان ئادەم ۋە يامان روھلارنى پارسلارنىڭ ئوبرازىغا ئوخشىتىپ، ئۇلارنى «ئالباستى» دەپ ئاتىغان. شۇڭا، ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا، چىچى ئۇزۇن رەتسىز، يۈز كۆزى كۆرۈمسىز كىشىلەرنى «ئالباستى» دەيدىغان ياكى شۇلارنىڭ ئوبرازىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بالىلارغا ئالباستى ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرىدىغان ئادەت-قاراشلار بار. ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر باخشىلار بەزى كېسەللەرگە پال ئاچقاندا، ئۇلارنى «ئال ئېپ كېتىپتۇ» دەپ تەبىر بېرىدۇ، بۇ شۇ كېسەلگە «جىن چاپلىشىپتۇ»، «جىننىڭ ئاپتى تېگىپتۇ» دېگەنلىك بولۇپ،

www.kitaphumar.com

بۇنداق كىيسەللەرنى «قىزىل توخو بىلەن ئۇچۇقداپ، قان قىلسا ساقىيىدۇ» دەپ قارايدۇ. دېمەك، «ئالباستى» دېگەن بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئۆز تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يامان تەبىئەتلىك ئادەم ۋە روھلارنى سۈپەتلەيدىغان سۆز بولۇپ، كېيىنكى ئېتىقاد دەۋرلىرىدە مەخسۇس يامان روھلارنى سۈپەتلەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلانغاندى.

ئۇيغۇرلار جىن دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، جىن ئاتالغۇسىنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالباستى، يالماۋۇز، دىۋە، يەك، يەل» دىگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەندى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئاق بوز ئات»، «كەنجى باتۇر»...قاتارلىق سېھىرلىك چۆچەكلەردە ۋە «چاستانى ئىلىگ بەگ»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»... قاتارلىق يازما يادىكارلىقلاردا خەلق ئارىسىدىن چىققان باتۇرلارنىڭ «دىۋە، يالماۋۇز، ئالباستى» قاتارلىق ئىنسانلارغا بالايىئاپەت كەلتۈرگۈچى يامان روھلار بىلەن كۆرەش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا، «يەك»، «يەل»، «ئاباچى»، «ھۆجۆ» دېگەن سۆزلەرگە «جىن، ئالباستى» دەپ ئىزاھات بېرىدۇ.[2] يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆز ئېتىقاد تارىخىدا «جىن-ئالباستى» توغرىسىدا خېلى سېستىمىلىق ۋە مۇكەممەل چۈشەنچىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

## 2.جىن-ئالباستىنىڭ كېلىش مەنبەسى

خەلق ئارىسىدىكى ئادەت-قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار جىن-ئالباستىلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نەرسىدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ.

بىرىنچى، «جىن ئوتتىن يارالغان» دېگەن قاراش. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، جىن ئاللا تەرىپىدىن ئوتتىن يارىتىلغان بىر روھىي مەخلۇق. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ چۈشەنچە، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام ئەقىدىسىدىكى جىن توغرىسىدىكى قاراشلارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. «قۇرئان كەرىم»دە، جىننىڭ يارىتىلىشى توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ. «جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس)نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق.»[3] «(ئاللا) ئىنساننى (ئاتاڭلار ئادەمنى)(چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدا قۇرۇق لايدىن ياراتتى. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى».[4] «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا، «ئوتتا ھەم يورۇقلۇق ھەم قاراڭغۇلۇق بار بولۇپ، نۇر (يورۇقلۇق) دىن پەرىشتىلەر يارالدى. قاراڭغۇلۇقتىن جىنلار يارالدى. شۇڭا جىننىڭ ئاتىسى ئوتتۇر. پەرىشتىلەر نۇردىن يارىلىشى بىلەن خۇدادىن قورقۇپ، تائەتكە مەشغۇل بولۇپ، گۇناھتىن پاك بولدى. تۈتۈندىن يارالغان دىۋىلەر كۇپرى-زالالەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ،

www.kitaphumar.com

ئىماندىن مەھرۇم قالدى. جىنلار يارالغان ئوتنىڭ ئەۋلادى(ياللۇنى)دىن پەرىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىسلام دىنىغا قايىل بولدى. بەزىسى كاپىر بولۇپ، زالالەت يولىغا مېڭىپ دوزاخقا ساۋزاۋەر بولدى»[5] دەپ بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ «جىن ئوتتىن يارالغان» دېگەن چۈشەنچىلىرى ئىسلامى ئەقىدىلەرنى ئاساس قىلغانىدى.

ئىككىنچى، «جىن يات قەۋم كىشىلىرىنىڭ ئەرۋاھىدۇر» دېگەن قاراش. ئۇيغۇرلارنىڭ جىننىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىدە، «يات مىللەت ۋە يات دىنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەرۋاھى جىنغا ئايلىنىدۇ» دېيىدىغان قاراش مەۋجۇت. بۇ خىل چۈشەنچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانىمىزم ۋە شامانىزم ئەقىدە-قاراشلىرى ئاساسىدىكى جىن-ئالباستى چۈشەنچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى دېيىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانىمىزم ۋە شامانىزم ئەقىدە-قاراشلىرىدا، جىن-ئالباستىلار ئەسلىدە يات ئۇرۇق-قەۋم ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۆز ئۇرۇق-قەۋملىرىگە دۈشمەن ئۇرۇق-قەۋم ئەزالىرىنىڭ تېنىدىن ئايرىلغان «ئەرۋاھ»لار ئىدى. بۇ ئەرۋاھلارنىڭمۇ پانىي ئالەمدىكى ئەسكىرىي قوشۇنغا ئوخشاش سەركەردە-سانغۇنلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئۆزىگە تەۋە تولۇق قۇراللانغان مۇنتىزىم قوشۇنى بولىدۇ. يەنى، يات ئۇرۇق-قەۋم ئەزالىرىنىڭ ياكى دۈشمەن ئۇرۇق-قەۋم ئەزالىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئەرۋاھلار قوشۇنى» بولىدۇ، مانا بۇلار «جىن-ئالباستى»لاردۇر. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پەرە قوشاقلىرىدىمۇ بۇ خىل قاراشلار ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

«قالماق پېرىلەردىن بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار!
كافىر پېرىلەردىن بولساڭلارمۇ بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار!
بەھرام شاھ مەلىكىسىنىڭ پېرىلىرىدىن بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار!
بۇرھاب شاھ پېرىلىرىدىن بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار!»[6]

دېمەك، «جىن يات قەۋم كىشىلىرىنىڭ ئەرۋاھىدۇر» دېگەن قاراش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانىمىزم ۋە شامانىزم ئەقىدە-قاراشلىرى ئاساسىدىكى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ھازىرقى قالدۇقلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «ھايۋانلار جىنغا ئايلىنىدۇ» دېگەن قاراش. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بەزى ھايۋانلار جىنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېيدىغان قاراش بار. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدىكى چۈشەنچىلەردە «مۈشۈك قىرىق يىل ياشىسا، جىنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ»، دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۈشۈك قىرىق يىل ياشىيالمايدۇ. بەلكىم بۇ قەدىمكى ئانىمىزم ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مۈشۈكنىڭ كېچىدە ھەرىكەت قىلىشى، كۆزلىرىنىڭ ئوتقا ئوخشاش

www.kitaphumar.com

يېنىپ تۇرىشى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا سۆرلۈك ۋە قورقۇنلۇق تۇيغۇلارنى بەرگەن بولۇشى، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ سۈرلۈك ھايۋان يامان روھلارنىڭ كېلىش مەنبەسى دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «مۆشۈك قىرىق يىل ياشىسا، جىنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېيىدىغان قاراش، قەدىمكى ئانىمىزم ئەقىدە-قاراشلىرىدىكى جىن-ئالباستىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلارنىڭ قالدۇقلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، «غەيرى دىن ۋە ئېتىقاد ئىلاھلىرىنى جىن-ئالباستى» دەپ قاراش. تارىختا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە تەبىئەت(ئانىمىزم) ئېتىقادى، ئەجداد (ئۇماي ئانا ۋە باتۇرلار) ئېتىقادى، شامانىزم ئېتىقادى، زورروئاستىرىزم(ئوتقا چوقۇنۇش) ئېتىقادى، مانىخىزم ئېتىقادى، خرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە دىنلارغا ئىشەنگەن ۋە ئېتىقاد قىلغانىدى. ھەر بىر ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلاھىيەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، بىر خىل ئېتىقاد سىستېمىسىدىن يەنە بىر خىل ئېتىقاد سىستېمىسىغا كۆچكەندە، ئىككى خىل ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى ئۆز-ئارا سىغىشمىغاچقا، كېيىنكى ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى ئىلگىرىكىسىنى چەتكە قاققان ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، كېيىنكى ئېتىقاد دەۋرلىرىدە ئىلگىرىكى ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئىلاھلىرى يامان تەبىئەتلىك روھلار يەنە جىن-ئالباستىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. مەسىلەن: ئەپسانە رىۋايەتلەردىكى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ يارىلىشىنى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان غايەت چوڭ سىيدە، ئۈجمە قاتارلىق سېھرلىك دەرەخلەر ۋە تەبىئەت(ئانىمىزم) ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە كىشىلەر خاسىيەتلىك ئىلاھ دەپ چوقۇنغان ۋە ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلىگەن ئۆرۈك، شاپتول، ياڭاق، جىگدە، چىنار قاتارلىق يەتتە شاخلىق غايەت چوڭ مۆلىلىك دەرەخلەر، كېيىنكى ئېتىقاد دەۋرلىرىدە جىن-ئالباستىلار پەيدا بولىدىغان ياكى ماكان تۇتقان، كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرىدىغان دەرەخلەرگە ئايلانغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد جەھەتتە ئانا ئەجداد قا چوقۇنۇش ۋە كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىن زورروئاستىرىزم (ئوتقا چوقۇنۇش) ۋە قەھرىمانلىق قاراشلار ئاساسىدىكى ئاتا ئەجدادقا چوقۇنۇشقا كۆچۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋرلەردە پەيدا بولغان «چىن تۆمۈر باتۇر» باتۇر چۆچەكىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئوبرازى دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. چۆچەكتىكى سېھىر قىلالايدىغان، ياشانغان، كۆرۈمسىز ئايال «يەتتە بېشى بار يالماۋۇز» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ دەل ئۇيغۇرلار شامانىزم ئېتىقادى دەۋرىدىكى ئۇماي ئىلاھە ئوبرازى يەنى باخشى-پېرىخونلۇق قىلالايدىغان، ئۇرۇق-قەبىلە ئاقساقلى بولغان ئايال ئانا ئەجدادنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇنىڭ

www.kitaphumar.com

ئىلاھى كۈچ تەڭرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەتتە پەرىشتە ئىدى. شۇڭا، ئاتا ئەجدادقا چوقۇنۇشقا ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئېتىقادىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئايال جىنسلىق ئانا ئەجدادنىڭ روھى ۋە ئوبرازى خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ئىلاھ ۋە پەرىشتىلەر كۈچلۈك قۇدرەتكە ئىگە قان-ئىچەر يالماۋۇز قىلىپ تەسۋىرلەنگەنىدى. ئاتا ئەجدادنىڭ روھى بولسا، ئۆز قەۋمىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزالايدىغان ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە تەڭداشسىز باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەنگەنىدى.

يۇقارقى چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى جىننىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلار ئىنسان، روھ ۋە تەبىئەتتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلاملىق مەنبەگە ئىگە ئىدى.

## 3.جىن-ئالباستىنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچىلەردە ئەكس ئەتكەن جىن-ئالباستى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، يالماۋۇز. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي ئېتىقادلارغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە، جىن-ئالباستىنى يالماۋۇز دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدە يالماۋۇز ئاتلىق بىر جىن توغرىسىدىكى بايانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىشىچە، «يەتتە باشلىق يالماۋۇز»نىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ، يەتتە بېشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى تەقى-تۇرقى ناھايىتى كۆرۈمسىز، بەد-بەشىرە بولۇپ، كۆپىنچە مومايلارنىڭ سىياقىغا كىرىۋالاتتى. ئۇ ناھايىتتى ۋەھشى بولۇپ، يەتتە بېشىنى تولۇق كېسىۋەتمىگىچە جېنى چىقمايدۇ.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئادەم قېنى ئىچىشكە ئامراق بولۇپ، دائىم كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، قېنىنى شورايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر لار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئەقىللىق باتۇر»، «ئۈچ يولۋاسلىق ئادەم ۋە يالماۋۇز»، «تايغان بىلەن بۆرىكۆت»، «چۈشۈن قانداق پەيدا بولغان؟»، «ھەسسەنەم ۋە گۈلپەرى»، «ئارپاغان باتۇر»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «چوكان» ناملىق چۆچەكلەردە، باتۇرلارنىڭ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشقانلىقىدەك باتۇرلۇق قىسسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق قاراشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى مەزگىلىدىكى جىننىڭ ئوبرازىدۇر.

ئىككىنچى، يەل. ئۇيغۇرلار شامانىزمغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە جىننى «يەل» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «يەل» ۋە

www.kitaphumar.com

«ئەر يەلىنتى» دېگەن سۆزگە «جىن-ئالباستى» ۋە «ئادەمگە جىن چاپلاشتى، ئادەمگە شامال دارىدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن.[7] بۇ خىل كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى تىپىك شامانىزم ئېتىقادىغا خاس ئەقىدە-قاراشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ قارىشىچە، «ئالۋاستى، دىۋىلەر قويۇن، شامالغا ئايلىنىپ ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزەرمىش، ئۇلار ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ شامىلى ئادەم بەدىنىگە تېگىپ كەتسىمۇ، ئادەمنى ساراڭ ياكى پالەچ قىلىپ قويارمىش ياكى تىلى تۇتۇلۇپ قالارمىش، ئېغىرراق بولغاندا ئادەم ئۆلۈپمۇ كېتەرمىش».

ئۈچىنچى: ئالباستى. ئۇيغۇرلار شامانىزمغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە، يامان روھلارنى «ئالباستى» دەپ ئاتىغان. «ئالباستى» دېگەن سۆز «قىزىل باشلىق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىستىمال مەنىسى ئادەم سىياقىدىكى چىرايى سەت-كۆرۈمسىز، چاچلىرى قىزىل سېرىق رەڭلىك ئۇزۇن ھەم چۇۋۇق، كۆزى رەڭدار، كىيىملىرى غەيرى-غۇيرى، قارا رەڭلىك، ئۇچالايدىغان ۋە خىلمۇ-خىل سۈرەتكە كىرەلەيدىغان، ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان، يامان تەبىئەتلىك روھى مەخلۇقتۇر.

تۆتىنچى، دىۋە. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان سېھىرلىك چۆچەك ۋە ئەپسانە-رىۋايەتلەردە، «دىۋە» ئاتلىق جىن-ئالباستىلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە، جىن-ئالباستىنى «دىۋە» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. «ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا دىۋە رەزىللىك ۋە زۇلمەت خۇداسى ئەھرەمەننىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە تونۇلغان.» [8] چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىشىچە، «دىۋە» دەس تۇرسا بويى بۇلۇتقا تاقىشىدىغان، بېشىنىڭ يوغانلىقى گۈمبەزدەك، ئاغزى كاماردەك، چىشلىرى ئاسقاقتەك، كۆزلىرىدىن كۆك نۇر چىقىپ تۇرىدىغان، غايەت زور گىگانت ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قارا ۋە مويلۇق بولۇپ، مويلىرى كىرپىنىڭ تىكەنلىرىدەك يىرىك، ئەمما پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر ئۇخلىسا، 40 كۈن ئۇخلايدۇ، خورەك تارتسا، 40 كۈنلۈك يولنىڭ نېرىغا ئاڭلىنىدۇ. يول ماڭغاندا بىر چامدىسا، 3 كۈنلۈك يولنى بېسىپ بولىدۇ. دىۋە قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كوھىقاپنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، جېنىنى ئۆز تېنىدە ساقلىماي، تېنىنىڭ سىرتىدا يەنى كوھىقاپنىڭ ئىچىدىكى سىرلىق جايلاردا، تۇخۇمنىڭ ئىچىدە ياكى تىلسىملىق ساندۇقتا ساقلايدۇ. قاچانكى، شۇ جاينى تېپىپ، تۇخۇمنى چاقمىغۇچە ياكى ساندۇقتىكى سىرلىق تىلسىمنى يەشمىگۈچە دىۋىنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ. دىۋە چىرايلىق قىزلارغا ئامراق بولۇپ، دائىم پادىشاھلارنىڭ مەلىكىلىرىنى ۋە چىرايلىق قىزلارنى بۇلاپ كىشىلەرگە ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ.

بەشىنچى، يەك(ئۈچ كۆزلۈك ئالۋاستى). ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان مەزگىللەردە جىننى «يەك» سۆزى بىلەن ئاتىغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «يەك» دېگەن سۆزگە «جىن-شەيتان» دەپ ئىزاھات بەرگەن.[9] ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىككى

www.kitaphumar.com

تىكىنىنىڭ ھىكايىسى»، «چاستانى ئىلىگ بەگ» قاتارلىق بۇددا دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلىرىدا، «يەك» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ كۆزلۈك ئالۋاستى توغرىسىدىكى بايانلار ئۇچرايدۇ. «چاستانى ئىلىگ بەگ» دە تەسۋىرلىنىشچە، ئۈچ كۆزلۈك ئالۋاستى « ئۈچ كۆزى بار، ئوت رەڭلىك چاچلىرى ئارقىسىدا چۇۋۇلۇپ تۇرىدۇ. كۆزىنىڭ قارىچۇغى ياندۇرۇلغان چىراقتەك يالقۇنجاپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ... رەھىمسىزلىك بىلەن سانسىزلىغان جانلىقلارنى ئېزىقلىرىدا چايناپ ئۆلتۈرىدۇ.» [10] دېمەك، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدىكى رەزىللىكنىڭ سىمۋولى بولغان «يەك»نى، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى جىن-ئالباستى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى.

ئالتىنچى، جىن-شەيتان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بولسا، جىن-ئالباستىنى «جىن، شاياتۇن» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى تەپسىلاتلارغا ئاساسلانغاندا، «قۇرئان كەرىم»دە جىن-شەيتانلار توغرىلىق سۆزلەنگەن ئايەتلەر كۆپ بولۇپ، «جىن» ئاتالغۇسى 22 ئورۇندا، «جان» ئاتالغۇسى بىلەن 7 ئورۇندا، «شەيتان» ئاتالغۇسى بىلەن 68 ئورۇندا، «شاياتىن» ئاتالغۇسى بىلەن 17 ئورۇندا تىلغا ئېلىنىپ، جەمئىي 114 ئورۇندا تەكرارلانغان. مەخسۇس بىر سۈرىنىڭ نامى «جىن»نىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، «جىن» ھەققىدە بايانلار بېرىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئىشەنچلىرىدە جىن ئادەم سۈرەتلىكمۇ بولىدۇ. ئادەم سۈرەتلىك جىنىنىڭ شەكلى ئادەمگە ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىق، چاچلىرى ئۇزۇن ياكى قىرقىم چاچ، قارا كىيىملىك بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈمبىسى كاۋاك بولۇپ، كىشىلەرگە ئۇچراپ قالسا، دۈمبىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. قولىنىڭ دۈمبىسى يوق بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

يەتتىنچى، پېرە. ‹پېرە› دېگەن بۇ سۆز ئەسلى ‹پەرى› بولۇپ، ‹پەرى› ئايال جىنسلىق جىنلارغا بېرىلگەن ئىسىم. ‹پەرى› كەلىمىسى ‹ئىلاھ، روھ، ئۇستاز› مەنىسىدىكى ‹پىر› بىلەن پەرىقلىق. ئۇيغۇر باخشىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «نەقشى سۇلايمان»، «كەنزۇل ھۆسەينى» ناملىق قول يازمىلاردا ۋە مۇھەممەت ئېۋەز قارىقاشى يازغان «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق قەدىمي قول يازمىلاردا يامان روھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە كېسەل سالىدىغان جىن، ئالباستى، دىۋىلەر ‹پېرە› ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغانىدى. ‹پېرە› سۆزىنىڭ ئىستىمال مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ‹جىن› ئاتالغۇسى بىلەن ‹پېرە› ئاتالغۇسىنى ئالماشتۇرۇپ ھەم بىرلىكتە ئىشلەتكەن. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پېرە قوشاقلىرىدىمۇ ‹پېرە› جىن-ئالباستىلارنىڭ بىر تۈرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن.

«ئەزەمتۇئەلەيكۇم دىۋىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم پىرىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم جىنلەر،

www.kitaphumar.com

ئەزمەتۇئەلەيكۇم شاياتۇنلەر،
ئارغىماقنى ئويىنتىپ،
قۇشلارنى قۇشلىتىپ،
تۇغ-ئەلەمنى كۆتۈرۈپ،
199 تۇغلۇق ئەلەم-لەشكىرى بىلەن،
قازى-موپتىسى بىلەن،
يىغلىپ-يىغلىپ،
جەم-جەم بولۇپ،
ئەسنەپ-ئەسنەپ هازىر بولۇڭلار! يا مەلئۇنلەر!»[11]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ‹پېرە›مۇ جىن-ئالباستىلارنىڭ بىر تۈرى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئېتىقاد دەۋرلىرىدە جىن-ئالباستىنى ئىپادىلىگەن ‹ئالباستى›، ‹يالماۋۇز›، ‹دىۋە›، ‹يەك›، ‹يەل(شامال)› دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ‹جىن› ۋە ‹پېرە› سۆزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەنىدى.

## 4.جىن-ئالباستىنىڭ تەقى-تۇرقى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىننىڭ تەقى-تۇرقى توغرىسىدا خىلى تەپسىلىي چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ جىننىڭ تەقى-تۇرقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، جىننىڭ تەقى-تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىگە ئاساسلانغاندا، جىننىڭ تەقى-تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە جىن ئاساسەن چېچى ئۇزۇن، رەڭگى سېرىق، خىلمۇ-خىل رەڭدە كىيىم كىيگەن ئايال كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دۈمبىسى كاۋاك بولۇپ، كىشىلەرگە ئۇچراپ قالسا، دۈمبىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. قولىنىڭ دۈمبىسى يوق بولىدۇ، ماڭسا يانتۇ ماڭىدۇ.

ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پېرە قوشاقلىرىدا جىننىڭ تەقى-تۇرقىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن،

«ئەزمەتۇ ئەلەيكۇم دۆ-پىرى،
ئۇمموسسەبىيان(ئايال دىۋە) ئەرمىيى.

www.kitaphumar.com

ئەرۋاھى كەبى شاياتۇن،
دۇت بىلەن يادى قىلدىم سىنى.»[12]
※※※※※※※※※※※※※※
«قوساقلىرىڭ سەدەپتىن،
لىچەكلىرىڭ كىمخاپتىن.
كېپىشلىرىڭ ئالتۇندىن،
زەپە يۈزلۈك دۆ-پىرى.
ئالتۇن ئىكەن كېپىشلىرى،
ئۈنچە-مارجان چىشلىرى،
تۈزسىز ئىكەندۇر ئاشلىرى،
بەرھەم يۈزلۈك دۆ-پىرى.
ئالتۇن ئىكەن كەشلار،
يىنجى-مارجان چىشلار،
تۈزسىزكەندۇر ئېشلار،
كۈمۈش كۆزلۈك دۆ-پىرى.
شىرىن-شىكەردۇر سۆزلار،
چولپان ئىكەن سۈپەتلىرىلار،
سىپتىلەنگەن ساچلار،
قەلەم قاشلىق دۆ-پىرى.
ئەۋرىشىم قالپاق باشلاردا،
لەھىل تاج قېشلاردا،
خوجىساچ باغرى ساچلاردا،
قەمەر يۈزلۈك دۆ-پىرى.
يىشىل تۇغلۇق لەشكەرلەر،
قارا ساچلار بېشلاردا،
نازۇ-نىممەت ئېشلاردا،
تولغۇما ساچلىق دۆ-پىرى.» [13]
※※※※※※※※※※※※※※
«زىلۋا بويلۇقلار،
مايسا كۆكۈلۈلۈقلار.
غۇنچە بويلۇقلار،

www.kitaphumar.com

قەلەم قاشلىقلار.
شېرىن سۆزلۈكلەر،
ئۈنچە چىشلىقلار.»[14]

يۇقارقى پىرە قوشاقلىرىدىكى جىن ـ ئالباستىلارنى سۈپەتلەشكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە جىننىڭ تەقى ـ تۇرقى چىرايلىق ياسانغان ئايال ئوبرازىغا ئوخشايتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى تەقى ـ تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدىغان جىن ـ ئالباستىلار ئىچىدە پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىگە ئوخشايدىغان جىن ـ ئالباستىلار بار ئىدى. ئۇچىسىغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كەيگەن، ئارغىماق ئاتلارنى مىنگەن، قولىغا ئوقيا، نەيزە قىلىچ ئالغان، تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ھالەتتە سەپ ـ سەپ بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلارنىڭ پىرە قوشاقلىرىدىمۇ جىن ـ ئالباستىلارنىڭ يۇقارقى ھالەتلىرى توغۇرلۇق ئوبرازلىق مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئەزەمتۇئەلەيكۇم دىۋىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم پېرىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم جىنلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم شاياتۇنلەر،
ئارغىماقنى ئويىنتىپ،
قۇشلارنى قۇشلىتىپ،
تۇغ ـ ئەلەمنى كۆتۈرۈپ،
199 تۇغلۇق ئەلەم ـ لەشكىرى بىلەن،
قازى ـ موپتىسى بىلەن،
يىغلىپ ـ يىغلىپ،
جەم ـ جەم بولۇپ،
ئەسنەپ ـ ئەسنەپ ھازىر بولۇڭلار! يا مەلئۇنلەر!
لېۋەن تۇياق ئاتقا مىنىپ،
ئىلان قامچا قولغا ئېلىپ،
لەئىل يۇپۇقلارنى يېپىپ،
ئارغىماق ئاتقا مىنگەنلەر،
زەردىن ئىگەرلىك دۆ ـ پېرى.

www.kitaphumar.com

ئېگىز تاغقا چىققانلەر،
تاغدىن-تاغقا ئۇچقانلەر.
ئارغىماق ئاتقا مىنگەنلەر،
قارا چاپانلىق دۆ-پىرى.»[15]
※※※※※※※※※※※※※※
«بەلەن ئاتقا مىنگەنلەر،
دەردى يوقلارنى باققانلار.
يىلان قامچا تۇتقانلار،
زور ئىگەرلىك دۆ-پىرى.
پىچاقلىرىڭلار پولاتتىن،
غىلاپلىرىڭلار كۈمۈشتىن،
خەنجەرلىرىڭلار ئالماستىن،
ساھىبجامال دۆ-پىرى.
سەيلىگاھىڭلار ئېگىز تاغ،
ئېلىپ كەلدىم گۆجە-ياغ،
ئالتۇن ئىگەر، قۇرام باغ،
قۇراق كىيىملىك دۆ-پىرى.
ئوقلىرىڭلار ئالتۇندىن،
نەيزىلىرىڭلار پولاتتىن،
قىلىچلىرىڭلار مىسراندىن،
قولانغا مىنگەن دۆ-پىرى.»[16]

يۇقارقى پىرە قوشاقلىرىدىكى جىن-ئالباستىلارنى سۈپەتلەشكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە جىننىڭ تەقى-تۇرقى پادىشاھنىڭ جەڭگە ئاتلانغان لەشكەرلىرىگە ئوخشايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى تەقى-تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدىغان جىن-ئالباستىلار ئىچىدە بىر قىسىم ئاقساق-چولاق ۋە قارغۇ جىن-ئالباستىلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن،

«ئەما پىرىلەردىن بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار!
ئاقساق چولاق پىرىلەردىن بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار!»[17]

www.kitaphumar.com

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە جىننىڭ تەقى-تۇرقى ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ، بەزىلىرى چىرايلىق ياسانغان ئايال كىشىگە ئوخشىسا، يەنە بەزىلىرى پادىشاھنىڭ جەڭگە ئاتلانغان لەشكەرلىرىگە ئوخشايتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا، ئاقساق-چولاق، ئەما كىشىلەرگە ئوخشايتتى.

ئىككىنچى، جىننىڭ تەقى-تۇرقى ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە يەنە جىننىڭ تەقى-تۇرقى ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، دەيدىغان چۈشەنچىلەر بار. خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۆچكە، مۈشۈك، ئېشەك، تۆگە، مۈشۈكياپىلاق، چۈجە قاتارلىق ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ سىياقىدا كۆرۈنەرمىش. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە جىننىڭ يەنە بىر خىلدىكى تەقى-تۇرقى ھايۋانلارغا ئوخشاش ئىدى.

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ جىننىڭ تەقى-تۇرقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئادەم ۋە ھايۋاناتتىن ئىبارەت ئىككى خىل جانلىق مەۋجۇداتنىڭ تەقى-تۇرقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى.

## 5.جىن-ئالباستىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىنمۇ ئادەمگە ئوخشاش يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ. ئەمما، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقاد دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن جىن توغرىسىدىكى ئىشەنچلەردە جىننىڭ يېمەك-ئىچمىكىمۇ بىر-بىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى جىننىڭ يېمەك-ئىچمىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن.

بىرىنچى، جىن قان ئىچىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يالماۋۇز توغرىسىدىكى بىر قىسىم سېھىرلىك چۆچەكلەردە يالماۋۇزنىڭ ئادەمنىڭ قېنىنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئارپاغان باتۇر»، «چىن تۆمۈر باتۇر» ناملىق چۆچەكلەردە، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورىغانلىقى توغرىسىدا بايانلار ئۇچرايدۇ. «چوكان» ناملىق چۆچەكتە، يالماۋۇز ئايالنىڭ ئېرىنىڭ قېنىنى شورىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد مەزگىلىدىكى جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرىدە، جىننىڭ يېمەك-ئىچمىكى «ئادەم قېنى» دەپ قارالغانىدى.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلار ئارىسدا يەنە جىن ھايۋانلارنىڭ قىنىنى يىمەك ـ ئىچمەك قىلىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچلەر مەۋجۇت. ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلار جىندىن بولغان كېسەل دەپ قارىغان كېسەللەرنى داۋالاش مۇراسىمى ئېلىپ بارغاندا، مەخسۇس جىننى رازى قىلىپ، جىننى بىمارنىڭ تېنىدىن چىقىرىش ئۇچۇن، جانلىق بوغۇزلاپ بىمارنىڭ كېسەل جايىغا ئېقىتىدۇ ياكى جىن ئاپىتىنى سالغان جايغا ئاپىرىپ قان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قان جىن ـ ئالباستىلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يىمىكى ئىكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «جىن ۋە ئارەھات» ناملىق كىتاپتا بۇ توغرىسىدا مونداق بىر بايان بېرىلگەن. «تاغۇتلار ـ ياۋۇز روھلار قان ھىدىغا يېقىن جايدا ياشايدۇ. بىر تامچە قان يەرگە چۈشسە، ئۇلار چاقماقتىنمۇ تېزلىكتە يىتىپ كېلىدۇ.»[18] بۇ خىل قاراش ھازىرقى ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلارنىڭ پىرە قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

«قان شەربىتىڭلارنى تەييار قىلدىم.
ئىسرىق سالدىم كۆچۈڭلار! كېتىڭلار!
چوڭ بۇلاقلارغا كۆچۈڭلار!
كونا مەسچىتلەرگە كۆچۈڭلار!»[19]

دىمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكىس ئەتكەن «جىن قان ئىچىدۇ» دېگەن قاراش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئانىمىزم ۋە شامانىزم ئەقىدە ـ قاراشلىرىدىكى جىن ئىشەنچلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دىيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، جىن ئادەم يەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىرقىسىم سېھىرلىك چۆچەكلەردە، يالماۋۇز ۋە دىۋىلەرنىڭ ئادەمنىڭ گۆشىنى ئوزۇقلۇق قىلغانلىقى، دىۋىلەرنىڭ ئادەملەرنى يالماپ يۇتقانلىقىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئەقىللىق باتۇر»، «ئۇچ يولۋاسلىق ئادەم ۋە يالماۋۇز»، «تايغان بىلەن بۈركۈت»، «چۈشۈن قانداق پەيدا بولغان؟» ناملىق چۆچەكلەردە، يالماۋۇزنىڭ پۈتۈن شەھەردىكى جانلىقلارنى يەپ، شەھەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بۇددا دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقى «چاستانى ئىلىگ بەگ» داستانىدا، ئۇچ كۆزلۈك ئالۋاستى(يەك)نىڭ ئادەملەرنى ئېزىق چىشلىرىدا چايناپ يېگەنلىكى توغرىسىدا بايانلار بار. بۇ بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئوزۇقى «ئادەم» دەپ قارالغانىدى. دىمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردا ئەكىس ئەتكەن «جىن ئادەم يەيدۇ» دېگەن

www.kitaphumar.com

قاراش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مانى ۋە بۇددا دىنى ئەقىدە قاراشلىرىدىكى جىن ئىشەنچلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆچىنچى، جىن ئاش-تاماق يەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە جىن ئاش-تاماق يەيدۇ دەيدىغان قاراش بار. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەردە جىنمۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئاش-تاماق يەيدۇ. يېزا-قىشلاقلاردا ياشقا چوڭ ئاياللار ئۇششاق بالىلار كۆپ بارىدىغان يالغۇز دەرەخنىڭ تۆۋىگە، ئەسكى تاملىق يېنىغا، چوڭ يوللارنىڭ بويىغا، «بالىلارغا جىن ئاپەت ئۇرمىسۇن» دەپ پۇچۇق قاچا، سۇنۇق قوشۇق بىلەن ئاش-تاماقلارنى ئاپىرىپ قويۇپ قويىدىغان ئادەتلەر بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جىن-ئالباستىلار تاماق يېگەندىن كېيىن ئۇششاق بالىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بالىلار ئاۋاق كېسەللىك بولغاندا، كىشىلەر شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئاۋاق ئېشى يەنى جىن ئېشى ئېتىپ، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ قارىشىچە، جىن ئېشنى جىنلا يېگەندىن كېيىن، رازى بولۇپ بالىنىڭ تېنىدىن چىقىپ كېتىدىكەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە «شەيتاننى تۇپا يەمسەن دىسە، يېغى(مېيى) بارمۇ دەپتۇ» دېگەندەك، ماقال-تەمسىللەر بار. بۇنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، جىن-شەيتانلار ياغ يېيىشكە ئامراق ئىدى. ئادەتتە ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارمۇ پىرە ئويۇنىدا قىرىق تال ياغ چىراق ياسايدۇ. پىرە قوشاقلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى توغرىسىدا بىرقىسىم مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن،

«زىغىر يېغى يېگەنلەر،
ھەر خىل كىيىم كىيگەنلەر،
تۆتتۆنى يوق ئوتلۇقلار،
ئېپار بۇيلۇق دۆ-پىرى.»[20]
※※※※※※※※
«ماكانىڭدۇر ئېگىز تاغ،
ئېلىپ كەلدىم گۆرۈچ-ياغ،
ئالتۇن ئوغلاق، قارام باغ،
قارا كىيىملىك دۆ-پىرى.
ھەيدەر كىيىم كىيگەنلەر،
زەپەر يېغى يېگەنلەر،
ئېگىز تاغقا چىققانلەر،
سېرىق چاپانلىق دۆ-پىرى.
ئالتۇن ئىكەن كېپىشلىرى،

www.kitaphumar.com

ئۈنچە-مارجان چىشلىرى،
تۈزسىز ئىكەندۇر ئاشلىرى،
بەرھەم يۇزلۇك دۆ-پىرى.»[21]

بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىغا ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەرگە ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلار ئۇن، كېپەك، گۆرۈچ، زىغىر ۋە زەپەر قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ.

ئۆتىنچى، جىن سۆڭەك يەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خاس بولغان جىن توغرىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە، «جىن-ئالباستىلار سۆڭەك يەيدۇ» دەپ قارىلىدۇ. بۇ قاراش يۇقارقى بىر ھەدىسنى ئۆزىگە كېلىش مەنبەسى قىلغاندى.

ئىبنى مەسئود(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيسالام بىلەن بىرگە تۇراتتۇق، بىر كېچىسى ئۇنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى جىلغىلاردىن ۋە تاغ يوللىرىدىن ئىزدىدۇق(تاپالمىدۇق)، (ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يوقلىپ كەتكەنلىكىدىن) دۈشمەنلەر يۇشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ دېيىشىپ قالدۇق. بۇ كېچە (بىز مۇسۇلمان) قەۋم ئۈچۈن ئىنتايىن يامان(تەس) ئۆتكەن كېچە بولدى. تاڭ يورىغاندا ئۇ زاتىھىرا (ئۆڭكۈرى) تەرىپىدىن كەلدى.» ئىبنى مەسئود مۇنداق دەيدۇ: «بىز ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىلىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئىزدەپ يۈرۈپ، ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. بۇ كېچە (بىز مۇسۇلمان) قەۋم ئۈچۈن ئىنتايىن يامان(تەس) ئۆتكەن كېچە بولدى› دېدۇق.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«قىشىمغا جىن-ئالباستىلارنىڭ داھىيسى كەلگەنىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردىم.» ئىبنى مەسئود مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى (بارغان يېرىگە) باشلاپ باردى، ئۇ جىن-ئالباستىلارنىڭ ئىزلىرى ۋە ئۇلار قالغان ئوتلارنىڭ ئىزلىرىنى بىزگە كۆرسەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى توغرىسىدا سوئال سورىغانىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاپ بىرىپتۇ: ‹ئاللاھنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ بوغۇزلانغان ھەرقانداق گۆشنىڭ سۆڭىكى قوللىرىڭلارغا تۈلۈق گۆش بولۇپ چۈشىدۇ، تېزەك-ماياق ئۇلاغلىرىڭلارغا ھەلەپ بولسۇن.› شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ‹بۇ ئىككىسى بىلەن(سۆڭەك، تېزەك-ماياق) بىلەن تاھارەت ئالزلىماڭلار! بۇ ئىككىسى سىلەرنىڭ (جىن-ئالباستىلاردىن بولغان) قېرىنداشلىرىڭلار(ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرى)نىڭ ئوزۇقىدۇر› دېدى.» [22]

ئابۇللا ئىبنى ئۆمەر(ئاللاھ ئۇنىڭىن رازى بولسۇن) ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:‹سىلەرنىڭ بىرىڭلار (تاماق) يىسە، ئوڭ قولى بىلەن يىسۇن. (ئىچىملىك) ئىچمەكچى بولسا، ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، شۇنىڭ ئۈچۈنكى شەيتان شۇبھىسىزكى سول قولى بىلەن يەيدۇ، ئىچىدۇ.›»[23]

www.kitaphumar.com

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى مەنبە قىلغان جىن توغرىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە، سۈڭەك جىننىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى بولۇپ، جىن-ئالباستىلار ئادەتتە سول قولى بىلەن تاماق يەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سول قول بىلەن تاماق يېگەن ئادەمنى يامان كۆرىدىغان قاراشلار مەۋجۇت ئىدى.

بەشىنچى، جىن-ئالباستىلار خۇشپۇراق نەرسىلەرگە ئامراق كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار خۇشپۇراق نەرسىلەرگە ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار جىن بار دەپ قارىغان يەرلەرگە ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، خۇشبۇي نەرسىنىڭ پۇرىقى جىن-ئالباستىلارنىڭ ئوزۇقى، خۇشبۇي نەرسىدە جىن بار جايغا ئىسرىق سالسا، جىن-ئالباستىلار خۇشبۇي نەرسىدىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە ئىسرىق سالغۇچىدىن رازى بولۇپ كۆچۈپ كېتىدۇ ياكى كىشىلەرگە زىيان سالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار پال ئېچىش، كېسەل داۋالاش ۋە سېھرگەرلىك قىلىش مۇراسىم-پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئارچا ياغىچى، ئادراسمان، گۈلرەيھان...قاتارلىق خىلمۇ خىل نەرسىلەردە ئىسرىق سالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ يىغىنلىرى(جىنلىرى) ئىسرىقنىڭ ھىدىنى پۇرىغان ھامان ھەممىسى يىغىلىپ كېلىدىكەن. دېمەك، ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ئىسرىق سېلىشتىن مەقسىدى جىن چاقىرىش ئىدى. بۇ خىل چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پەرە قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن:

«ئەزەمتۇئەلەيكوم دىۋىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكوم پېرىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكوم جىنلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكوم شاياتۇنلەر،
سېنىڭ بارلىڭ مېنىڭ بىلەن،
سېنىڭ ھەققىڭدە ئارچا ۋە كۆجىدە بۇي سالدىم،
199 تۇغلۇق لەشكىرى بىلەن،
قازى-مۇپتى پېرى يىغىلىپ-يىغىلىپ،
جەم-جەم بولۇپ،
ئەسنەپ-ئەسنەپ ھازىر بولۇڭلەر يا مەلئۇنلەر!
ئەزەمتۇ ئەلەيكوم دۆ-پېرى،
ئۇمموۇسسەبىيان(ئايال دىۋە) ئەرمىيى.
ئەرۋاھى كەبى شاياتۇن،
دۈت بىلەن يادى قىلدىم سېنى.»[24]

www.kitaphumar.com

※※※※※※※※※

«سىنىڭ بارلىڭ مېنىڭ بىلەن،
مېنىڭ باغرىم سىنىڭ بىلەن،
سىنىڭ ھەققىڭدە ئارچا ۋە كۆجە بىلەن،
ئىپار ۋە زەپىران بىلەن بۇي سالدىم.
تۈمەن مىڭ لەشكىرى بىلەن يۈرگۈچى،
يەتتە قازى، يەتتە مۇپتىسى بىلەن،
ئالتۇن باشلىق ئاي پىرى،
كۈمۈش باشلىق كۈن پىرى،
ئۇمۇسسەبىيان(ئايال دىۋە) ئەۋلادى،
دۆ-پىرىلەر پادىشاھى،
ھۆرلىقانىڭ ھۆرى بىلەن،
زەپە-كۈجىنىڭ بۇيى بىلەن،
ھەزرىتى ئىبلى شايىمەردانىنىڭ دېمى بىلەن،
ھازىر بولۇڭلەر يا مەلئۇنلەر!»[25]

يۇقۇرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلار خۇشبۇي نەرسىلەرنىڭ ھىدىغا ئامراق ئىدى.

## 6.جىن-ئالباستىنىڭ تۇرار جايى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىننىڭ تۇرار جايى توغرىسىدىمۇ ناھايىتى كونكرېت چۈشەنچىلەر بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا، ئەسكى تاملىق يېنىدا، كونا مازارنىڭ ئىچىدە، كونا تۈگمەن بويىدا، يالغۇز دەرەخنىڭ يېنىدا، ئەخلەت تۆككەن يەرلەردە، قان ئېقىتقان ئورەكلەردە جىن بولىدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پىرە قوشاقلىرىدىمۇ جىن-ئالباستىلارنىڭ تۇرار جايلىرى توغرىسىدا يۇقارقىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«تاغدا بولساڭلار،

www.kitaphumar.com

چاققان كېلىڭلار!
باغدا بولساڭلار،
تىنماي كېلىڭلەر!
كونا خامانلاردا بولساڭلار،
تۇرماي كېلىڭلار!
كونا ئالچۇقلاردا بولساڭلار،
تۇرماي كېلىڭلار!
يالغۇز تاغلاردا بولساڭلار،
تۇرماي كېلىڭلار!»[26]

※※※※※※※※

«ئۇلۇغ مازاردا شەھرىڭلار،
شەھەر بازار قىبلىسىدە،
ماكانىڭدۇر دۆ-پىرى.
يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە،
كونا تۆگمەن ئورنىدا،
ئۇلۇغ كۆۋرۈك تىگىدە،
ئاپەت ئۇرغان دۆ-پىرى.
ئۇلۇغ يولنىڭ ئۈستىدە،
كۆل ئېرىقنىڭ بويىدا،
گورىستانلىق بېشىدا،
ماكانىڭلار دۆ-پىرى.
ئەخلەت، كۈل تۆككەن يەرلەردە،
چاھار پاي قويغان ئېغىللاردا،
قان تۆككەن گوداڭلاردا،
ئاپەت ئۇرغان دۆ-پىرى.
توققۇز يولنىڭ بېشىدا،
ئۇلۇغ سۇنىڭ بويىدا،
گورىستانلىق بېشىدا،
ماكانىڭلار دۆ-پىرى.»[27]

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، يۇقۇرىقى پەرە قوشاقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان يالغۇز تاغ، ئېگىز تاغ، باغ، كونا ئالچۇق، كونا خامان، ئەسكى تاملىق، كونا مازارلىق، كونا تۈگمەن، يالغۇز دەرەخ، ئەخلەت تۆككەن يەرلەر، قان ئېقىتقان ئورەكلەر، ئۇلۇغ سۇنىڭ بويلىرى، چوڭ كوچىنىڭ بويلىرى جىن-ئالباستىلارنىڭ تۇرار ماكانى ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يالغۇز تاغ، ئېگىز تاغ، باغ، كونا ئالچۇق، كونا خامان، ئەسكى تاملىق، كونا مازارلىق، كونا تۈگمەن، يالغۇز دەرەخنىڭ يېنى قاتارلىق جايلاردا يالغۇز ئۇخلاپ قالسا، جىن چاپلىشىدۇ»، دېيدىغان ئادەت-قاراشلار مەۋجۇت.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە «سېدە-قارىياغاچتا جىن بار» دېيدىغان قاراش بار. ئادەتتە يېزىلاردا كىشىلەر بەك يوغىناپ كەتكەن قارىياغاچلارنى كەسمەيدۇ. ئەگەر كېسىش توغرا كەلسە، شۈيەردە خەتمە قۇرئان قىلىپ، جانلىق بوغۇزلاپ، سەدىقە قىلىپ، قارىياغاچتىكى جىن-ئالباستىلارنى كۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى كېسىدۇ. ئەگەر جىن-ئالباستىلارنى كۆچۈرمەي تۇرۇپ كەسسە، جىن دەرەخنى كەسكۈچىلەرگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ «دۈشمىنىڭنى ئۆيىڭگە يۈلاتما، قارىياغاچنى بېغىڭغا يۈلاتما» دىگەندەك مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «جىنلىق جۇجەم» قارىشى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئادەتتە مىۋە بەرمەيدىغان يالغۇز ھەم يوغان ئەركەك جۈجەمدە ۋە يالغۇز ھەم يوغان قارا جۈجەمدە جىن بار دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يالغۇز ھەم يوغان سۆگەتتە ۋە سېدە-قارىغاشتىمۇ جىن بار دەپ قارىلىدۇ. ئاقسۇ، ئاۋات رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار يالغۇز ھەم يوغان جىگدە دەرىخىدە جىن بار دەپ قارايدۇ. خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار يالغۇز ھەم يوغان ياڭاق دەرىخىدە جىن بار دەپ قارايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇششاق باللارغا جىننىڭ ئاپىتى تېگىدۇ دەپ، ئۇلارنى بۇنداق دەرەخلەرنىڭ يېنىدا ئويناشقا يول قويمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەخلەت تۆككەن يەرلەردە ۋە قان ئېقىتقان ئورەكلەردە جىن بار دەپ قارايدىغان بولغاچقا، بۇنداق جايلارغا چوڭ كىچىك تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ، كۆل تۆكۈشكە بولمايدۇ، قالايمىقان دەسسەشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۇنداق جايغا، يۇقارقى پەرھىز قىلىنغان ئىشلارنى قىلسا، جىن-ئالباستىلار ياكى جىن-ئالباستىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە زەخمەت يېتىپ قالسا، جىن شۇ ئادەمدىن ئۆچ ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدىكى جىننىڭ تۇرار جايى توغرىسىدىكى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلارمۇ ئۆز ئىچىدىن بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، تۇرىدىغان جايىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. جىن-ئالباستىلار ئاساسەن ئادەم بار جايلاردا بولىدۇ. شەيتان بولسا، ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار. سەفىيە

www.kitaphumar.com

بىننى ھۆيەيىيە(ئاللاھ ئۆنىڭىن رازى بولسۇن) ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹شۇبھىسىزكى، شەيتان ئادەم ئەۋلادىنىڭ قان ئاقالايدىغان تومۇرلىرىدا ئېقىپ يۈرىدۇ›.»[28]

يۇقۇرقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەقىدە-ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلارنىڭ تۇرار-جايى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

7.جىن-ئالباستىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش توپ-توپ بولۇپ ياشايدىغان بولۇپ، ھەر بىر توپىنىڭ ئۆزىگە خاس تەشكىلى قۇرۇلمىسى بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدىكى جىن-ئالباستىلارنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن.

بىرىنچى، جىن-ئالباستىلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلارنىڭمۇ ئەر ۋە ئاياللىرى بولىدۇ. جىن-ئالباستىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال بولىدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار جىن چاپلاشقان كىسەللەرگە پال ئاچقاندا، «ئەرلەرگە ئايال جىن چاپلىشىپتۇ، ئاياللارغا ئەر جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلار ئەر ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى جىنسقا بۆلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلارنىڭ ئەر ۋە ئاياللىرى ئۆز-ئارا توي قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ۋە خوتۇن-بالىلىرى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئادەم بارمايدىغان جايلاردا، كونا يوللاردا، ئېتىز-باغلاردا يۆتكىلىشچان كىچىك-كىچىك قۇيۇنتاز پەيدا بولسا، بۇنى «جىن-ئالباستىلارنىڭ توي مۇراسىمى» ياكى «جىن-ئالباستىلار توي كۆچۈرۈۋاتىدۇ» دەپ قارايدىغان ئادەتلەر بار. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار بەزى نىكاھ-بەختى ئېچىلمىغان قىز-يىگىتلەرگە پال ئاچقاندا، «مەلۇم بىر كۈنى، مەلۇم بىر جايدا بىلمەستىن جىن-ئالباستىلارنىڭ تويى بولۇۋاتقان جايدا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن جىن-ئالباستىلار غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ بەختىنى توسۇپ قويۇپتۇ» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلارمۇ توي قىلىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسى بولىدۇ.

ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار بەزى بىر قىسىم ئاۋاقلىق كېسەلى، كېچىسى جۆيلۈپ ياتالمايدىغان قورقۇنچاقلىق، تۇتقاقلىق كېسەلى ۋە ساراڭلىق كېسەللىرىگە پال ئاچقاندا، «ئۇقۇشماي جىننىڭ بالىسىنى دەسسەپ زەخمىلەندۇرۇپ قويۇپتۇ ياكى قىزىق كۆل ياكى

www.kitaphumar.com

قايناقسۇلارنى تۆككەندە، جىننىڭ بالسىپنىڭ بېشى ياكى بەدىنى كۆيۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن جىننىڭ ئاتا-ئانىسى بۇنىڭغا چىدىماي، ئاپتىنى ساپتۇ» دەپ تەبىر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كۆلنى ۋە قىزىق سۇلارنى ئەخلەت بار جايغا تۆكمەيدىغان ئادەتلەر ساقلانغانىدى.

بىرىنچى ھېكايە: «مەن بەش ياش ۋاقتىمدا، ئاتام-ئاپاملار بىلەن بىللە ئېتىزلىققا بېرىپ، ئۇلار ئىشلەۋاتقان يەرنىڭ ئەتراپىدا سەكرەپ ئوينىغانىدىم. شۇ كۈنى ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ، كېچىسى بېشىم ئاغرىپ ئۇخلىيالمىدىم. ھەر كۈنى كەچتە ئاپام-ئاتاملا بېشىمنى بېسىپ يېنىمدا ئولتۇرىدىغانىدى. بۇ ئىش ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپام مېنى مەھەللىدىكى سائادەتخان موللىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. ئۇ موللا مېنى بىر يەردە سەكرەپ ئويناۋېتىپ غايىپلارنىڭ بالسىپنىڭ بېشىنى دەسسەپ يارىلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇڭا شۇ غايىپلار ئۆچ ئېلىپ بۇ قىزنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ، دېدى. ئاندىن ئاپامغا سىلى بۇ قىزنى ئاشۇ غايىلارنىڭ بېشىنى دەسسىۋالغان جايغا بىللە ئېلىپ چىقسىلا، بىر ئايەت بار بۇ قىز شۇ ئايەتنى ئوقۇسۇن، ئۆزلىرى غايىلارنىڭ ھەققىدە دەپ شۇ جايغا داستىخان سېلىپ قويسىلا، قايتىپ كېلىپ، شۇ كۈنى كەچتە، ئۈچ تۇخۇمنى چېقىپ، ئېقىنى غايىلارغا سەدىقە قىلىپ، سېرىقى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى تەڭلىسىلە، دېدى. ئاندىن ماڭا شۇ ئايەتنى ئۆگىتىپ قويدى، ھازىر ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپام بىلەن چىقىپ، ئۇ يەرگە داستىخان سالدۇق. ئاپام شۇ ئايال دېگەندەك بېشىمنى تەڭلەپ قويدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېشىمنىڭ ئاغرىقى ساقىيىپ قالدى.»[29]

ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى ئەر(ئاتا)جىن، ئايال(ئانا)جىن ۋە بالا جىن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

ئىككىنچى، جىن-ئالباستىلارنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار توپ-توپ ياشايدىغان بولۇپ، ھەر بىر توپنىڭ ئۆزىگە خاس تەشكىلى قۇرۇلمىلىرى بار ئىدى. جىن-ئالباستىلار يەتتە چوڭ قەۋمگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن پادىشاھلىقى بار ئىدى. پادىشاھلىق ئىچىدە پادىشاھ، ۋەزىر، سەركەردە، لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار بار ئىدى. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار دائىم تىلغا ئالىدىغان يەتتە سۇلتان دەل شۇ جىن-ئالباستىلارنىڭ يەتتە پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ قولىدا ئېقىپ يۈرگەن «جىن ۋە ئارھات» ناملىق كىتاپتا جىن قەۋمى توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك بايانلار ئۇچرايدۇ. «بىر كۈنى غاردا ئىستىقامەت قىلىۋېتىپ، مۈلۈكى-سەبئە، ھەپتە خوجايى بۇزرۇكلار بىلەن بىر سورۇندا بولدۇم. ئۇلاردىن جىن-ئالباستىلارنىڭ تۈرلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئادىمزاتقا بولىدىغان تەسىرلىرىدىن ساراڭلىق، قېقىۋېتىش، پالەچلىك قاتارلىق ئەھۋاللاردىن سورىدىم. ئۇلار:-دۇئا-دەئۋەت بىلەن بىزنى بوي ئەگدۈرۈپ بوزەك قىلمايدىغان بولساڭ، سېنىڭ قېشىڭغا ھەرگىزمۇ كەلمەيتتۇق. سەن بىلەن

www.kitaphumar.com

ئارىمىزدا ھەمكارلىق توختىمى بولمىغان بولسىيدى، ساڭا ھېچ نەرسە دەپ بەرمەيتتۇق، دېدى. مەن ئۇلارغا: ـجىن ـئالباستىلارنىڭ قەبىلىلىرى ئىچىدىن ئەڭ مۆتىۋەر ئالىملىرىنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار! ئۇلاردىن جىن ـئالباستىلارنىڭ سېھرىي تۈرلىرى ۋە ئۇلاردىن قوغدىنىشنىڭ تەدبىرلىرىنى سورايمەن، دېدىم. ئۇلار مېنى ئىسمائىل كاتىپ ئىسىملىك بىرسى بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇ كىشى ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ كاتىپى ھەم ۋەزىرى ئىكەن. بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، ئىسمائىل ماڭا مۇنداق دېدى: ـھەي ھاجىنىڭ ئوغلى، مەندىن پايدىلىق بىلىم ئالاي دېسەڭ گېپىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغىن. ئادەمگە زىيان سالىدىغان، ئادەمنى بوغىدىغان تۈرلىرىنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەتمىش تۈرلۈك گورۇھنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ھەر بىر گورۇھنىڭ ئىچىدە يەتمىش مىڭ قەبىلە بار. ھەر بىر قەبىلىدە يەتمىش مىڭ جىن بار. ئەگەردە ئاسماندىن يىڭنە چاغلىق بىر نەرسىنى يەرگە تاشلىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ يەرگە چۈشمەيدۇ... مەيمۇن زەنگى قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆڭگى قارا كېلىدۇ. ئەئىۋان(چاكار)لىرى قىزىل كىيىملىك، ئەسكەرلىرى ئاق كىيىملىك كېلىدۇ.»[30]

ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پەرە قوشاقلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئەزەمتۇئەلەيكۇم دىۋىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم پېرىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم جىنلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم شاياتۇنلەر،
سېنىڭ بارلىق مېنىڭ بىلەن،
سېنىڭ ھەققىدە ئارچا ۋە كۆجىدە بۇي سالدىم،
199 تۇغلۇق لەشكىرى بىلەن،
قازى-مۇپتى پېرى يىغىلىپ-يىغىلىپ،
جەم-جەم بولۇپ،
ئەسنەپ-ئەسنەپ ھازىر بولۇڭلەر يا مەلئۇنلەر!»[31]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلارنىڭ يەتتە چوڭ پادىشاھلىقى بار، ھەر بىر پادىشاھلىقتا يەتمىش تۈرلۈك گورۇھ بار، ھەربىر گورۇھتا 70 مىڭ قەبىلە بار، ھەر بىر قەبىلىدە 70 مىڭ جىن بار ئىدى. ھەر بىر پادىشاھلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا، پادىشاھى، ۋەزىر-دانىشمەنلىرى، قازى، مۇپتىسى، سەركەردە، ئەسكەرلىرى ۋە پۇقرالىرى بار ئىدى.

www.kitaphumar.com

## 8.جن ـئالباستىنىڭ خاراكتېرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار خاراكتېرىگە ئاساسەن ياخشى جىن ۋە يامان جىن دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. ياخشى جىن-ئالباستىلار ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان، ياخشىلىق قىلىدىغان، زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان جىن-ئالباستىلارنى كۆرسىتىدۇ. يامان جىن-ئالباستىلار بولسا، ئىنسانلارغا ئاپەتنى سېلىپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان، جاھىل جىن-ئالباستىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قارا كىيىملىك ياكى ئۆڭگى قارا، ئادەمگە ئوخشىمايدىغان جىن-ئالباستىلارنى يامان جىن، ئاق كىيىملىك ياكى ئۆڭگى ئادەمگە ئوخشايدىغان جىن-ئالباستىلارنى ياخشى جىن دەيدىغان قاراش بار. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار پال ئېچىش، كېسەل داۋالاش، سېھىرگەرلىك قىلىش قاتارلىق مۇراسىم-پائالىيەت جەريانىدا ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان جىن-ئالباستىلارنى «پېرىلەر» ياكى «يىغىنلار» يەنى ياخشى جىن دەپ ئاتايدۇ. كىشىلەرگە ئاپەتنى سېلىپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان، جاھىل جىن-ئالباستىلارنى بولسا، «جىن-ئالباستى» يەنى يامان جىن دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن:

«تاغدىن تاغقا ئۇچقانلار،
ھېكمەت ئېيتىپ يۈرگەنلەر،
ئالا بالداق ئەلەملىكلەر،
ياخشى سۈپەتلىك دۆ-پېرى.»[32]

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى ئاساسىدىكى ئىشەنچلىرىدە مۇسۇلمان جىن-ئالباستىلار ئاساسەن كىشىلەرگە يامانلىق قىلمايدىغان ياخشى جىن-ئالباستىلاردۇر. غەيرى مۇسۇلمان(كاپىر) جىن-ئالباستىلار بولسا، كىشىلەرگە ئاپەتنى سېلىپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان يامان جىن-ئالباستىلاردۇر. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، جىن-ئالباستىلارنى ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارىغاندى.

## 9.جىن ـئالباستىلارنىڭ كۈچ ـقۇدرىتى

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار تەبىئەتتىن ھالقىغان سىرلىق كۈچ قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. جىن-ئالباستىلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن .

بىرىنچى، جىن-ئالباستىلار تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرىدىكى جىن-ئالباستى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلار تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە دىۋىلەر تاغلارنى بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىيەلەيدىغان، تاغلارنى تالقان قىلالايدىغان كۈچ قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە دىۋىلەر بۇلۇتلارغا مىنىپ ئاسماندا ئۇچالايدىغان، دەريا-سۇدا ئۈزەلەيدىغان، ئۈچ يىللىق يولنى بىر كۈندە باسالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل ئىشەنچلەر ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پىرە قوشاقلىرىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن:

«ئەزەمتىلەيكۈم، يادىۋىلەر،
يا جىنلەر، يا پىرىلەر!
ئىلىغا چىققانلەر،
بۇلۇتقا مىنگەنلەر،
چىمەننى سالغۇچىلەر،
دەريانى كەچكۈچىلەر.»[33]

※※※※※※※※

«بۇلۇت ئۈستىدە يۈرگەنلەر،
ئارغىماق ئاتقا مىنگەنلەر،
دەريا كېزىپ يۈرگەنلەر،
گۆھەر كۆزلۈك دۆ-پىرى.
تەختى سۇلايمانغا بارغۇچىلار،
شاھ-شاھىستاندا تۇرغانلار،
ئۈچ يىللىق يولنى سائەتتە باسقۇچىلار،
جورجۇلۇس ئاتلىق دۆ-پىرى.
كۆكتىن-كۆككە ئۇچقانلار،
ھاۋادا ئويناپ يۈرگەنلەر،

www.kitaphumar.com

ئېگىز تاغقا چىققانلار،
ئاق ئۆيلۈك دۆ-پېرى.»[34]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلار تاغلارنى تاللاپ قىلالايدىغان، بۇلۇتلارغا مىنىپ ئاسماندا ئۇچالايدىغان، دەريا-سۇدا ئۈزەلەيدىغان، ئۇچ يىللىق يولنى بىر كۈندە باسالايدىغان، تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

ئىككىنچى، جىن-ئالباستىلار ئادەملەرنى ئۆلتۈرەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرىدىكى جىن-ئالباستى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، جىن-ئالباستىلار ئادەملەرنى ئۆلتۈرەلەيدىغان كۈچ قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «چىن تۆمۈر باتۇر»، «كەنجى باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەردە يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئادەملەرنى تۇتۇپ كېلىپ، قېنىنى شوراپ ئۆلتۈرىدۇ. سېھرلىك چۆچەكلەردە دىۋىلەرمۇ ئادەملەرنى خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. «چاستانى ئىلىگ بەگ»دە ئۇچ كۆزلۈك ئالۋاستى كىشىلەرنى چايناپ ئۆلتۈرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلار ئادەم ئۆلتۈرەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

ئۈچىنچى، جىن-ئالباستىلار سېھرى قۇۋۋەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلار سېھرى قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ بارلىق سېھرىگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى جىن-ئالباستىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنى «جىنكەش» (جىن-ئالباستىلار بىلەن ھەپىلەشكۈچى) دەپ ئاتايدۇ.

جىن-ئالباستىلارنىڭ سېھرىگەرلىك مۇراسىم-پائالىيىتىدىكى رولى توغرىلىق «جىن ۋە ئارھات» ناملىق كىتاپتا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. «رىيازەتتە ئولتۇرغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، جىن-ئالباستىلارنىڭ بىر پادىشاھى «دەھمۇشىل ئىپرىيىت» بىلەن دوستلىشىپ قالدىم. ئۆز-ئارا خىزمەت قىلىشىش ئۈچۈن ئەھدى-پەيمان قىلىشقاندىن كېيىن، بەزى مەسىلىلەر توغرىلىق ئۇنىڭدىن سوئال سورىماقچى بولدۇم. ھەمدە يالغان سۆزلىمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ، ئەھدى سۇلايمان قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ تەلىپىمنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، سوئالىمنى سورىدىم. سېھرىگە مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ ئالامەتلىرى قانداق بولىدۇ؟ مەن سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: -سېھرى قىلىنغۇچى 30 تۈرلۈك گورۇھ(ئارھات)نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: -سىز قولۇڭىلانغان بىر ئۆيدىن بىرەر نەرسىنى ئالماقچى بولسىڭىز، ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى نەرسىنى ئالالامسىز؟ ياكى بەدىنىڭىزگە ئوق ياكى يىڭنە چاغلىق بىر نەرسە كىرىپ كەتكەن بولسا، سىز ئوق ياكى شوخىنى ئالمىسىڭىز، بەدىنىڭىز ساقىيامدۇ؟ -ياق. دەپ جاۋاپ

www.kitaphumar.com

بەردىم. ئۇ مۇنداق دېدى: ـ ھەي ھاجىنىڭ ئوغلى(مۇئەللىپنى دېمەكچى) ئارھاتنى بىلەي دېسىڭىز ھەقىقەت ھەممىدىن ئۈستۈن، تىرىشچانلىق ئەڭ مۇھىم (ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىش).

بىرىنچى ئارھات: بۇ ئەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئاياللار ئۆچ قىلىشىدۇ. ئۇ كىشى سېھىرگە مۇپتىلا بولۇشتىن بۇرۇن بىر-بىرىگە ھەرقانچە مېھرىبان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئائىلە ئەزالىرىغا ئۆچ قىلىشىدۇ.

ئىككىنچى ئارھات: ئاياللارغا تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئېرىگە ئۆچ قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن سەسكىنىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئاياللارغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ نىكاھلىنىش يوللىرىنى توسۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى ئويلىسىمۇ، تېزلا مېھرى يېنىپ كېتىدۇ. قىز بالىلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ، بەختىنى يوق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم يېقىن يولىمايدىغان، ئۇنىڭدىن يىراققا قاچىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

ئۈچۈنچى ئارھات: سېھرى قىلىنغا ئائىلىدە ئۇلاغ ۋە مال-دۇنيا ئاينىمايدۇ. قوي قاتارلىق چارۋىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۆللىرىنى نابۇت قىلىدۇ.مەن ئۇنىڭدىن سېھىرنىڭ جانلىقلارنى ئۆلتۈرەلىگۈدەك كۈچى بولامدۇ؟-دەپ سورىدىم. دەھمۇش شۇنداق دېدى: -ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن قەسەمكى، بىرەر ئىگىلىنىپ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. چارۋىلارنىڭ بوغۇملىرىغا تەسىر قىلىدۇ. ساغلىقلارنىڭ بالا ياتقۇلىرىغا زەخمەت يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قورسىقىدىكى تۆرەلمىلەر چۈشۈپ كېتىدۇ.

تۆتىنچى ئارھات: كالىغا تەسىر قىلسا، ئۇنىڭ سۈتى ئازلاپ قالىدۇ. قېتىق ئۇيۇتسا، قېتىقنىڭ يۈزىدە قايماق تۇتمايدۇ. ئەمما ئىشەك، خېچىر ۋە ئاتلاردا يۇقارقى ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ كۆز تەككەنلىكنىڭ، چەتنىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئۇلاغلارغا شاياتۇنلارنىڭ سېھرىسى تەسىر قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن تەۋىز قىلىش لازىم.

بەشىنچى ئارھات: ئادەم ئەۋلاتلىرىغا قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاينىمايدۇ، نەسلى كۆپەيمەيدۇ.

ئالتىنچى ئارھات: كىچىك بالىلارنى نابۇت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوسىقى ئېسىلىپ، سۇسىزلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

يەتتىنچى ئارھات: سۇنبۇلە ئېيىدا، سەيشەنبە ياكى جۈمە كۈنى ئايال زاتىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئۇنىڭغا سېھرى قىلسا، بۇ ئايال كىشى قىزلا تۇغىدۇ.

سەككىزىنچى ئارھات: يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەرنى جۆرىسىگە ئۆچ قىلىدۇ.

www.kitaphumar.com

توققۇزىنچى ئارھات: ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىغا يارىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەرلەرنىڭ بوغۇملىرىدا كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

ئونىنچى ئارھات: ئاياللارنىڭ جىنسى ھەۋىسىنى يوقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئون بىرىنچى ئارھات: ئاياللارغا قىلىنغان بولسا، بۇنداق ئاياللار بىر نىكاھدا توختىمايدۇ. ئەردىن چىقىپ، ئەرگە تېگىپلا يۈرىدۇ.

ئون ئىككىنچى ئارھات: سېھرى قىلىنغان ئايالنىڭ باش، قورساق قىسمىدا سۇ پەيدا بولىدۇ. چىرايى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، تۇغۇت ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. بۇنداق ئاياللار ئۆزىنى «تۇغماس ئوخشايمەن» دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ. لېكىن تۇغماس ئاياللار ئادەت كۆرمەيدىغان ئاياللاردۇر.

ئون ئۈچىنچى ئارھات: سېھرى قىلىپ ئەر-ئايالنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىۋېتىدۇ.

ئون تۆتىنچى ئارھات: بىر ئورۇندا پىتنە-پاسات ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

ئون بەشىنچى ئارھات: ئادەملەرنىڭ تېنىگە ئۇرۇپ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەدىنىدە ساقايماس، داۋاسىز كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

ئون ئالتىنچى ئارھات: مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىش، قەدرى-قىممىتىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئادەم باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ئاسانلا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئون يەتتىنچى ئارھات: مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

ئون سەككىزىنچى ئارھات: ئۆز يۇرتىدىن كۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

ئون توققۇزىنچى ئارھات: ھەر قانچە گۈزەل ئاياللارمۇ سېھرىگە مۇپتىلا بولسا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن، قىزىقىشىدىن مەھرۇم قالىدۇ، بەختى يانىدۇ.

يىگىرمىنچى ئارھات: سېھرى قىلىنغان ئادەملەرنىڭ چىرايى كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ، ئەقلى ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ.»[35]

ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار بارلىق كېسەللىكلەرنى جىن-ئالباستىلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى پىرە قوشاقلىرىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

«ئادەم ئوغلى-قىزىغا،
366 پارچە تومۇرىغا،
444 پارچە ئۇستىخىنىغا،

www.kitaphumar.com

كېسەل سالغان دۆ-پېرى.
يەتتە ئەزا ئارلىقىغا،
بەدەن باشى ئىچىگە،
ئۆچەي، يۈرەك، ئۆپكىسىگە،
نەشتەر ئۇرغان دۆ-پېرى.
پەيلىرىنى قورىغان،
بەدەن بېغىشىنى كۆيدۈرگەن،
ئەتلىرىنى سىزدۇرغان،
ئۇلكامچىدۇر دۆ-پېرى.
يۈزلىرىنى ئىشتىقان،
ئەقلىنى بىكار قىلغان،
باش كۆزىنى ئاغرىتقان،
شەقىق ئاتلىق دۆ-پېرى.»[36]

※※※※※※※

«ئەي دىۋىلەر!
ئەي پېرىلەر!
ئەي جىن-ئالباستىلار(ئەر جىنىستىكىلەر)!،
ئەي جىن-ئالباستىلار(ئايال جىنىستىكىلەر)!
ئەي ناپاك جىن-ئالباستىلار!
ئادەم ئوغلى قىزىغا چېپىلغان مەينەتلەر،
366 تومۇر، 444 پارچە سۆڭەك ئورنىدىن بولساڭلارمۇ كۆچۈڭلار! كېتىڭلار!»[37]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلار سېھرى قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، بارلىق سېھرگەرلىك پائالىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى جىن-ئالباستىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

## 10. جىن قورقىدىغان نەرسىلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستى ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە نەرسىدىن قورقىدۇ، بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق جىن-ئالباستىلارنى

www.kitaphumar.com

بويسۇندۇرغىلى ۋە ئۇلارنى خىزمەتكە سالغىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تونۇرىسىدىكى ئىشەنچلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن . خەلق ئارىسىدا جىن تۆۋەندىكى بىر قانچە نەرسىدىن قورقىدۇ.

بىرىنچى، جىن ئوتتىن قورقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «جىن ئوتتىن قورقىدۇ، ئوت بار جايغا يېقىن بارالمايدۇ» دېيىدىغان ئادەت-قاراش مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، مەيلى ياز ياكى قىشتا بولسۇن يالغۇز سەپەرگە چىقىپ، كېچىسى سىرتلاردا ئۇخلاش توغرا كەلسە، ئوخلاشتىن ئىلگىرى جىن-ئالباستىلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياتىدىغان جاينىڭ يېنىغا ئوت يېقىپ ئاندىن ئۇخلايدىغان ئادەت بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە، «جىن بار» دەپ قارالغان جايغا ۋە «جىن چاپلاشقان» ئادەمگە ئوت ئۈچۈق قىلىدىغان ئادەت بار. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پىرە ئويۇنىدىمۇ شامان بىمارنىڭ تىنىدىكى جىننى قوغلاپ كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن، پاختا ۋە قومۇش چىۋىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ بىمارنىڭ باش ۋە بەدەنلىرىنى ئۈچۈقدايدۇ. بۇنى باخشى-پېرىخونلار «ئوت ئۈچۈق» دەپ ئايدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار «جىن دېگەن ئوتتىن قورقىدۇ. بىمارنى ئوت بىلەن ئۈچۈقداپ ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان جىن-ئالباستىلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمىز» دەپ قارايدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە «جىن ئوتتى قورقىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىشەنچلەر قويۇق شامانىزملىق تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئوت قۇياش ئىلاھىغا سىمۋول قىلىنىپ چۈشىنىلىدۇ.

ئىككىنچى، جىن تىغلىق نەرسىدىن قورقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «جىن پىچاق، قايچا، كەتمەن قاتارلىق تىغلىق نەرسىلەردىن قورقىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن كىشىلەرگە جىن ئاپىتىنى سالالمايدۇ» دېيىدىغان ئادەت-قاراش مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن ياكى كېچىدە بولسۇن يالغۇز سەپەرگە چىققاندا، جىن-ئالباستىلارنىڭ ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېنىغا پىچاق ئېلىۋالىدىغان ئادەت بار. كېچىسى سىرتلاردا ئۇخلاش توغرا كەلسە ياكى ئۆيلەردە يالغۇز ئۇخلاش توغرا كەلسە، جىن-ئالباستىلارنىڭ ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ياستۇقنىڭ ئاستىغا پىچاق ياكى قايچا قويۇپ ياتىدىغان ئادەتلەر بار.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جىننىڭ قايچا-پىچاقتىن قورقىدىغانلىقى، جىننىڭ چېچىنى كېسىۋېلىش توغرىسىدا مۇنداق بىر ئەپسانە تارقالغان. «ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى بىر كىشى هويلىسىدا ئۇخلاي دەپ يېتىشىغا، جىن-ئالباستىلار كۆزلىرىگە كۆرۈنىپ، ئاغىل-تاغىل ئاۋاز چىقىرىپ، ئۇ كىشىنى ئۇخلىغىلى قويماپتۇ. بۇ ئىش ئۇدا بىر قانچە كۈن داۋاملىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر كۈنى كەچتە، ئۇ كىشى ياستۇقنىڭ تېگىگە بىر دانە قايچىنى قويۇپ يېتىپتۇ. جىن-ئالباستىلار يەنە كۆزلىرىگە خىلمۇ خىل هالەتتە كۆرۈنىپ، ئۇ كىشىنى ياتقۇزماپتۇ. شۇنداق

www.kitaphumar.com

قارىسا، چىچى ئۇزۇن بىر جىن كارۋىتىنىڭ يېنىدا تۇرغىدەك. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئاستا ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن قايچىنى چىقىرىپلا چاققانلىق بىلەن ھېلىقى جىننىڭ چىچىنى كېسىۋاپتۇ. ئۇ ئادەم قارىسا قولىدا بىر تۇتام چاچ تۇرغۇدەك. ئۇ بۇچاچنى دەرھال ئېلىپ كىرىپ قۇرئاننىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ھېلىقى جىنمۇ ئۇ كىشىنىڭ كەينىدىن كىرىپ قويغان جاينى كۆرىۋاپتۇ. ئۇ كىشى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جىن «قۇرئان كەرىم»نى ئاختۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ چىچى قىستۇرۇلغان بەت باشقا بەت بىلەن قوشۇلۇپ ئېچىلىپ كېتىپ، چىچىنى ئالالماپتۇ. ئۇ كىشى قايتىپ چىقىپ قارىسا، ھويلىدا جىن-ئالباستىلار كۆرۈنمىگىدەك. شۇنىڭ بىلەن، ئەمدى ئۇخلاي دەپ ياتسا، ھېلىقى چىچىنى كېسىۋالغان جىن يېنىغا كېلىپ، ئۇ كىشىگە «چىچىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى گەپ قىلماپتۇ. ئۈچ قېتىم يالۋۇرغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى جىنغا: ‹نېمىشقا ماڭا ئارام بەرمەيسىلەر؟› دەپتۇ. جىن ئۇ كىشىگە: ‹بىز ساڭا ئۇقۇشماي چېقىلىپ قويۇپتۇق، چىچىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ، بۇندىن كېيىن ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا چېقىلمايمىز› دەپتۇ. ئۇ كىشى جىندىن ‹شۇ بىر نەچچە تال چېچىڭ ئۈچۈن بۇنچىلىك يالۋۇرۇپ كەتتىڭ، چېچىڭ سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟› دەپ سوراپتۇ. جىن ئۇ كىشىگە مۇنداق دەپتۇ: ‹شۇنداق چېچىم مەن ئۈچۈن جېنىمدەكلا مۇھىم. بىزنىڭ پادىشاھىمىز ھەر كۈنى بىر قېتىم بىزنىڭ چېچىمىزنى سانايدۇ. ئەگەر بىر تال كام چىقىپ قالسا، بىزنى جازالايدۇ ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.› جىن ئۇ كىشىگە شۇنداق دەپ يېلىنىۋەرگەچكە، ئۇ كىشى جىننىڭ چېچىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. جىنغا دەپتۇ: ‹چېچىڭ ئۆيدىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ قېتىدا، ئۆزۈڭ ئېلىۋال› دەپتۇ. جىن ‹مەن ئالالمىدىم ئۆزۈڭ ئېلىپ بەرسەڭ دەپتۇ.› ئاندىن ئۇ كىشىگە يەنە يالۋۇرۇپ، ‹يەتمىش پۇشتۇڭغىچە چېقىلمايمەن› دەپ قەسەم-ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئۆزى كىرىپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ قېتىدىن جىننىڭ چېچىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. جىن مىڭلاپ رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن بۇ كىشىگە چېقىلمايدىغان بوپتۇ.» شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «جىن قايچا-پىچاقتىن قورقىدۇ. جىننىڭ چېچىنى كېسىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىشەنچلەر بارلىققا كەلگەن. ئادەتتە ئائىلىدە ئانىلار كىچىك باللار ئۇخلىغاندىمۇ، جىن-ئالباستىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قايچا ياكى پىچاقنى قويۇپ قويىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار جىندىن بولغان كېسەللەرنى مەخسۇس خەنجەر ئارقىلىق داۋالايدۇ. پىرە ئويۇنىدىمۇ شامان بىمارنىڭ بەدىنىنىڭ كېسەل بار جايىغا خەنجەرنى سۈركەيدۇ ياكى كۈچ بىلەن سالىدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار يەنە جىندىن بولغان بىر قىسىم كېسەللەرنى كەتمەن بېسىش ئارقىلىقمۇ داۋالايدۇ. يەنى شامان چوغدەك قىزىق كەتمەننى دەسسەپ بىمارنىڭ بەدىنىگە ئىسسىق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار پىرە

www.kitaphumar.com

قوشاقلىرىدىكى جىن قوغلاش قىسمىدا، بۇ خىل قاراشلار ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

«پولات پىچاق مەندە بار،
ئالماس ئوقلار مەندە بار،
مىسران قىلىچ مەندە بار،
ئېتىپ چاپارمەن دۆ-پىرى.
يەر يېرىگە يېتەلمەس،
قىلىچ تەككەن قۇتۇلماس.»[38]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە «جىن قايچا، خەنجەر، كەتمەن قاتارلىق تىغلىق نەرسىلەردىن قورقىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدا شەمشەر قاتارلىق تىغلىق نەرسىلەر چاقماق ئىلاھىنىڭ سىمۋولى ئىدى. چاقماق ھەرقانداق ۋەھشى جىن-ئالباستىلارنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ.»[39] بۇ ئىشەنچلەر قويۇق شامانىزملىق تۈسكە ئىگە بولۇپ، بۇ تىغلىق نەرسىلەر چاقماق ئىلاھىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، جىن ئەينەكتىن قورقىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار ئەينەكتىن بەك قورقىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «قورقاق تېگىپ قالمىسۇن» دەپ، بوۋاق بالىنىڭ بۆشىكىنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا ئەينەك باستۇرۇپ قويىدىغان ئادەت بار. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئەينەك(كۆزگۈ) ئالتاي شامانىستلىرى تەرىپىدىن يامان روھلارنى قوغلىيالايدىغان ئۆرتاق ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە خاسىيەتلىك قورال قىلىنغان.» [40]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار ئەينەكتىن بەك قورقىدۇ. ئەينەك ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شامانىزم ئېتىقادىدىكى شامانلارنىڭ جىن-ئالباستىلارنى قوغلىيالايدىغان ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە خاسىيەتلىك قورالى ئىدى.

تۆتىنچى، جىن ناندىن قورقىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار ناندىن قورقىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، يېنىغا نان ئېلىۋالغان كىشىگە جىن-ئالباستىلار يېقىن كېلەلمەيدۇ دېيىدىغان ئادەت قاراش مەۋجۇت. شۇڭا، كىشىلەر كېچىسى يول يۈرسە يوتىسىغا نان قىستۇرۇۋالىدۇ. يەرە ئۇيۇنىدا باخشى-پېرىخونلار بىمارنىڭ جىن-ئالباستىلار كېسەل سالغان يېرىنى كېپەكتىن تەييارلىغان جىن ئېشى بىلەن ئۇچۇقدايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ناننىڭ كېلىش مەنبەسى بۇغداي، بۇغداي يەردە ئۈسسۈپ، ھوسۇل بېرىدۇ. نان

www.kitaphumar.com

يەر ئىلاھىنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، نان ۋە جىن ئېشى ئوخشاشلا جىن-ئالباستىلارنى قوغلىيالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە خسلەتلىك نەرسە ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «نان تەڭرىسى-يەر» دەيدىغان ماقال-تەمسىل بار. بۇ چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، نان ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدىكى تۆت چوڭ ئىلاھىنىڭ بىرى بولغان يەر ئىلاھىغا سىمۋول قىلىنغانىدى.

بەشىنچى، جىن ئەپسۇندىن قورقىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدە، جىن-ئالباستىلار سۈرە-ئايەت، ئەپسۇن-ئەرۋەشلەردىن قورقىدۇ، دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىشقا جىن-شەيتان ئارلىشىۋالمىسۇن دەپ مەلۇم سۈرە-ئايەت ۋە ئەپسۇنلارنى ئوقۇيدىغان ئادەت بار. ئادەتتە ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار جىندىن بولغان كېسەللەرنى داۋالىغاندا، بىمار تېنىدىن جىننى قوغلاش ئۈچۈن سۈرە «فاتىھە»، سۈرە «ئىخلاس»، «ئايەتەل كۇرسى»، «چىلىكاپ»، «دىھقاق»، «قەسىدە سۇلايمان»، «قەسىدە بۇردە» قاتارلىق سۈرە-ئايەت ۋە ئەپسۇن-ئەرۋەشلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پىرە قوشاقلىرىدىمۇ جىن-ئالباستىلارنىڭ ئەپسۇندىن قورقىدىغانلىقى توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«سەھى قارا ئوقۇيمەن،
ۋەھى كۆللى ئوقۇيمەن،
قىسسە سۇلايمان ئوقۇيمەن،
قەسىدە بۇردى ئوقۇيمەن،
ئەمدى قويۇپ ياتمىساڭلار،
قىرىلىپ كېتەرسىلەر دۆ-پېرى.»[41]

※※※※※※※※

«سەھىھ دۇئا ئوقۇيمەن،
ۋەھى كۆللى ئوقۇيمەن،
قەسىدە سۇلايمان ئوقۇيمەن،
ۋە چىلىكاپ ئوقۇيمەن. يا سۇف!»[42]

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچلىرىدىكى، جىن-ئالباستىلار سۈرە-ئايەت، ئەپسۇن-ئەرۋەشلەردىن قورقىدۇ، دېگەن بۇ قاراش قۇيۇق شامانىزملىق تۈسكە ئىگە بولۇپ، سۈرە-ئايەت، ئەپسۇن-ئەرۋەشلەر كۆك تەڭرىنىڭ جىن-ئالباستىلارغا قىلغان ئەمرىگە سىمۋول قىلىنغانىدى.

www.kitaphumar.com

## 11. جىن ـ ئالباستىنى بويسۇندۇرۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە، جىن ـ ئالباستىلارنى بويسۇندۇرغىلى ۋە ئۇلارنى خىزمەتكە سالغىلى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلار جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ جىن ـ ئالباستىلارنى خىزمەتكە سالىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «جىنكەش» دەپ ئاتايدۇ. جىننى بويسۇندۇرۇشتىن مەقسەت باخشى بولۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پېرى بار، جىنى بار، ئادەملا باخشى بولالايتتى. باخشى بولۇش ئۈچۈن جىن ۋە دىۋە ـ پېرىلەرنى مۇسەخخەر(بويسۇندۇرماق) قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ خىزمەتكە سالغاندا، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولاتتى. ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلارنىڭ قارىشىچە، جىننى پەقەت ئەپسۇن ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا، باخشى بولۇش كويىدا يۈرگەن كىشىلەر، ئۇستاز باخشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خىلمۇ ـ خىل ئەپسۇنلارنى توختىماي ئوقۇپ يۈرىدۇ. ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلارنىڭ بىر قىسىم قولىيازمىلىرىغا ئاساسلانغاندا، جىن ۋە دىۋە ـ پېرىلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئۇسۇللىرى بار ئىدى.

كۇچا ۋە قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇر باخشى ـ پېرىخونلارنىڭ قولىدا تارقىلىپ يۈرگەن «جىن ۋە ئارۋاھلار» ناملىق كىتاپتا جىننى خىزمەتكە سېلىش توغرىسىدا مۇنداق بىر بايان بېرىلگەن.

«ئەگەر كىشى ئۆز ئىشلىرى ئۈچۈن جىننى خىزمەتكە سالاي دىسە، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن نىيەت قىلىپ 40 كۈن روزا تۇتۇپ، قوي مېيى، ئارچا ياغىچى ياكى ئادراسمان بىلەن بۇي سېلىپ، خىلۋەتتە بىر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇش كېرەك. ئارپا نېنى، قارا قورۇق ئۈزۈمگە ئوخشاش كۈچسىز تاماقلارنى يەپ، ھەر كۈنى پەرىز نامازدىن كېيىن بۇ ئازايىمنى 100 قېتىم ئوقۇش كېرەك. ‹يابنوخ، دەردموخ جاۋاپ بېرىڭلار! تېزدىن كېلىڭلار! ئۆزۈڭلار ۋە باللىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار! سىماتا ھەققىي، شۇماتا ھەققىي، ...(كىشلەرنى ئاغۇنلۇقتا باشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ مەزمون قىسقارتىلدى).مەن بۇيرىغاننى قىلىڭلار! خىزمىتىمنى قىلىڭلار! مۇھەببەتتىن، پىراقتىن، چىپىلدۇرۇشتىن، جەلىپ نىسائىدىن، خەزىنە ئېچىشتىن، خەۋەر تارتىپ كېلىشتىن. ايزما تكونو ا... (كىشلەرنى ئاغۇنلۇقتا باشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ مەزمون قىسقارتىلدى)شىين قدير.› بۇ ئازايىمنى ھەر كۈنى يېزىپ، كۈن ئولتۇرغاندا يېيىش كېرەك. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە، 40 كۈن مەشىق قىلغاندا، يولۋاس سۈرەتلىك بىر خىزمەتكار كۆز ئالدىغا پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا، قورقماسلىق كېرەك. ئەگەر قورقۇپ كەتسە ساراڭ بوپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا، روھنى ئۇستۇن تۇتۇپ، ئازايىمنى كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئوقۇسا، يولۋاس قولىدا قىزىل تاش كۆتىرىۋالغان قارا تەنلىك بىر خىزمەتكارغا ئۆزگىرىدۇ. شۇ قىزىل تاشنى قولىغا ئالالىسا، بۇ

www.kitaphumar.com

خىزمەتكارنى مۇسەخخەر قىلغان بولىدۇ. كېيىن لازىم بولغاندا، تاشنى قولغا ئېلىپ، ئازايىمنى بىر ئۇقۇۇسلا ھەرقاچان يېنىدا پەيدا بولىدۇ.»[43]

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلىرىدە جىن-ئالباستىلارنى خىلمۇ-خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ھەر خىل ئىشلار ئۇچۇن خىزمەتكە سېلىش ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلارمۇ بارئىدى.

## 12. ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرى خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەرنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. شۇنداقلا، ھازىرقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە چۈشەنچلىرى، دۇنيا قاراش سىستېمىسى، ئېتىقاد قاراشلىرى، ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇھىم تەركىبى قىسمى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرى ئۇزۇن تارىخقا ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئارقا كۆرىنىشكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئىشەنچلەر ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشماقتا ۋە ئۆز رولىنى يوقاتماقتا. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى جىن-ئالباستى ئىشەنچلىرى كۆپ خىل ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، رەڭدار ئېتىقاد ئارقا كۆرىنىشكە ئىگە بولغان،ئۆزگىچە بىر خىل ئەقىدە-قاراش سىستېمىسى بولغاچقا، يەنىلا خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى تونۇشلىرىغا بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە. شۇڭا، جىن-ئالباستى توغرىسىدىكى ئىشەنچلەرنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرىنى بىلىپ ۋە چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت قىممەت قاراش سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار:

[1] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 200-بەت.
[2] مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
[3] «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «ھىجىر» 27-ئايەت.
[4] «قۇرئان كەرىم»، سۈرە «ئەرراھمان» 14-،15-ئايەتلەر.
[5] رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

www.kitaphumar.com

[6] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[7] مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

[8] ئەنۋەر سەمەت غەربى: «ئۇيغۇرلارنىڭ سېھرى ئادەتلىرى تەتقىقاتى»، بېكىتىلگەن نۇسخىسى، 66-بەت

[9] مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

[10] ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، 223-، 224-بەتلەر.

[11] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[12] ن.پانتىسوف رەتلىگەن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[13] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[14] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[15] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[16] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[17] ن.پانتىسوف رەتلىگەن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[18] «جىن ۋە ئارھات»: قەشقەردىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ قولىدا ئىبقىپ يۈرگەن سېھرگەرلىك ۋە جىنغا ئائىت كىتاپ(ئۇيغۇرچە).

[19] ن.پانتىسوف رەتلىگەن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[20] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[21] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.

[22] بۇخارى: «مۇسلىم رىۋايىتى».

www.kitaphumar.com

[23] بۇخارى: «مۇسلىم رىۋايىتى».
[24] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[25] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[26] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[27] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[28] بۇخارى: «مۇسلىم رىۋايىتى».
[29] 2005-يىلى 7-ئايدا، تۇرپان شەھەر يار يېزىسىدىكى ئىمىنخان موماي بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسىدىن ئۆزۈندە.
[30] «جىن ۋە ئارۋاھ»: قەشقەردىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ قولىدا ئېقىپ يۈرگەن سېھرگەرلىك ۋە جىنغا ئائىت كىتاپ(ئۇيغۇرچە).
[31] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىېرىق يېزىسىدىكى تۇرسۇن باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[32] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[33] ئاقسۇ كەلپىن ناھىيىسى ئاچال يېزىسىدىكى ئىبراھىم باخشىنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[34] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[35] «جىن ۋە ئارۋاھ»: قەشقەردىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ قولىدا ئېقىپ يۈرگەن سېھرگەرلىك ۋە جىنغا ئائىت كىتاپ(ئۇيغۇرچە).
[36] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[37] ن.پانتىسوف رەتلىگەن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.
[38] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۆزۈندە.

www.kitaphumar.com

[39] دىلمۇرات ئۆمەر، دىلبەر سۇلايمان: «پىرە ئويۇنىدىن بايقالغان ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونۋېرسىتىتى ئىلمى ژورنىلى، 1991-يىل 4-سان.
[40] ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلىمنىياز: ««پالنامە» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل، 143-بەت.
[41] راخمان ئابدۇرېھىم رەتلىگەن مارابېشى ناھىيىسى ئاقساق-مارال يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.
[42] قەشقەر شەھىرى يېڭى بازاردىكى 62 ياشلىق كېرەم باخشى ئېيتىپ بەرگەن پىرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە.
[43] «جىن ۋە ئارھات»: قەشقەردىكى ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ قولىدا ئېقىپ يۈرگەن سېھرگەرلىك ۋە جىنغا ئائىت كىتاپ(ئۇيغۇرچە).

ئەگەر دوستلارنىڭ بۇ ۋاستە مۇنبەر يۈزىگە يېزىش ئىمكانىيىتى بولمىغان پىكىرلىرى بولسا ئىلىكتىرونلۇق پوچتا يوللانمىسىغا يوللىسىمۇ بولىدۇ.
شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونۋېرسىتىتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان

ئادىل غاپپار كارىزى



شامانىزم ئەڭ قەدىمقى دۇنياۋىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى يەرلىك خەلقلەر، سىبىرىيىدىكى يەرلىك خەلقلەر، شىمالىي ياۋرۇپادىكى سامىلار، شىمالىي قۇتۇپتىكى ئېسكىموسلار، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي تىللىق مىللەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، مۇڭغۇللار، تۇڭغۇسلار، ياپونلار، كورېيە ۋە چاۋشيەندىكى چاۋشيەن مىللىتى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تارىختا شامانىزمغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۆزىگە خاس شامانىزم مەدەنىيەت ھاسىسلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. غەربلىكلەر ناھايىتى ئىلگىرىلا بۇ خىل شامانىزم ھادىسىلىرىنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پارچە-پۇرات خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئەمما، بىر قەدەر مەركەزلىك خاتىرىلەنگەنلىرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 500 يىللار ئىلگىرى بايقالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شامانىزم كىشلەر چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان ھادىسىگە ئايلانغان. ئەمما، خەلئارادىكى شامانىزم

www.kitaphumar.com

تەتقىقاتى 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغانىدى.[1] ھازىر نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا شامانىزم مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بارلىققا كەلگەن. خەلقئارادا شامانىزم ئىلمىي جەمئىيىتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلىق ئىلمىي ژورنىلى ۋە يىللىق ماقالىلار توپلاملىرى بار. خەلقئارادا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، روسىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، شۋېتسىيە، فىنلاندىيە، ۋېنگرىيە، مۇڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر شامانىزم تەتقىقاتىدا ئىزچىل ھالدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرماقتا.

## 1.شامان ۋە شامانىزم ئۇقۇمى ھەققىدە

شامانىزم ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ۋە كۆپ خىل مىللەتلەر ئېتىقاد قىلغان قەدىمىي ئېتىقادلارنىڭ بىرى. ئۇ ئانىمىزمنى ئاساسلىق ئىدىيە ئاساسى قىلىدۇ، مەزمۇنى جەھەتتىن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، تۇتېم ئېتىقادى، ئەجدادلار ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شامانىزم (samanism,shamanism) شامان ئېتىقادى ياكى سامان(Saman) ئېتىقادى دىگەن سۆزدىن كەلگەن. سامان(Saman) سۆزى شەرقىي غوزلار تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، خەنزۇلار تەرىپىدىن «پېرىخون» (巫师)» دەپ ئاتالغان. مۇڭغۇل تىلىدا «تويىن» دېيىلىدۇ، تۈركىي تىلىدا «قام» دېيىلىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئورانقايدىكى قەبىلىلەر «قام» ياكى «خام» دەپ ئاتايدۇ. سىبىرىيە ۋە روسىيىلىكلەر «شامان» دەيدۇ. قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدا «باقسى» ياكى «قام» دېيىلىدۇ.[2] يەنى «يېڭى تاڭنامە. غۇزلار تەزكىرىسى» دە: « پېرىخۇنلار ھوشىدىن كېتىدۇ، ھېچنىمىنى تۇيمايدۇ، خۇددىي قامدەك ياكى خامدەك» دېيىلگەن. شىزاڭلىقلار «بون» دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «قام» ياكى «باخشى» بېلىدۇ. [3]

خەلقئارادىكى دىن ئىنسانشۇناسلىقى ۋە دىن تەتقىقات ساھەسىدە باخشى ـ پېرىخونلارغا ئالاقىدار نەزىرىيىۋي سىستېما ۋە مۇراسىم ـ پائالىيەتلەر «شامانىزم» دەپ ئاتىلىدۇ. باخشى ـ پېرىخونلار بولسا «شامان» دەپ ئاتىلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ‹شامان› دىگەن بۇ سۆز ئەسلى سىبىرىيىدىكى مانجۇ ـ تۇڭغۇس تىلىدىكى ‹سامان(saman)› دىگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، سامان(saman) دىگەن سۆزدىكى sa دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹بىلمەك› بولۇپ، شامان (shaman) سۆزىنىڭ خەت(لوغەت) مەنىسى ‹بىلگۈچى› دىگەنلىكتۇر. بۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋال روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار ئىشلەتكەن بولۇپ، 1692 ـ يىلى موسكۋا ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئېيۋرت. ئىسبولات. ئىنداي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئېلان قىلغان «جوڭگو ساياھەتنامىسى»دە، تونجى بولۇپ مانجۇلار ئارىسىدىكى ‹شامان›نى خەلقئاراغا تونۇشتۇرغان. [4] سامان(saman) سۆزى ئىنگلىز تىلىغا كىرگەندە شامان(shaman) دەپ

www.kitaphumar.com

ئىشلىتىلگەن. خەلقئارا شامانىزم ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ۋېنگرىيە دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى دوكتۇر مىخائىل.خوپپال (M.Hoppal) «شامان ۋە شامانىزم» دېگەن كىتابىدا ‹شامان› ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا خېلى سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان ‹شامان› سۆزى مانجۇ-تۇڭغۇس تىلى بولۇپ، روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار مىللەتشۇناسلىق ساھەسىگە ئېلىپ كىرىپ، مىللەتشۇناسلىق (ئىنسانشۇناسلىق) نىڭ بىر خىل مەخسۇس شامانىزم پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمنى ۋە ھادىسىنى كۆرسىتىدىغان كەسپىي ئاتالغۇسىغا ئايلانغان. مانجۇ-تۇڭغۇس تىلىدىن كەلگەن ‹شامان (SHAMAN)› سۆزى ‹بىلمەك، چۈشەنمەك، خەۋەردار بولماق› مەنىسىدىكى Sha - پېئىلىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ‹شامان› دېگەن بۇ سۆزنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى ‹خەۋەردار، بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئادەم› دېگەنلىكتۇر. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ‹شامان› دېگەن بۇ سۆز سانسكرىت تىلى بولۇپ، خەنزۇچە بۇددا نوملىرى ئارقىلىق مانجۇ-تۇڭغۇس تىلىغا كىرگەن، دەپ قارايدۇ. ‹شامان› دېگەن بۇ سۆز پارى(PALI) تىلىدا SHAMAN، سانسكرىت تىلىدا SCHRAMANA دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى ‹راھىب، سامىغا، شەيخ› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئالتاي تۈركلىرى ئېچىدە قام(QAM) دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا باخشى(BAKSHI) دەپ ئاتىلىدۇ. [5] دېمەك، شامان سۆزىنىڭ لوغەت مەنىسى ‹بىلگۈچى، ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم› دېگەنلىكتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئىستىمال مەنىسى بولسا، شامانىزم ئەقىدىسى ئاساسىدا مەلۇم خىل شامانلىق تېخنىكىسى ۋە مۇراسىم-پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. شامانىزم بولسا مەلۇم خىل بەلگىلىك دىن ياكى ئېتىقاد سىستېمىسىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى شامانلارنىڭ شامانلىق كەچۈرمىشى ۋە شامانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

## 2.شامانىزم ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قاراش سىستېمىسى

شامانىزم-كۆپچىلىك ئېتراپ قىلغان تارقاتقۇچىسى، مۇكەممەل يازما دەستۇرى، مۇقىم دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە تۇراقلىق مۇخلىسلىرى بولمىغان، ھەرقايسى قەۋم ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى بولغان قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى. شامانىزم قەدىمكى ئانىمىزم، تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، قەھرىمانلىق قاراشلار ئاساسىدا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولغان. شامانىزم باشقا ئېتىقاد سىستېمىلىرىغا ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس ئالەملىك قارىشى، تەبىئەت قارىشى ۋە روھ قارىشىغا ئىگە بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە قەۋملەردە

www.kitaphumar.com

مەلۇم ئورتاقلىقلارغا ۋە قىسمەن پەرقلەرگە ئىگە. [6] دىن ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ كۆپچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلغان بىر ياراتقۇچىسى بولىدۇ، بىرلىككە كەلگەن يازما دەستۇرى بولىدۇ، تۇراقلىق ئېتىقادچى ئاممىسى يەنى دىنى مۇخلىسلىرى بولىدۇ ھەم مۇقىم دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورنى ۋە سورۇنى بولىدۇ. ئەگەر بۇ تۆت شەرتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھەر قانداق ئېتىقاد ھادىسىسىنى دىن كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇ پەقەت جەمئىيەتتىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

شامانىزمنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى ھەممە نەرسىدە روھ بارلىقىغا، ئىلاھ ۋە جىنلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشىنىش بولۇپ، ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىلاھ ۋە جىنلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. شامانىزم رېئال دۇنياغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە تەبىئەتتىن، ئادەمدىن تاشقىرى بىر سىرلىق دۇنيا ۋە كۈچنىڭ بارلىقىغا ھەم ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شامانىزم ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ قەۋەتلىك «دۇنيا» دىن ئىبارەت ئاساسىي سېخىما ئۈستىگە ئورناتقان بولۇپ، ئۇ ئىنسان مەنپەئەتىنى مەركەز، مەقسەت، ئۆلچەم قىلىپ، ئالەمنى ئۈچكە بۆلگەن. شامانىزم ئەقىدىسىدە ئۈستۈنكى دۇنيا يەنى ئاسمان-ئىلاھ ۋە پەرىشتىلەر ماكانى؛ ئارىلىقتىكى دۇنيا يەنى يەر ئۈستى-بەندىلەر (ئادەملەر )ماكانى بولۇپ، ئىنسانلار ھەم ھايۋان-ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماكانى؛ ئاستىنقى دۇنيا يەنى يەر ئاستى-جىن-ئالۋاستىلار ماكانى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ساددا ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن قاراشلار ھېسابلىنىدۇ. كېيىنچە، ئالەملىك ۋە ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شامانىزمنىڭ ئالەم قارىشىمۇ تەرىجىي ئۆزگەرگەن. يەنى ئاسماندىكى يەتتە يۇلتۇز چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا، يەتتە قات ئاسمان، يەتتە ئىلاھ، يەتتە قات يەر ۋە يەتتە خىل جىن-ئالۋاستى چۈشەنچىلىرى بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە بۇ چۈشەنچىلەر بىلەن دەرەخكە چوقۇنۇش ئەقىدىلىرى ئاساسىدا يەنە، ئالەم دەرىخى چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئالەم دەرىخى يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار بارلىققا كەلگەن ۋە ئىنسانلارنى باقىدىغان مۇبلىك دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە چوڭ شېخى يەتتە قات ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدۇ. شامان مۇشۇ دەرەخ ئارقىلىق ئاسماندىكى يەتتە ئىلاھ بىلەن بىمالال ئالاقە قىلالايدۇ. جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، شامان مۇشۇ يەتتە چوڭ دەرەخ شېخى ئارقىلىق ئاسماندىكى يەتتە ئىلاھنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. يەتتە قات ئاسماندىكى ئىلاھلار دەرەخ شېخى ئارقىلىق يەر يۈزىگە كېلىپ، جىن-ئالۋاستىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پىرە ئويۇنى دەل مانا مۇشۇ قاراشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يەردىن تۈرۈسقىچە تارتىلغان ئارغامچا مانا شۇ ئالەم دەرىخىنىڭ سىمۋولى. تۇغىنىڭ

www.kitaphumar.com

ئۈستىدىكى يەتتە پۈتاقلىق مۆلىلىك دەرەخ شېخى يەتتە قات ئاسمانغا تۇتىشىغان شاخلاردۇر. يەتتە خىل رەڭلىك پۇرۇچ بولسا، ئىلاھلار ئەسكەر باشلاپ كېلىدىغان بايراقلاردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ 7 نى مۇقەددەس سان دەپ قارايدىغان چۈشەنچىلىرىنىڭ ئاساسى مانا مۇشۇ بولسا كېرەك. [7]



## 3. ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەتقىقات ئەھۋالى

17 ـ ئەسىردە روسىيىلىكلەر سىبىرىيىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا روھلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئادەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. شۇ چاغلاردا روسىيىلىك ساياھەتچىلەر بايقال كۆلى ۋە يېنىسەي دەرياسى بويىدىكى توڭگۇس تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزم مەدەنىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى بىر قىسىم

www.kitaphumar.com

خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. كېيىن بۇ خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتى سۈپىتىدە ئېلان قىلىپ، شامانىزمنى ياۋرۇپا ئىلىم ساھەسىگە تونۇشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، شامانىزم خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بىر خىل ئىلىم سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. ئەڭ دەسلەپتە روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار سىبىرىيىنى مەركەز قىلغان ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. چۈنكى، سىبىرىيىدىكى يەرلىق خەلقلەر ئارىسىدا، شامانىزم ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغانىدى. روسىيىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 1932-يىلىدىكى بىر ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1931-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، روسىيىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ شامانىزم تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى 650 خىلدىن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە يادرىنتسېۋ(N.Yadrntzef)، كېلمېنسوف (D.Klementz)، مىخايلوۋسكى (V.M.Mikhailowski)، ستېرنبېرگ (L.Sternberg) قاتارلىقلار روسىيىدىكى شامانىزم تەتقىقاتىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىدۇر.[8] سىبىرىيىدە شامانىزم تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلار، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ۋە ئىلگىرىكىلەر خاتىرىلىگەن شامانلار توغرىسىدىكى ھەرخىل ماتېرىياللارنى رەتلەپ، تىببىي ئىلىم، پسىخولوگىيە، روھىي كېسەللىك ئىلمى نۇقتىلىرىدىن شامانىزمغا ئېنىقلىما بەرگەن. بۇ ۋاقىتتىكى شامانىزم توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ماتېرىياللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ‹شامانىزم ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەن باشقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ›، دەيدىغان قاراشقا كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا گۇمانىي نەزەردە قارايدىغان بولدى. شامانىزم بىلەن روھىي كېسەللىكنىڭ تۇغما باغلىنىشى توغرىسىدا، تەتقىقاتچىلار تۆۋەندىكىدەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «شىمالىي قۇتۇپنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، ھاۋا كېلىماتى، زېرىكىشلىك مۇھىتى، نامرات تۇرمۇش، ئىدىيىدىكى غۇربەتلىك، پەسىل خاراكتېرلىك بېسىم قاتارلىقلار شىمالدىكى يەرلىك خەلقتە ھەددىدىن زىيادە تەشۋىشلىك ۋە روھىي بېسىم پەيدا قىلىدىغان ناچار مۇھىت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تەلۋىلىك پەقەت شامانىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭمۇ پسىخىك ئالاھىدىلىكىدۇر». بۇنىڭ بىلەن، ئىلىم ساھەسىدە، ‹شامان بىر خىل تەلۋىلىك كېسىلى› دېگەن قاراش ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان.[9]

روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار سىبىرىيىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزمنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى توغرىسىدىمۇ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. 1796-يىلى روسىيىلىك ئاندرېۋ(I.G.Andrew) ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشى ئاساسىدا، قىرغىزلارنىڭ شامانىزمى توغرىسىدا بىر دوكلاتنى ئېلان قىلغان. 19-ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللار بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلاپ، 1865-يىلىنىڭ ئالدى كەينىدىكى رادلوفنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقلار ئارىسىدا ئېلىپ

www.kitaphumar.com

بارغان تەكشۈرۈشى ئاساسىدا، قازاقلارنىڭ شامانىزمى توغرىسىدا بىر دوكلاتنى ئېلان قىلغان. شەرقشۇناس نىكولاي فېدوروۋىچ كاتانوف 1891-يىلىدىن 1892-يىللىرى ئارىلىقىدا قىزىلسۇ، تۇرپان، قۇمۇللاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى» تېمىسىدا بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭدا تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونىدىكى باخشىلارنىڭ بىرقىسىم مۇراسىم-ئادەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتلار بېرىلگەن. 20-ئەسىردىن باشلاپ، روسىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر يەنى تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار، مىللەتشۇناسلار ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارنىڭ شامانىزمى توغرىسىدا دوكلات ۋە تەتقىقاتلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىرقىسىم قىممەتلىك بار ماتېرىياللارنى ئېلان قىلغان. مەسىلەن، روسىيىلىك ئېكىپېدىتسىيىچى پانتوسوفنىڭ ئىلى رايونىدىكى تارانچى ئۇيغۇرلارنىڭ پىرە ئويۇنى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى 1907-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «روسىيە ئىمپېرىيىسى جۇغراپىيىلىك جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان قىسمىدىن دوكلات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 6-تومىدا «تارانچىلاردىكى باخشى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان. 1907-يىلى مالوف كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ شامانىزمى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ شامانىزمى توغرىسىدا بىر دوكلاتنى ئېلان قىلغان.

روسىيە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ياۋروپادىكى مىللەتشۇناسلار ۋە ئىنسانشۇناسلارمۇ شامانىزمغا قىزىقىشقا باشلىغان. 18-ئەسىرگە كەلگەندە، ياۋروپالىقلار شامانىزم ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي بىلىش جەريانىنى چۈشەنمەكچى بولۇپ، ‹شامانىزم بىر خىل ئادەم ئالدايدىغان ئويۇن› دەپ قارىغان. ياۋروپا دىن ھادىسشۇناسلىق ئېقىمدىكىلەر «شامانلارنىڭ قىلمىشلىرى شەيتاننىڭ قىلمىشى، شامان بولسا شەيتاننىڭ قولى» دەپ قارىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، بىرقىسىم سەيياھلار «شامانلار ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان ئالدامچىلار» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ ساياھەتنامىلىرىدە ئۇلارنى تەنقىد قىلدى.[10] 19-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خىرىستىيان مۇرتلىرى بولىۋالغان شامانلار، «شامانىزم دىن ئەمەس، بەلكى شەخسنىڭ قىلمىشى، يەنى خەلق ئارىسىدىكى بىر خىل داۋالاش تېخنىكىسى» دەپ چۈشەندۈردى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، دىنشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، كىشىلەر شامانىزمغا ئىشىنىدىغان مىللەتلەرنى «ياۋايىلار»، «ئىپتىدائىيلار»، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرىدىغانلار دەپ قارىغانلىقتىن، شامانىزممۇ بىر خىل ئىپتىدائىي دىن، يەنى شامانىزم بۇددا دىنى بىلەن بىر تۈردىكى دىنى سىستېما دەپ قارالغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، شامانىزم بارلىق دىنلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر باسقۇچ دەپ قارالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شامانىزم ئىپتىدائىي دىنلار قاتارىدا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. ياۋروپانىڭ دەسلەپكى شامانىزم

www.kitaphumar.com

تەتقىقاتىدا، بولشالىق ئايال مىللەتشۇناس كاپلىكا(M.A.Czaplicka) ۋە ئامرىكا سىبىرىيىگە ئەۋەتكەن ئېكسپېتىدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى جوچېلسىن(W.JocheLson) قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. سىبىرىيەدە شامانىزم بايقالغاندىن كېيىن، 20-ئەسىرگە كەلگەندە جەنۇبى ئامرىكا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ شەكىل ۋە فونكىتسىيە جەھەتتە شامانىزمغا ئوخشايدىغان بىر قىسىم دىنىي ھادىسىلەر كەينى-كەينىدىن بايقالدى. تېخىمۇ نۇرغۇن ئالىملار شامانىزمنى بىر خىل دۇنياۋىي ھادىسە دەپ قارىدى. ئەمما، تەتقىقاتچىلار باشقا رايۇنلاردىكى شامانىزم ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، سىبىرىيە رايۇنىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغان قويغان 〈شامان تەلۋە كېسىلى〉 دېگەن پىكىرنى بىر فورمىلا شەكلىدە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا قوللانغاندى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شامانىزمغا نىسبەتەن بىرقەدەر سېستىمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى روسىيىلىك تەتقىقاتچى شىروكوگوروف (S.M.Shirokogoroff) ئىدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ، 〈شامان تەلۋە كېسىلى〉 دېگەن قاراشقا نىسبەتەن ئەكسىچە بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، شامان روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ئادەم بولۇپ، ھەرگىزمۇ روھىي جەھەتتە ئېلىشىپ قالغان ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ پىكرى، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئاندىن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندى. كېيىنچە بۇ جەھەتتە، مەدەنىيەت پەزىلەتشۇناسلىق ئېقىمىدىكىلەر شامانلارنىڭ پىسخىك ۋە قىلمىش ئالاھىدىلىكىنى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئىسان پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدىكى تەسىرى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندى. [11]

ئامرىكىلىق كروكېر (J.C.Crocker) نىڭ خۇلاسىسىگە ئاساسلانغاندا، 1920-يىلدىن 1940-يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى شامانىزم ئېتىقادىغا ناھايىتى كۈچلۈك قىزىققان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار شامانىزم ئېتىقادىنى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغاندى. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئېتنوگرافىك فىرازېر(J.G.Frazer) كۆتۈپخانىدىكى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ ئۆرۈپ-ئادەت مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەت ۋە يازما خاتىرىلەرگە نىسبەتەن رەتلەش ۋە ئانالىز ئېلىپ بېرىپ، 1922-يىلى «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە شامانىزم ھادىسىلىرىنى سېھىرىي ئادەتلەر دائىرىسىدە تەتقىق قىلغان. ئۇ كىتابىدا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىلىش جەريانىنى «سېھىرگەرلىكتىن دىنغا، دىندىن پەنگە قاراپ ئىلگىرلىگەن» دەپ قارىغان. 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، شامانىزم توغرىسىدىكى تەتقىقات دۇنيا مىقياسىدا قانات يايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىق ساھەسىدە بىر خىل مۇھىم ئىلمىگە ئايلاندى. ئېدۋارد تايلور، مالىنوۋسكىي، لېۋىي ستىراۋس، ئېلمىلي دوركھېم قاتارلىق غەرب ئىنسانشۇناسلىرى قەدىمكى مىلللەتلەرنىڭ شامانىزم ۋە سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى

www.kitaphumar.com

ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ھازىر ۋىنگىرىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە جەنۇبى ئامېرىكىدا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شامانىزم مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، دىنشۇناسلىق، روھىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، تىببىي ئىلىم ۋە جەمىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي ساھەلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلماقتا. ھازىر بۇ ساھەدە خەلقئارا شامانىزم ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ رەئىسى ۋېنگىرىيىلىك تەتقىقاتچى مىخايىل خوپپالنىڭ تەتقىقاتى ئالدىقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، شامانىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىشى باخشى-پېرىخونلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باخشى-پېرىخونلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا مەدەنىيەت ئامىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يەنى، بەزى مەدەنىيەت جەمئىيەتلىرىدە باخشى-پېرىخونلار كۆپرەك بولىدۇ. يەنە بەزى مەدەنىيەت جەمئىيەتلىرىدە باخشى-پېرىخون بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت جەمئىيەتلىرىدىكى شامانلارنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى ھەم شامانىزم ھادىسىسمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. دىنشۇناس ۋە روھىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، باخشى-پېرىخونلارنىڭ پەيدا بولۇشى روھى تاللاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. روھلار تەرىپىدىن تاللانغان كىشىلەرلا باخشى-پېرىخون بولالايدۇ. ئۇلاردىكى ئالدىن بىلەرلىك ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار ئاشۇ روھلار تەرىپىدىن كەلگەن بولىدۇ. ئامازون دەرياسى بويىدىكى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدىكى باخشى-پېرىخونلارنى تەتقىق قىلغان بىئولوگلارنىڭ قارىشىچە، باخشى-پېرىخونلۇق ئىرسىي يول بىلەن ئەۋلادمۇ-ئەۋلات داۋاملىشىدىغان بولۇپ، باخشى-پېرىخونلارنىڭ بەدىنىدە بىر خىل ئالاھىدە بىئو-ئىنىرگىيە بولىدۇ. بۇ خىل بىئو-ئىنىرگىيە ئادەتتە ئىپادىلىنىپ چىقمايدۇ، بەلكى ئۇلار پېرىخونلۇق پائالىيىتى بىلەن شوغۇللانغاندىلا ئاندىن پەيدا بولىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى بىئو-ئىنىرگىيە قەيەردىن كەلگەن؟ ئامرىكا ۋە ئەنگىلىيىدىكى بىر قىسىم فىزىكلار پال-ئاچالايدىغان باخشىلارنى فىزىكا تەجرىبىخانىسىدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق پەزەرلەرنى ئوتتۇرىغان قويغان: ئۆتمۈشتىن ۋە كەلگۈسىدىن كەلگەن ئۇچۇرلار بىر خىل ئېلىكتىر ماگنىت دولقۇنى ئارقىلىق ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتىشىپ تۇرىدۇ. باخشىلارنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ياكى بەدىنىدە مۇشۇ خىل ئېلىكتىر ماگنىت دولقۇننى قوبۇل قىلالايدىغان ياكى سېزەلەيدىغان بىر خىل بىئو-ماگنىتلىق رېتسېپتور(قوبۇللىغۇچ) بولىشى مومكىن. شۇڭا، ئۇلار كىشلەرنىڭ ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئوتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇچۇرلىرىنى بىمالال بىلەلەيدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، باخشى-پېرىخونلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە بىر خىل مۇراسىم-پائالىيەت ئارقىلىق كوللىكتىپ داۋالاش ۋە گىپنوزلاش جەريانىدىن ئىبارەت. باخشى-پېرىخونلار بولسا، ئۆز مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ پسىخىك دوختۇرىدۇر. گىپنوزلاش-مەستخۇش قىلىش

www.kitaphumar.com

جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، پسىخكىسى ئاجىز كىشىلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك غىدىقلىغۇچ بولىدىغان سۆز-ھەرىكەت، ناخشا-مۇزىكا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، نىرۋا سىستېمىدىكى مەلۇم مەستخۇشلۇق ئورنىنى غىدىقلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. باخشى-پېرىخونلارنىڭ گىپنوزلاش ئۇسۇللىرى ئادەتتە ئەپسۇنلار بىلەن مەستخۇش قىلىپ ئوخلىتىش ياكى ناخشا-مۇزىكا بىلەن مەستخۇش قىلىپ ئۇسۇلغا سېلىشتىن ئىبارەت. پسىخولوگلار باخشى-پېرىخونلارنىڭ بۇ خىل گىپنوزلاش ئۇسۇللىرى ۋە مۇراسىم-پائالىيەت ئارقىلىق كوللىكتىپ داۋالاشنى ئوخشاش بىمارلارغا ئىشلىتىپ داۋالاش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما باخشى-پېرىخونلارنىڭكىدەك ئۈنۈملۈك بولمىغان. بىر قىسىم تىبابەت ئالىملىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى داۋالاش تېخنىكىسىنى باخشى-پېرىخونلارنىڭ كىسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، باخشى-پېرىخونلار بولسا قەدىمقى جەمئىيەتتىكى تىۋىپلار دەپ قارايدۇ. ئەمما، ھازىرقى زامان تىبابەت ئىلمى ۋە تېخنىكىسى داۋالاپ ساقايتالمىغان بەزى كېسەللەرنى باخشى-پېرىخونلارنىڭ ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتىش ھادىسىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ دورىلىرى مەدەنىيەت ۋە روھى ئارقا كۆرىنىشكە ئىگە بولغانلىقتىن دەپ قارايدۇ. ئەمما، ھازىرقى ئىلىم-پەن روھقا مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى ئىسپاتلاشقا قۇربى يەتمىگەچكە، بۇ ھەقتە يەنىلا نۇرغۇنلىغان مۇئەممالار ساقلانماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان نۇرغۇن روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئەرباب باسلوف بولۇپ، ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئەمەلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى تۈپلاپ تەتقىق قىلىپ، 1995-يىلى بېرلىندا «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ شامانىزمى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. ئەينى چاغدا ئىلىم ساھەسىدە، بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. كىتابتا، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېكلارنىڭ شامانىزمى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغاندى.[12] گەرچە شۇ چاغدا، بۇ ئەسەر تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزم تەتقىقاتى ساھەسىدە ئەڭ قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىسى بولسىمۇ، ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ئۇ ئۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ باقمىغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزمى ئۈستىدىكى تەتقىقات يەنىلا بىر بوشلۇق بولۇپ قالغاندى.

ياۋروپالىق ئالىملارمۇ تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە بىر قىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، شۋېتسىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى گۇننار يارىڭ ۋە مانرېھىم جەنۇبى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسىم شامانىزم مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان، ئەمما مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان. باشقىلار خاتىرىلەپ قالدۇرغان ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغانلار كۆرىنەرلىك تەسىرى بار بىرقىسىم قاراشلارنى

www.kitaphumar.com

ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، ئۆزى بىۋاستە ئەمىلىي تەكشۈرۈش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقات نەتىجىلىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان. ئۇلار بۇ قاراشلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار تولىمۇ كەمچىل ئىدى. تۈركىيىلىك تەتقىقاتچى ئابدۇقادىرئىنان تۈرك بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ بىرى 1954-يىلى ئەنقەرە تۈرك تارىخى نەشرىياتى نەشر قىلغان «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم» ناملىق كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيا، كافكاز ۋە سىبىرىيىدىكى تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى ئۈستىدە تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزىم مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ۋە ئىدىيىۋىي ئارقا كۆرۈنىشلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر سېستىمىلىق توختالغان. ئۇ ھازىرقى مۇسۇلمان تۈركلىرى ئىچىدىكى شامانىزمنى قالدۇق ھادىسە سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى شامانىزمى ئۈستىدىمۇ بىرقىسىم قىممەتلىق ئۇچۇرلارنى بەرگەن. گېرمانىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامرىكا ۋە سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرشۇناس تەتقىقاتچىلار قەدىمقى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىكى شامانىزم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۈستىدىمۇ بىرقىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

## 4. ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى

شامانىزم توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ يازما ۋەسىقىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، ‹قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر سىرلىق كۈچكە ئىگە سېھىرگەرلەرنى ‹قام› دەپ ئاتايتتى› دەپ خاتىرىلىگەن. « قۇتادغۇبىلىگ» تىمۇ ‹قام› ئاتالغۇسى تۆت يەردە «باخشى» مەنىسىدە تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە، ‹يادا› دېگەن سۆزگە ‹يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنىدىغان كاھىنلىق›، ‹يادا ھايۋان تېنىدىن ئېلىنغان› دەپ ئىزاھات بەرگەن. ‹يادا قىلدۇردى› دېگەن سۆزگە ‹بەگ(شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. يادا قىلدۇرماق- بۇ تۈرك يۇرتلىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن، تاشقا ئوقۇش ئارقىلىق شامال سالقىنلىق ۋە يامغۇر پەيدا قىلىنىدۇ› دەپ ئىزاھات بەرگەن. ‹يەلۋىچى› دېگەن سۆزگە ‹سېھىرچى، سېھىرگەر› دەپ ئىزاھات بەرگەن. ‹ئەرۋەشتى›، ‹ئەرۋەلدى›، ‹ئەرۋەدى› دېگەن سۆزلەرگە بىردەك ‹ئەپسۇن ئوقۇماق› دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە زەپەرنامە قاتارلىق بىر قىسىم كىلاسسىك ئەسەرلەردىمۇ شامانىزم ھادىسىلىرى توغرىسىدا بىرقىسىم بايانلار ئۇچرايدۇ. ئەمما، مەملىكىتىمىزنىڭ شامانىزم

www.kitaphumar.com

توغرىسىدىكى تەتقىقاتى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى روسىيىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ تەسىرى بىلەن باشلانغان ھەم مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار دەسلەپكى قەدەمدە جوڭگونىڭ شىمالىدىكى ئازسانلىق مىلللەتلەرنىڭ شامانىزم مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئالىملار جوڭگونىڭ شىمالىدىكى ئازسانلىق مىلللەتلەرنىڭ شامانىزم مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. 1980-يىلى جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن مەندۇرتۇ، شىياجىخەن ئەپەندىلەر شىنجاڭغا كېلىپ، قازاقلارنىڭ شامانىزمى ۋە شامانىزم مۇراسىملىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. چيۇۋ باۋ ئەپەندى 1985-يىلى نەشر قىلغان «شامانىزم تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ شامانىزمىنى ناھايىتى ئاددىيلا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان شامانىزم تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىمۇ شۇنداق قىلغان. 1992-يىلى مەندۇرتۇ ئەپەندى ۋە دوكتۇر دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى ئىتالىيىلىك تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارنىڭ شامانىزم ئۈستىدە ناھايىتى مول نەتىجىلىك ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. تەتقىقات نەتىجىسى 1993-يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئونۋېرستىتى نەشرىياتى نەشر قىلغان جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «مىللى ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتى ۋە شامانىزم تەكشۈرۈش دوكلاتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دوكتۇر دىمۇرات ئۆمەر ئەپەندى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركى تىللىك مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، زور مىقداردىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان. شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىشلىگەن تەتقىقات نەتىجىسى «جوڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزم تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەر 1995-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋېنگىرىيىدە نەشىردىن چىقىدىغان «شامان» ناملىق ئىلمىي ژورنالدا ئېلان قىلىندى. بۇندىن باشقا يەنە، دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى بىلەن دىلبەر سۇلايمان بىرلىشىپ، «پىرە ئۇيۇندىن بايقالغان ئۇيغۇرلاردىكى شامانىزم قالدۇقلىرى»ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

www.kitaphumar.com





www.kitaphumar.com



www.kitaphumar.com




1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىرافېسسورى ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر فولكلور جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرى بولغان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومومىي بايان» ناملىق ئەسەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ يادا تاش سېھىرگەرلىكى، ياندۇرۇش، تۇزلاندۇرۇش، ئاۋاق ئېشى، چاچراتقۇ سېلىش، ئوت كۆچۈرۈش، پېرىخونلۇق قاتارلىق سېھرىي ئادەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان. 1990-يىللارنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئەپەندى «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەفسۇنكەشلىك، قەسىدىچىلىك، قان قىلىش، ئاچلاش، ئوت كۆچۈرۈش، چاچراتقۇ سېلىش، كەتمەن بېسىش قاتارلىق سېھرىي ئادەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان. 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدىن پىرافېسسور لاڭيىڭ خەلق ئېغىز

www.kitaphumar.com

ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارنىڭ شامانىزم ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ھېكايە ئەدەبىياتى ۋە شامانىزم مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدى. 2000-يىللارغا كەلگەندە، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ پىرافىسسورى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەريانىدا بايقىغان، شامانىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى شامانىزم قالدۇقلىرى ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرى، 2000-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «پالنامە» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى» ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شامانىزم ئېتىقادى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت قالدۇقلىرى ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان.

ئۇندىن باشقا يەنە، 2003-يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ پىرافىسسورى ئەنۋەر سەمەت قورغان ئەپەندىمۇ فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم مەدەنىيىتى ئۈستىدە خېلي تەپسىلي ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ ئىلمىي ژورنىلى قاتارلىق ئىلمىي ژورنالاردا «سېھرىگەرلىك ھەققىدە»، «ئۇيغۇرلاردا ئىشقىي سېھرىگەرلىك»، «يادا تاش سېھرىگەرلىكى ھەققىدە»، قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. كېيىن، دىلمۇرات مەھمۇتنىڭ «شامانىزم ۋە سېھرىگەرلىك» دىگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. شۇ چاغلاردا يەنى 2003-يىلدىن 2005 يىلغىچە، مۇئەللىپ(ئادىل غاپپار كارىزى)مۇ تۇرپان رايۇنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم قالدۇقلىرى ئۈستىدە ئەملىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خېلى مول بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشكەن. بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەش پىشقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا، 2006-يىلى ئەركىن ئىممىنىياز قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا «شامانىزمنىڭ تۇرپان رايۇنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق زور ھەجىملىك بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلان قىلغانىدى. 2006-يىلى راخمان ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» ناملىق ئەسىرى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر شامانىزمى توغرىسىدا نەزىرىيە ۋە ئەملىي پاكىتلار زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تۇنجى مەخسۇس خاراكتېرلىك بىر ئەسەر بارلىققا كەلدى. يەنە شۇ يىلى كۈزدە، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ پىرافىسورى دىلمۇرات ئەپەندىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى ئاستىدا، مۇئەللىپ 2006-يىلى 9-ئايدىن 2008-يىلى 5-ئايغىچە غۇلجا، تۇرپان، قۇمۇل، كورلا، كۇچار، ئاقسۇ، ئاۋات، باي، كەلپىن، مارلبېشى، مەركىت، يەكەن، قەشقەر، يوپۇرغا، قاغىلىق، خوتەن، قارىقاش، گۇما، نىيە، چىرىيە قاتارلىق رايۇنلاردا ئەملىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم مەدەنىيەت قالدۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى مول بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلىغان. 2008-يىلى كۈزدە مۇشۇ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ۋە

www.kitaphumar.com

تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم مەدەنىيەت قالدۇقلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنى تاماملىغان. 2010-يىلى 11-ئايدا، بۇ ئەسەر مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

دېمەك، شامانىزم توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات ۋە ئاساسىي نەزەرىيىلەر روسىيە ۋە غەربلىكلەرنىڭ تەتقىقاتىدىن كەلگەن. ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت تەتقىقاتى كەسپىي نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە نەزەرىيە سىستېما قۇرۇلۇشىغا مۇھتاج. چۈنكى، ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت تەتقىقاتى-ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىش، ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئەۋلاتتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئېتىقاد-ئادەتلىرىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. گەرچە ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت قالدۇقلىرى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاش-رەتلەش خىزمىتى 1891-يىلى شەرقشۇناس نىكولاي فېدوروۋىچ كاتانوفدىن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما بىزدىكى بۇ تەتقىقات تا-بۈگۈنگىچە ماتېرىيال توپلاش ۋە رەتلەش باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئېلان قىلىنغان ۋە نەشىر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە ماتېرىيال يىغىش ۋە توپلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە تۈرگە ئايرىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىپ كەلدى. بۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت تەتقىقاتى توپلانغان ماتېرىياللارنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىنى تارىخقا ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدا يېشىپ چۈشەندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر شامانىزمىنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش بولغۇسى!!!

## ئىزاھات ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللار:

[1] دىلمۇرات ئۆمەر: «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تۈرى»نىڭ يېكىتلىگەن نۇسخىسى، 2007-يىل.

[2] پېللۇت: «شامانلارنى تەكشۈرۈش»، 1913-يىلى، ئاسىيا گېزىتىگە بېسىلغان.

[3] يېڭى تاڭنامە، 217-بەت ئاستىدا.

[4] ۋۇبىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»(خەنزۇچە)، سەنلىيەن كىتابخانىسى شاڭخەي شۆبە نەشرىياتى،1989-يىل، 3-بەت.

www.kitaphumar.com

[5] مخايسل خوپپال(M.Hoppal): «شامان ۋە شامانىزم»(ئىنگلىزچە)، PDF تور نۇسخىسى.
[6] ئادىل غاپپار، دىلمۇرات ئۆمەر:«ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى»(خەنزۇچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل.
[7] ئادىل غاپپار، دىلمۇرات ئۆمەر:«ئۇيغۇر شامانىزم مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى»(خەنزۇچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىل.
[8] دىلمۇرات ئۆمەر: «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە)، مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تۈرى»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى، 2007-يىل.
[9] دىلمۇرات ئۆمەر: «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە)، مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تۈرى»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى، 2007-يىل.
[10] سي يىن:«شامانىزم تەتقىقاتى ھەققىدە بايان»، ئىجتىمائىي پەنلەر ئالدىنقى سېپى، 1994-يىل 3-سان.
[11] لى نەن: «چەتئەللەردىكى شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ شامانىزم تەتقىقاتى ھەققىدە بايان»، چاڭچۈن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى، 2011-يىل 3-سان.
[12] دىلمۇرات ئۆمەر: «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە)، مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تۈرى»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى، 2007-يىل.

www.kitaphumar.com

# تۇرپان رايۇنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم مەدەنىيىتى ھەققىدە ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

ئادىل غاپپار كارىزى

(بۇ ماقالە 2003-يىلى 7-ئايدىن 2004-يىلى 11-ئايغىچە تۇرپان رايۇنىدىكى يېزا-بازارلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا، 2005-يىلى 5-ئايدا يېزىپ تاماملانغان ھەم 2006-يىلى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. شۇڭا، بەزى پىكىرلەر سەل كونىرىغان بولۇشى مۇمكىن ھەم بەزى مەسىلىلەردىكى پوزىتسىيە ھەم كۆز-قاراشلار ھازىرقى بەزى پىكىرلىرىمىز بىلەن ئوخشاش بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدى پوزىتسىيىدە ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسكەرتىش: ئەسەردە شامان ئاتالغۇسى باخشى-پېرىخونلارنى كۆرسىتىدۇ.)

## 1. باشلانما

2003-يىلى 7-ئايدا، مەلۇم بىر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىغا بېرىپ مۇنداق بىر ئىشنى ئۇچرىتىپ قالدىم. يار يېزىسى ××مەھەللىلەر كومىتېتى×× كەنتتىكى مەلۇم بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، تۆت دانە ئېشەك ھارۋىسى، ئىككى دانە ئۈچ چاقلىق كىرا توشۇيدىغان موتسىكلىت، بىر مىنىبوس، بىر تراكتور ۋە نومۇر تاختىسى O新Aبىلەن باشلانغان بىر قارا رەڭلىك بىك ( Buick ) ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ۋە بىر قانچە ئەر كىشىنىڭ تاماكا چېكىشكەش ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بەلكىم بۇ ئۆيدە نەزىر چىراق بولغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ۋە يېنىمدىكى ھەمراھىمدىن: «بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بىلمەمسىز؟ بۇ ئاپتونوم رايونغا داڭقى بار ×× موللىنىڭ ئۆيى» دېدى. «نېمە؟ ئاپتونوم رايونغا داڭقى بار مولا؟! » مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم. چۈنكى تۇرپاندا بۇنداق داڭلىق موللىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغاندىم. ئۇ ماڭا بۇ كىشىنىڭ كىشى كۆرىدىغان موللا ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغانلىقىنى، ھەركۈنى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشنى ۋە كۆرۈپ قويۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئاپتونوم رايونىنىڭ چوڭ-چوڭ

www.kitaphumar.com

باشلىقلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەملىنىڭ ئۆسىدىغان ياكى ئۆسمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىشارەت ئالىدىغانلىقى ۋە داۋاملىق ئۆسۈشكە يول ئېچىپ، سەۋەب قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل بېرىدىغانلىقىنى، ھەر داڭلىق دوختۇر ۋە دوختۇرخانىلارمۇ داۋالاپ ساقايتالمىغان كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقىنى، ئاچقان پالىنىڭ ئىنتايىن توغرا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭدە ئۇنىڭ ھۈنەرلىرىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى ۋە ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىردۇق.

ھويلىنىڭ ئىچى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، بىر باغقا ئوخشايتتى. ئۈزۈن كەتكەن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا، نۇرغۇن ئەر-ئاياللار تۇرپاننىڭ 7-ئايدىكى پىژغىرىم ئىسسىقىدا تەرلىرىنى سۈرتۈشۈپ، ئۆزلىرىنى يەلپۈگىنىچە ئولتۇراتتى. بىز ئىچكىرلەپ كىرىپ، ھېلىقى «داڭلىق» موللىنىڭ دىدارىنى ۋە ھۈنىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. 36-37 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر كىشى (ئۇنىڭ نۆۋىتى كېلىپ) ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ موللا ئالدى بىلەن بۇ كىشىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئىسمىنى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى ۋە ئىچىدە بىر نىملەرنى ئوقۇغاچ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. ئاندىن ئۇ بۇ كىشىگە «سىز پالانى ۋاقىتتا، پالانى يەردە يالغۇز مېڭىپ قاپتىكەنسىز، چىنتەن شاملى دارىپ كېتىپتۇ. بىر قارا توخۇ قان قىلىپ، باشقىلارغا سەدىقە قىلىڭ. مەن ھازىر سىزگە دىمىدە قىلىپ بېرەي. كېسىلىڭىز ياخشىلىنىپ قالىدۇ» دېدى ۋە يېنىدىن يوغان بىر خەنجەرنى چىقىرىپ بىر نىملەرنى ئوقۇپ خەنجەرگە ھۈرۈپ، ئۇنى بۇ كىشىنىڭ مەيدىسىدىن پۇتىغىچە يەتتە قېتىم، پۇتىدىن مەيدىسىگىچە يەتتە قېتىم، مۈرىسىدىن بېلىگىچە يەتتە قېتىم، بېلىدىن مۈرىسىگىچە يەتتە قېتىم سۈركىدى ۋە ھەر قېتىم سۈركەشتىن ئىلگىرى بىر نىملەرنى ئوقۇپ «سۈف» دەپ پىچاققا ھۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ خىل كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى، قانداقتۇر بىر تىبابەت ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى نەق شامان دىنىدىكى شامان باخشىنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئىدى.

شامان دىنى- بىر قەدەر ساددا، يازما دەستۇرلىرى بولمىغان، ھەرقايسى يىراق-يىراق خەلقلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى بولغان قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد شەكلىدۇر. شامانىزىم ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ قەۋەتلىك «دۇنيا» دىن ئىبارەت ئاساسىي سىخما ئۈستىگە ئورناتقان. ئۇ ئىنسان مەنپەئەتىنى مەركەز، مەقسەت،ئۆلچەم قىلىپ، ئالەمنى ئۈچكە بۆلگەن.يەنى ئاسمان (جەننەت)-پەرىشتىلەر ماكانى،يەر ئۈستى ( پانىي دۇنيا)-بەندىلەر (ئادەملەر )ماكانى، يەر ئاستى (جەھەننەم)-جىن- ئالۋاستىلار ماكانى. شامان-شامان دىنىدىكى ھەممىگە قابىل،يامان روھلارنى قوغلاپ بىمارلارنى داۋالايدىغان، پال ئېچىپ، سېھىرگەرلىك قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان كىشىدۇر.

www.kitaphumar.com

«شامان» دېگەن بۇ سۆز تۇڭغۇس تىلى بولۇپ، ئالتاي تىلى سىستېمىسى مانجۇ-تۇڭغۇس تىل سىستېمىسىدىكى مانجۇ، ئېۋېنكى، ئېلىنچۈن، جېجى، يىبۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سېھرىگەرلىرىنى شامان دەپ ئاتايدۇ. بۇ «ھاياجانلانغان، بىسەرەمجان ۋە تەلۋە ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈرك تىلىدىكى مىللەتلەر تارىختا شامانىنى «قام» دەپ ئاتىغان. 11-ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر سىرلىق كۈچكە ئىگە سېھرىگەرلەرنى ‹قام› دەپ ئاتايتتى.» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇيغۇرلار يەنە شامانىنى «باخشى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە «باخشى» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى 博士 دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «كۆرگەن بىلگىنى كۆپ، ئىلىملىك، كېسەل داۋالاشنى بىلىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامانىنى ئىپادىلەيدىغان، كەڭ ئومۇملاشقان يەنە بىر سۆز «پىرىخۇن» بولۇپ، پارىسچە ۋە ئۇيغۇرچە بىرىكمە سۆز. «پىر» دېگەن سۆز پارىسچە سۆز بولۇپ، «ئىلاھ، روھ، ئۇستاز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «خۇن» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «جان، تەن، قان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «پىرىخۇن» سۆزىنىڭ پۈتۈن مەنىسى «ئىلاھى تەن ياكى تەنلەرنىڭ ئىلاھى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار شامانىنى «پىرىخۇن»، «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا شامانلارنى «موللا» دەپ ئاتايدۇ.

شامان دىنى-قەدىمكى ئانىمىزم، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، قەھرىمانلىق قاراشلار ئاساسىدا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولغان. شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي فورمىدىكى دىن بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ دۇنياۋى دىنلارغا ئوخشاش مۇكەممەل تەلىماتى، شەرىئىتى ۋە مۇراسىملىرى بولمىسىمۇ، ئەمما پىرە ئويناش، خەتمە ئوقۇش قاتارلىقلارنى ئۇنى مۇراسىملىرى، قوشاق، مۇناجەت ۋە ئەپسانە رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ تەلىماتلىرى، پەرھىزلىرىنى ئۇنىڭ شەرىئەتلىرى، «شامان» نى ئۇنىڭ دىنىي ئۆلىماسى، بارلىق ئۇرۇق-قەۋم ۋە مەھەللە خەلقىنى ئۇنىڭ ئىشەنگۈچىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەن تۇرپاندا كۆرگەن موللا ۋە ئۇنىڭ مۇراسىمى-شامان دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى تارقىتىدىغان، شەرتىنى ئىجرا قىلىدىغان شامان ۋە ئۇنىڭ دىنىي مۇراسىمى ئىدى. ئاڭلىشىمچە، بۇنداق كىشلەر تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك بار ئىكەن. شامان- شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭ ئاساسى. شامانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك، تۇرپان رايونىدا «موللا» دەپ ئاتىلىدىغان شامانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، شامان دىنىنىڭ يەنىلا تۇرپان رايونىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە ئۇچۇر

www.kitaphumar.com

دەۋرلىرى ئۆز ئارا گىرەلەشمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان، ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، تۇرپان رايونىدا شامان دىنىغا ئوخشاش ئىپتىدائىي دىننى ئېتىقاد ھادىسىلىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مېنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەندە، شامان دىنىنىڭ تۇرپان رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالەتلىرىنى بىلىش ئىستىكى قوزغىلىپ، تۇرپان رايونىدىكى-تۇرپان شەھىرى، يار يېزىسى، چاتقال يېزىسى، ئايدىڭكۆل يېزىسى، سىڭگىم يېزىسى قاتارلىق بىر شەھەر تۆت يېزىدا ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈش 2003-يىل 7-ئايدىن 2004-يىل 11-ئايغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئاساسەن سۆھبەتلىشىش، قاتنىشىپ كۆزىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

## 2. شامانلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

تۇرپان ناھايىتى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە رايون بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بۆشۈكلىرىدىن بىرى. تارىختىن بۇيان، تۇرپان خەلقى ماناۋشۇ مەدەنىيەت ئانا بۆشۈكىدە، ئەڭ قەدىمقى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى بولغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سىستېمىلىق دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. بۇخىل دۇنياقاراش ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ سۆزۈك ساقىندىلىرى ھېلىھەم تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاڭ-ئىدىولوگىيىسىدە ناھايىتى ئاۋايلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئەڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، شامان دىنى ھازىرمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا شامان دىنى ھادىسىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىدۇر.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى شامان باخشىلىرىنى «موللا» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇلار دەۋاتقان «موللا» ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئۇنىۋانى بولغان«موللا» بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدىغان «موللا» - سىستېمىلىق ئىسلام دىنى تەربىيىسى ئالغان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۇنى بىمالال تەفسىر قىلىپ (مەناسىنى يېشىپ، چۈشەندۈرۈپ) بېرەلەيدىغان، ئەمما«قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلاپ بېرەلمەيدىغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئاتاپ كېلىۋاتقان«موللا» بولسا پال ئېچىپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان، يامان روھلارنى قوغلاپ، كېسەل داۋالايدىغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ياكى يەن تەربىيىسى ئالغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز كىشلەردۇر. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى مانا مۇشۇنداق كىشلەرنى ئەگەر ئۇ ئەر بولسا «موللا»، ئايال بولسا «بۇۋي» دەپ ۋە ياكى ھەرئىككىلىسىنى ئوخشاشلا «موللا» دەپ ئاتايدۇ.

دىمەك شامان باخشىلىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «موللا» ۋە «بۇۋىي» دېگەن نام بىلەن تۇرپان رايونىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئوموميۈزلۈك مەۋجۇت.

تۇرپان رايونىنىڭ تۇرپان شەھەر ئىچى، يار يېزىسى، ئايدىڭكۆل يېزىسى، چاتقال يېزىسى ۋە سىڭگىم يېزىسى قاتارلىق بىر شەھەر، تۆت يېزىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە، مولللارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولۇپ، شەھەر-بازارلاردا ئاز، يېزا-قىشلاقلاردا كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگەئىدى. يۇقىرىدا تىلغائېلىپ ئۆتكەن تۆت يېزىنىڭ ھەربىر مەھەللەر كومىتىتىدا ئاز بولغاندا 3 ، كۆپ بولغاندا 8ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق موللا بار ئىدى.

1.تۇرپان رايونىدىكى مولللارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

1.تۇرپان رايونىدىكى مولللارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

| سىڭگىم يېزىسى | | چاتقال يېزىسى | | ئايدىڭكۆل يېزىسى | | يار يېزىسى | | تۇرپان شەھىرى | | رايون |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | جىنسى |
| 32 | 18 | 41 | 21 | 28 | 11 | 28 | 14 | 6 | 3 | سانى |
| 40 | | 62 | | 39 | | 42 | | 9 | | جەمئىسى |

تۇرپان رايونىدىكى مولللارنى جىنس پەرقى جەھەتتىن سىلىشتۇرغاندا، ئايال مولللار كۆپ، ئەر مولللار ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بارغان ستاتېستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، ئايال مولللار ئومومىي مولللارنىڭ% 70.7 نى، ئەر مولللار بولسا% 29.3 نى ئىگەللىگەن.

تۇرپان رايونىدىكى مولللارنى تەكشۈرۈش ستاتېستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك موللا 13ياش، يېشى ئەڭ چوڭ موللا 73ياش ئىدى. ئەمما ياش پەرقى جەھەتتىكى سېلىشتۇرما ئانالىزغا قارىغاندا، تۇرپان رايونىدا ياش ۋە ياشانغان مولللار ئاز، ئوتتۇرا ياش مولللار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ياش ئاياللار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، تۇرپان رايونىدىكى ئومومىي مولللارنىڭ 40.3% ئىگەللەيدۇ.

2.تۇرپان رايونىدىكى مولللارنىڭ ياش پەرقى ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

www.kitaphumar.com

2.تۇرپان رايۇندىكى موللىلارنىڭ ياش پەرقى ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

| ياش ئايرىمىسى | 80---71 | | 70---61 | | 60---51 | | 50---41 | | 40---31 | | 30---21 | | 20----10 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنسى | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر |
| سانى | 1 | 3 | 5 | 7 | 28 | 13 | 37 | 24 | 33 | 13 | 17 | 5 | 4 | 2 |
| جەمئىسى | 4 | | 12 | | 41 | | 61 | | 46 | | 22 | | 6 | |

تۇرپان رايۇندىكى موللىلارنى تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايۇنىدىكى موللىلار مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە، ساۋاتسىز باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەر ۋە دىنىي تەربىيە ئالغانلار بىرقەدەر كۆپ. تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەر بىر ئاز، مەخسۇس كورس ۋە تولۇق كورس مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەر يوق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىدى. تۆۋەندىكى جەدۋەلگەئاساسلانغاندا ئايال موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەر موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسگەقارىغاندا بىرقەدەر يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ.

3. تۇرپان رايۇندىكى موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

3. تۇرپان رايۇندىكى موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

| مەدەنىيەت سەۋىيىسى | دىنىي تەربىيە ئالغانلار | | مەخسۇس كورس | | ئوتتۇرا تېخنىكوم | | تولۇق ئوتتۇرا | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | باشلانغۇچ | | ساۋاتسىزلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنسى | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر |
| سانى | 63 | 31 | 0 | 0 | 1 | 0 | 8 | 1 | 14 | 2 | 37 | 4 | 18 | 13 |
| جەمئىسى | 94 | | 0 | | 1 | | 9 | | 16 | | 41 | | 31 | |

تۇرپان رايۇندا كۆزىتىش، سۆھبەتلىشش ۋە سوئال قەغىزى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللاربىلەن ئېلىپ بېرىلغان خەلقنىڭ ئىشىنىش سەۋىيىسىنى ئۆلچەش ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايۇندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئومومىيۈزلۈك موللا (شامان دىنى) غا ئىشىنىش ھادىسىسى مەۋجۇت. يەنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرگەن 281ئادەم ئىچىدە، موللىغا ئىشىنىدىغانلار % 83.6نى ئىگەللىگەن. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ جىنىس پەرقىدىن قارىغاندا،

www.kitaphumar.com

ئاياللارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، % 93.2نى ئىگەللەيدۇ. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ ياش پەرقىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ياشلارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە پەرقىدىن قارىغاندا، ساۋاتسىز، باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق كورس مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەر كۆپ، تولۇق ئوتتۇرا، تېخنىكوم ۋە مەخسۇس كورس مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، شەھەر ئاھالىلىرى 78.6%نى ئىگەللىگەن، يېزا ئاھالىلىرى% 83.4نى ئىگەللىگەن. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ كەسىپ قۇرلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 87.8%، سەنئەتچىلەرنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 91.3%، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى68.4%، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى67.5%، مەمۇرى ئورگان خادىملىرىنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى % 76.4 بولغان. ئەمما سىستېمىلىق ئىسلام دىنى تەربىيىسى ئالغان دىنىي ئۆلىمالارقەتئىي ئىشەنمەيدىكەن.

يۇقارقى تەكشۈرۈش ئانالىزىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، تورپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئۆتمۈشتە ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرى خېلى چوڭقۇر ساقلانغان بولۇپ، ھازىرمۇ شامان دىنى ھادىسىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئىشىنىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت. ئەلۋەتتە بۇ يەردە، تارىختىكى ئەڭ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى بولغان شامان دىنى تورپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قانداق قىلىپ تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلەلىدى ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن، شامان دىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى بولغان شامان(موللا) لارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 3. شامانلارنىڭ شامان بولۇش يوللىرى

شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شامان باخشىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولىشىغا تايىنىدۇ. چۈنكى شامان دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى-ھەممە نەرسىدە روھ بارلىقىغا، ئىلاھ ۋە جىنلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشىنىش بولۇپ، ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىلاھ ۋە جىنلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. شامان دىنى رېئال دۇنياغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە تەبىئەتتىن، ئادەمدىن تاشقىرى بىر سىرلىق دۇنيانىڭ ۋە كۈچنىڭ

www.kitaphumar.com

بارلىقىغا ھەم ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى كونترول قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شامان دىنى ئالەمنى ئۈچكە بۆلگەن بولۇپ، ئۈستۈنكى دۇنيا جەننەت-پەرىشتىلەر ماكانى؛ ئوتتۇرىسىدىكى دۇنيا ئادەملەر دۇنياسى بولۇپ، ئىنسانلار ھەم ھايۋان ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماكانى؛ ئاستىنقى دۇنيا جەھەننەم بولۇپ، جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى ئىدى. شامان باخشىسى خاسىيەتلىك ھەم ئىلاھ ۋە جىنلار بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرگە ئىلاھ ۋە جىنلارنىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ياردىمىدە كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، ئادەم بىلەن ئىلاھتىن ئىبارەت ئىككى دۇنيانى باغلاپ تۇرىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق شامان باخشىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا بولمايدۇ. بەلكى ئىلاھنىڭ تاللىشى بىلەن بولىدۇ. ئىلاھ تەرىپىدىن تاللانغان ئادەملا شامان باخشىسى بولالايدۇ. ئۇنىڭ باشقا تاللاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ شامان باخشىلىرى ئىلاھ تەرىپىدىن قانداق تاللىنىدۇ؟ تۆۋەندە ئەمەلىي تەكشۈرۈش پاكىتلىرىغا ئاساسىدا بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

تۇرپان رايونىدىكى بىر شەھەر، تۆت يېزىدىكى شامان دىنى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، شامان باخشىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ موللا بوپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا ئاساسەن، شامان باخشىلىرىنىڭ شامان بوپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

1) شامان(موللا) بولۇش ـ ئىرسىيەتلىك بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى موللىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 32.3% موللا ئۆزىنىڭ موللا بوپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۆز جەمەتى (ھازىرقى ۋە ئىلگىرىكى ئۇرۇق-تۇققانلىرى) ئىچىدە، مۇشۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

1-ھېكايە: تۇرپان شەھەر ×× يېزا ×× كەنتتىكى ×× موللا بىلەن سۆھبەت. مەن بۇ يىل 39 ياش . بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىلى 7 يىل بولدى. بۇرۇن مېنىڭ ئاپامنۇ مەھەللىدە داڭقى بار موللا ئىدى. بىز 2 ئوغۇل، 3 قىز، بەش بالا ئىدۇق. ئاپام ئەسلى بۇ ئىشنى كىچىك سىڭلىمغا قالدۇرماقچى بولغانىدى. چۈنكى كىچىك سىڭلىم ئاجىز ئىدى. ئاپام ئۇنىڭغا دۇئا قىلسا، پەرلىرى ئۇنىماپتۇ. ئاكام بىلەن ئىنىم دائىم ھاراق ئىچىپ يۈرگەچكە ئۇلارمۇ بولمايدىكەن. شۇڭا، بۇ ئىش ماڭا قېپ قالدى. بولمىسا ئاپام ماڭا دۇئامۇ قىلماپتىكەن. ھەر ئاخشىمى چۈش كۆرىمەن، چۈشلىرىم شۇنداق ئوك چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپامغا دېدىم. ئاپام ئاڭلاپ، بۇ ئىش ساڭا قالىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى. ئاپام تۈگەپ كېتىپ، بىر يىلدىن كېيىن، مەنمۇ كۆرىدىغان بولدۇم.

www.kitaphumar.com

2ـهېكايە: تۇرپان شەھەر ×× يېزا ×× كەنتتىكى ×× موللا بىلەن سۆھبەت. مەن بۇ يىل 47 ياش. توي قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن چوڭ ئوغلۇم تۇغۇلدى. بالامنىڭ بۆشۈك تويىنى قىلغان ئاخشامدىن باشلاپ، ئاخشىمى قار بېسىپ ياتالمايدىغان بوپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ×× مەھەللىدىكى ×× موللامنىڭ يېنىغا باردۇق. موللام:«بوۋىلىرىڭنىڭ پىرلىرى ياتقۇزمايۋېتىپتۇ. ئۆزلىرىنى ئىزدەيدىغان ئىشى بارئىكەن. ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىسىلا، ×× غوجام بىلەن ×× غوجامنى يوقلاپ، بىر قارا قوينى قان قىلىپ، ئۆيدە خەتمە ئوقۇتكۈزسىلا» دېدى. ‹قايسى بوۋامدۇ؟ بىز› دەپ چوڭلاردىن سورىسام، دادامنىڭ ئاتىسى ئەينى زامانلاردا شۇنداق داڭقى بار موللا كەنتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەردە بۇنداق ئىش قىلغانلار يوقكەن. بوۋىمىزنىڭ روھى يۆلىگەن ئوخشايدۇ. بۇ ئىش ماڭا قاپتۇ. بۇ يىل ساق 18 يىل بولدى.

يۇقارقى بايانلاردىن قارىغاندا، موللا بوپ قىلىش مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ، داۋاملىشىدىغان بولۇپ، ئەجداد قېنىدىكى بۇ خىل ئېرسىي ئامىل كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەزىلىرىدە يوشۇرۇن، بەزىلىرىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ يەكۈنىمىزنى توغرا دەپ قارىساق، موللىلاردىكى پال ئېچىپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان، كېسەل داۋالىيالايدىغان بۇ خىل سىرلىق قابىلىيەتنى ئالاھىدە بىر خىل تۇغما قابىلىيەت دېگەن خۇلاسىنى چىقىرالايمىز. ئۇنداقتا بۇنداق تۇغما قابىلىيەت قەيەردىن كەلگەن؟ مەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خەلق ئاغزىدىن بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك بىر مەنبەگە ئېرىشتىم.

3ـهېكايە: تۇرپان شەھەر ×× يېزا ×× كەنتتىكى ×× موللا بىلەن سۆھبەت. خۇدايىتائالا ئادەم بىلەن ھاۋا ئانىنى يارىتىپ ئۇلارنى بۇ دۇنياغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنىكەن. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم سىرلىق قۇدرەتكە ئىگە بولغانىكەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئىنسانلار ئارىسىغا پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەنىكەن. ئەمما ئاللاتائالا دۇنيادىكى ھەربىر مىللەت ۋە ھەربىر قەۋمگە ئۆزلۈكسىز ھالدا، شۇ قەۋمنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان سىرلىق كۈچكە ئىگە كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغىزىدىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ ئىشنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆز قەۋملىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئەمما يەنە بەزىلىرى مەنپەئەت كويىدا بۇ خاسىيەتلىك قابىلىيىتىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بۇنداق كىشلەر ئاخىرىدا جىن-ئالۋاستىلار بىلەن دوست بولۇپ، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتماي، جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئەمرىنى تۇتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرىشىدىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا بۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى جىن چاپلاشقاندەك ساراڭدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ.

www.kitaphumar.com

بۇ بايانغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپكى سىرلىق قابىلىيەتكە ئىگە كىشلەر، ئاللا تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنىدى. كېيىنكىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەجداتتىن ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ ماڭغانىدى. دېمەك، بۇ خىل سىرلىق قابىلىيەت كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر خىل ئاھىدە تۇغما قابىلىيەت بولۇپ قالغانىدى. بىزگە مەلۇمكى، ئىنسانىدىكى ھەربىر خىل قابىلىيەت مەلۇم خىل گېن تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، ئىرسىي يول بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتىدۇ. بۇ خىل گېنلار بەزى ئەۋلادلاردا يوشۇرۇن ساقلانسا، بەزى ئەۋلادلاردا ئاشكارا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغائاساسلانغاندا، ھازىرقى شامانلاردىكى ئالاھىدە ئىقتىدارلارمۇ مانا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ قارىشىمىزنى توغرا دەپ قارىساق، ھازىرقى شامانلار ئىلاھ تەرىپىدىن تاللىنىدىغان بولماستىن، بەلكى بىئولوگىيىلىك تاللاشنىڭ كونتروللىقىدا بولىدۇ. شۇڭا ھازىرقى شامانلارنىڭ شامان بوپ قىلىشنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئىرسىي ۋارسلىق قىلىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما تەتقىقاتچىلار ئېيتقانىدەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداتلىرى يەنىلا ئىلاھ تەرىپىدىن تاللانغان بولىدۇ.

2) شامان(موللا) بولۇش ــ خىزىرغا يولۇقۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تۇرپان رايوندىكى موللىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايوندىكى 43.7% موللا ئۆزىنىڭ موللا بوپ قىلىش سەۋەبىنى خىزىرغا يولۇققانلىقىدەك ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

4-ھېكايە: تۇرپان شەھەر ×× يېزا ×× كەنتتىكى ×× موللا بىلەن سۆھبەت. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئاتامدىن 3 يېشىمدا قاپتىكەنمەن. بىر ئاكام يەنە بىر سىڭلىم بار . بۇرۇن تۇرمۇشىمىز تولىمۇ غورىگۇل ئىدى. ئاپام بىزنى قاتار قوشقىچە تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. مەن دائىم ئاپامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى ۋە ئېتىز ــ ئېرىق ئىشلىرىنى قىشىپ بېرەتتىم. بەزىدە ئاپام بىزنىڭ بەختسىزنى تىلەپ يىغلىسا، مەنمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئاپام دائىم مېنى كۆيۈمچان، دىلى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل بالا دەپ ماختايتتى. شۇنداق قىلىپ، چوڭ بولدۇق. توي قىلىپ باللىقمۇ بولدۇق. بىر كۈنى چۈشتە ئېتىزغا سۇ كەپتۇ. تاماقمۇ يېمەيلا يەر سۇغارغىلى بارغاندىم. 6 ـئاينىڭ 18-كۈنى چارشەنبە كۈنى ئىدى. ئىسسىق تازا قايناپ، تەر دېگەن بەدىنىمدىن قۇيۇلۇپ كەتتى. مېنىڭ يېرىم ئېتىزلىقنىڭ ئەڭ ئايىقىدا ئىدى. يەرنىڭ يېرىمىغا سۇ كىرىپ بولغاندا، قاراپ باقاي دەپ يەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتسەم، ئالدىمغا ئاق يەكتەك، ئاق سەللە، ئاق كالاچ كىيگەن، ئاق ساقاللىق بىر ئادەم ئۇچرىدى ۋە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ماڭا ئاۋۋال سالام قىلدى. مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ جاۋاب قايتۇردۇم. چۈنكى قولۇمدا گۈرجەك بار ئىدى. ئۇ ماڭا ئىللىق قاراپ:«جاپانى كۆپ تارتىنىڭ، ئاقكۆڭۈل ئادەم بولدۇڭ. بۇ پىچاقنى ساڭا ھەدىيە قىلاي، ئۆزۈڭگە ھەمرا قىل» دېدى ۋە ماۋۇ خەنجەرنى بەردى. مەن

www.kitaphumar.com

خەنجەرنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇ كىشى يېنىمدىن ئۆتكەندەك قىلدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام يوق. سۇبھانائاللا! مەن شۇ هامان خىزىرغا يولۇقۇپتىمەن دەپ يەرنى سۇغارماي ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. هېچكىمگە تىنماي، ئۈچ بولغاندا، چۈشۈمدە بىر نىملەرنى كۆرىدىغان بوپ قالدىم. چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىم ئوڭۇمدا يۈز بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئۆتەپ،نامىزىمدا تىلىدىم. دۇئا قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق كۆرىدىغان بوپ قالدىم.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار يولۇققان سىرلىق ئادەم، ئاق يەكتەك كىيگەن، ئاق سەللە يۆگىگەن، ئاق كالاچ كىيگەن، ئاق ساقاللىق ئەر كىشى بولۇپ، ئايال كىشى ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار ئۇچرىمايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ سىرلىق ئادەم ئىسلام ئەھكاملىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەن. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، «خىزىر يېشىللىق دېگەنلىك بولۇپ، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام قەدىمى قەيەرگە يەتسە، ئۇ يەر كۆكىرىپ، يېشىللىق بەرپا بولاتتى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام كۆپ تائەت-ئىبادەت قىلغانلىقتىن خۇدايىتائاللا ئۇنى بارلىق خەزىنىلەرگە مۇئەككەل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىر ئەلەيھىسسالام قىيامەتكىچە ھاياتتۇر.» شۇڭا ئۇ ئۆمرىدە كۆپ جاپا-مۇشەققەت تارتقان، ئەلەم چەككەن بولسىمۇ، سەۋر قىلىپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلغان، ئاقكۆڭۈل توغرا نىيەتلىك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە، ئۇلارغا خىلمۇخىل نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ. گەرچە ئۇ ھەدىيە قىلغان نەرسىلەر كىچىك، ئاددىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە بەركىتى ئالاھىدە بولىدىكەن. شۇڭا خىزىرغا يولۇققان كىشىلەر مۇشۇنداق سىرلىق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ خىل چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۇلار دەۋاتقان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر ئىلاھى روھ بولۇپ، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە، خالىغان جايدا ئۇچراۋەرمەيدۇ. بەلكى يولۇقىدىغان ئادەمنى تاللاپ خالىي جايلاردا يولۇقىدۇ. بېرىدىغان خاسىيەتلىك خەزىنىسىمۇ يولۇققانلا ئادەمگە ئوخشاش بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ پانىي ئالەمدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدىكى ئارخىپلىرىغا ئاساسەن بەزىلىرىگە كۆپ، بەزىلىرىگە ئاز، بەزىلىرىگە كۈچلۈك، بەزىلىرىگە ئاجىز بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا موللىلار موللا بوپ قىلىشتىن ئىلگىرى مەلۇم روھى كۈچنىڭ تاللىشىغا ئۇچرايدۇ دەپ قاراش مۇمكىن.

3) شامان(موللا) بولۇش - خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . تۇرپان رايونىدىكى موللىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ستاتىسكا ئانالىزغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى 23.4% موللا ئۆزىنىڭ موللا بوپ قىلىش سەۋەبىنى خاسىيەتلىك چۈش كۆرگەنلىكىدەك بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق چۈشنى ھەممىلا

www.kitaphumar.com

ئادەم كۆرەلمەيدۇ، پەقەت ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان،دىلى ئاق، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان، نەسەبى ساپ كىشىلەرلا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالايدۇ. ئەمما بۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسلا شامان(موللا) بولالىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى بۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنى كۆرگەنلەر قىلىشى قىلماسلىقى زۆرۆر بولغان مەلۇم مەجبورىيەت ۋە پەرھىزلىرى بولىدۇ. بۇلارنى ۋاقتىدا ۋە لايىقىدا ئورۇنلىيالىغانلار شامان (موللا) بۇلالايدۇ، لايىقىدا ئورۇنلىيالمىغانلار بولسا بۇنىڭ ئازابىغا قالىدۇ ياكى شامان (موللا) بولالمايدۇ.

5-ھېكايە: تۇرپان شەھەر ×× يېزا ×× كەنتتىكى ×× موللا بىلەن سۆھبەت. 1994-يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى كەچتەبىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە كۈننى كۆردۈم. كۈن شۇنداق ئۈچۈق ھەم نۇرلۇق ئىدى، سۇبھانئاللا! تۇيۇقسىز ئارقا تەرىپىمدىن بىر ئاۋاز كېلىپ: « بۇ نۇر ئاللانىڭ نۇرى! » دەپلا توختاپ قالدى. مەن شۇھامان ئارقىمغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم، ھېچكىم يوق، تۆت ئەتراپىمنىڭ ھەممىسىگە قاراپ چىقتىم، ھېچكىم يوق. شۇنىڭ بىلەن، قورقۇپ كېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم. مەن بۇرۇن باشقىلاردىن،«چۈشىدە كۈن كۆرگەن كىشى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تاراھەت ئېلىپ، ئىككى راكەت ناماز ئوقۇپ، تىلىكىنى تىلىسە ھەم ئۇچ كۈنگىچە كۆرگەن چۈشنى ھېچكىمگە دىمىسە، تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن شۇ بويىچەناماز ئوقۇپ، دۇئايىمدا، خۇدادىن ماڭا ئىلىم بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. نىمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى مەن كىچىكىمدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئېلىپپىنىڭ سۇنىقنىمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا بىزنىڭ ئۆيدىكى دائىم مىنى «قارتۇرۇك!» دەپ تىللايتتى. خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ، ھازىر «قۇرئان»نىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. كىشىلەرنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىمۇ بىلەلەيدىغان بولدۇم.

6-ھېكايە: بىر كۈنى ئاخشىمى چۈشۈمدە بىلىنىڭ ئاستى يوق، سەللە يۆگىگەن، ئاق ساقاللىق بىر ئادەم ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ساڭگىلاپ : «مەن خىزىر قولۇڭنى بەر!» دېدۇ. مەن قورقۇپ كېتىپ: «ياق، مېنىڭ ئېرىم بار» دەپتىمەن. ئۇ :«مەن سېنى خىسلەتلىك يولغا ئاپىرىمەن قولۇڭنى بەر!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قولۇمنى سۇندۇم. ئۇ بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئەتىسى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپ تىلەك تىلىدىم. بىر ئاي مۇشۇنداق خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈپ تۇردۇم. ھېچكىمگە دىمەي، بىر ئاي بولغاندا مەھەللىدىكى ×× موللىنىڭ يېنىغا كىرىپ بولغان ئىشنى دېدىم. ×× موللام ماڭا بىر قانچە ئايەتنى ھەر قېتىمدا 101 دىن، ھەر كۈنى ئوقۇپ، غوجاملارنى يوقلاشنى ئېيتتى. مەن شۇ بويىچە قىلىپ، ئۇچ ئايدىن كېيىن كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

بۇ خىل بايانلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى شامان (موللا) لار، شامان (موللا) بوپ قېلىشتىن ئىلگىرى يۇقارقىدەك خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرگەنىدى. بۇ خىل چۈشلەردە

www.kitaphumar.com

(كۆن، ئاي، يۇلتۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرلۇق يورۇقلۇق ھەم خىزىر ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار ئاساسلىق چۈش ئوبيېكتلىرى بولۇپ، شامان (موللا) لار ئۆزلىرىدىكى خاسىيەتلىك قابىلىيەتلەرنى چۈشتىكى مۇشۇ ئوبيېكتلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چۈشتە كۆرگەن نۇر ۋە يورۇقلۇق خۇدانىڭ نۇرى ھېكمىتى ئىكەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا شۇ خىل خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسى ۋە پىرى ئىدى.

بۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنى كۆرگۈچىلەر ئۆزىنى پاك، پاكىز تۇتىشى، ئۈچ كۈندىن ئۈچ ئايغىچە ھېچكىمگە دېمەسلىكى، ھەر كۈنى ناماز ئوقۇپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشى يەنى دىلىنى پاك تۇتۇپ، ئىخلاس بىلەن ئىستىقامەت قىلىشى كېرەك. ئاندىن شۇندىلا شامان (موللا) بولالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شامان (موللا) بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى شامان (موللا)لار شامان (موللا) بوپ قېلىشتىن ئىلگىرى مەلۇم خىل خاسىيەتلىك چۈش كۆرىدۇ. بۇ خىل خاسىيەتلىك چۈشنى ھەممىلا ئادەم كۆرىۋەرمەيدۇ. بەلكى دىلى پاك، ئاق كۆڭۈل، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان كىشىلەر كۆرىدۇ. بۇ خىل چۈشنى كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭ پەرھىزلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. مۇشۇ تەپسىلاتلارغا ئاساسلانغاندا، شامان (موللا) لارنىڭ شامان (موللا) بولىشى مەلۇم بىر روھى كۈچنىڭ تاللىشىغا ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ.

4) موللا بولۇش-تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىش ۋە بىر قانچە كۈن قاتتىق ئۇخلاپ قېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىسكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، % 6. 12 موللا ئۆزىنىڭ موللا بوپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، كىچىك چېغىدا تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپ كېيىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە بىرنەچچە كۈن سىرتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىدەك غەلىتە ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

7-ھېكايە: تۇرپان شەھەر ×× مەھەللە ×× كەنتتىكى ××موللام بىلەن سۆھبەت.سۈننەت قىلىپ تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىغانىدىم. بىر كۈنى مەھەللىدىكى باللار ئويناپلى دەپ كىرىپتىكەن. مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆرۈكلۈك باغقا ئوينىغىلى چىقتۇق. بىز مۆكۈشمەك ئوينىغانىدۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن كىچىكرەك ئىدىم. ئارىدىن بىرى تاپىدىغان بولدى. بىز مۆكتۇق مەن چەترەك بىر جايدىكى دۆۋلەپ قويغان ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ مۆكىۋالدىم، خېلى بىر چاغلارغىچە ھېچكىمنى تاپالمىدى. مەن خوش بوپ كېتىپ يېتىۋېرىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. مەن شۇ ئۇخلىغانچە ئۈچ كۈن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئۆيدىكىلەر مېنى ئىزدەپ بىر كېپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن مەن ئويغىنىپ ئۆيگە كىردىم. ئاتام مېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئاپام يىغلاپ ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ. پۈتۈن مەھەللىنىڭ ئىچى، پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلار بىسەرامجان بوپ كېتىپتۇ. مەن

www.kitaphumar.com

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپلا ئىشلارنى ئالدىن بىلىۋالىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىن ئالدىن بىشارەت بولالايدىغان بوپ قالدىم. ئاتام-ئاپاملار مەندىن ھەيران قېلىپ، بىزنىڭ داڭقى بار بىر موللا تۇغقىنىمىزغا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە: «پىرلار مېنىڭ روھىمنى ئېلىپ كېتىپ، ئۈچ كۈن ئالەمدىكى بارلىق ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىلىملارنى ئۆگىتىپتۇ. ئاندىن قايتۇرۇپ ئەپكېلىپ قويۇپتۇ». شۇڭا مەن مۇشۇنداق كۆرىدىغان بوپ قاپتىمەن.

ئۇلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇخلاپ قالغۇچىلار دائىم يىراق چەت ياقىلاردىكى ئادەم بارمايدىغان، كۆرمەيدىغان جايلاردا ئۇخلاپ قالغاندى. ئۇخلاش ۋاقتى ئۇخلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى قىسقا تۇيۇلغان. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاز بولغانلىرى يېرىم كۈن (4-5 سائەت) كۆپ بولغانلىرى ئۈچ كۈن ئۇخلاپ قالغاندى. بۇنداق سىرتتا ئۇزاق ئۇخلىغۇچىلارنىڭ ئۇخلىغان چاغدا چۈش كۆرگەنلىكى ۋە ياكى قورقۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا تەبىر بەرگۈچى موللارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا«پىرلار، خىزىر ياكى چىنتەنلەر ئۇلارنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىپ ئىلىم ئۆگەتتىدۇ». ئۇلارنىڭ قارىشىچە: «بۇنداق سىرتتا ئۇزۇن ئۇخلاپ قېلىش تاساددىيلىق بولماستىن، بەلكى پىر، خىزىر ياكى چىنتەنلەر تەرىپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش ياكى ئۇنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىش ئىدى». دېمەك، ئۇلارنىڭ موللا بولۇشى ئاللىبۇرۇن بەلگىلىنىپ بولغانىدى.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامان (موللا) لار شامان (موللا) بوپ قېلىشى، چەت-ياقا جايلاردا ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلاپ قېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنداق سىرتتا ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلاپ قېلىپ، كېيىن موللا بوپ قالىدىغان ھادىسىنى كىشىلەر «پىر، خىزىر ۋە چىنتەنلەر قاتارلىق روھى كۈچلەرنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى» دەپ قارايدۇ. بۇخىل چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، شامان (موللا) لارنىڭ شامان بولۇشى مەلۇم روھى كۈچلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

5) موللا بولۇش-ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشتىن كېلىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىسكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا،% 7 .16 موللا ئۆزىنىڭ موللا بوپ قېلىشىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ مەشىق قىلغانلىقى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىدىغىنىنى ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم سۈرە-ئايەتلىرى ۋە دۇئا-تىلاۋەتلىرى بولۇپ، ئۆزى قول بەرگەن (ئۇستاز تۇتقان) موللىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەلۇم ئۇسۇل ۋە قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ھەربىر سۈرە-ئايەت ۋە دۇئا-تىلاۋەتلىرىنىڭمۇ رەت تەرتىپى ۋە ئەددىتى بولىدۇ. ھەربىر باسقۇچنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىسى بولىدۇ. پەقەت ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، سۈرە-ئايەت، دۇئا-تىلاۋەتلەرنى ئەددىتىگە (ۋايىغا) يەتكۈزۈپ، ھەربىر باسقۇچنى ئاخىرلاشتۇرغاندا بىر دەرىجىگە

www.kitaphumar.com

كۆتۈرۈلدۇ. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندە قول بەرگەن كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن موللا بولغىلى بولىدۇ.

8-ھېكايە: مەن كىچىككىمدىن تارتىپلا ئانامنىڭ سۈرە-ئايەتلەرنى ھەپتىيەكلەرنى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. كېيىن، دادام ماڭا قۇرئان كېرەمنى ئوقۇشنى ئۆگەتتى. مەن تويى قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆيدە بىكار بولسالا قۇرئان كېرەمنى ئوقۇيتتىم. شۇڭا مەھەللىدىكى خەتمە ئۆتكۈزىدىغان چوڭ ئاياللار مېنىمۇ خەتمە ئوقۇشقا قوشۇۋالدى. مەھەللىمىزدە بىر ×× دېيدىغان ئايال موللا بار ئىدى. بىر قېتىم خەتمىدە ئۇ ماڭا:« مەن ئۆزلەنى تەربىيلەپ قوياي» دېدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا ئۈچ كۈن ئىچىدە «بىسمىللا» دىن 1101 نى، «ئاللا» دىن 1101 نى ئوقۇپ بولۇشنى تاپشۇردى. مەن شۇ بويىچە ئۈچ كۈن تەسۋىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ بولدۇم. ئوقۇپ بولۇپ بارسام، ئۇ موللا ماڭا: «ئەمدى‹سۈرە فاتىھە› نى 9461 نى، سۈرە ‹ئىخلاس›نى1002 نى ئوقۇپ بىر ئاق كەپتەرنى قان قىلغۇەتسىلە» دېدى.  مەن شۇ بويىچە قىلدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ بىرىنچى باسقۇچكەن. شۇنداق قىلىپ ئۈچ باسقۇچ تۈگىگەندە ئاخشىمى چۈشىمدە بىر ئىشنى كۆرسەم كۆندۈزى نەق ئۆزىلا يۈز بېرىدىغان بوپ قالدى. بەشىنچى باسقۇچنى تۈگەتكەندە، ئاخشىمى ئۇخلىسام قۇلاق تۈۋىمدە بىرسى گەپ قىلىپ ياتقۇزمايدىغان بوپ قالدى. 7 -باسقۇچ تۈگىگەندە كۆڭلۈمگە بىر ئىشلار ئايان بولىدىغان بوپ قالدى. 9 - باسقۇچ تۈگىگەندە ئاخشىمى ئۇخلىيالمايدىغان، كۆندىزى ئىچىم تىتىلداپ ئولتۇرالمايدىغان بوپ قالدى. ھېلىقى ئايال موللام دۇئا قىلىپ قويۇپتۇدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ كۆرىدىغان بوپ قالدىم.

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ يولغا قول بېرىش بەك خەتەرلىك ئىكەن. چۈنكى ھەربىر سۈرە، ئايەت ۋە دۇئا-تىلاۋەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەككىلىرى بار ئىكەن. ئەگەر چۈشكەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىمىسا، مۇئەكىلاتلار بۇ كىشىلەرنى تاسقاپ قويارمىش. ھەتتا بەزىلىرى شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىسا ئۆلۈپ كېتەرمىش. چۈنكى بۇ يولدا سەدىقە ۋە قان قىلىش ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. ھەربىر باسقۇچ تۈگەپ، مەلۇم دەرىجىگە چىققاندا، شۇنىڭغا يارىشا سەدىقە بېرىش ياكى قان قىلىش كېرەككەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، مۇئەكىلاتلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، كېسەل تارتىپ قالارمىش ياكى مەلۇم بالايى ئاپەتكە دۇچار بولارمىش. شۇڭا بۇ يولغا كىرىش بەك خەتەرلىك ئىكەن. ئۇستىخىنى ئاق، ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ دۇئا ۋە تىلاۋەتلىرى ئاسانلا ئىجابەت بولارمىش. بۇ يولدا كىشلەرگە بېرىلىدىغان ۋەزىپىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. بەزىلەرنىڭ كۆپ بەزىلەرنىڭ ئاز بولىدىكەن.

يۇقارقى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىدىغىنى ئىسلام دىنىنىڭ سۈرە-ئايەتلىرى، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىشنى ھەم سەدىقە بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. چۈنكى ھەربىر سۈرە-ئايەت ۋە دۇئا-تىلاۋەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس

www.kitaphumar.com

مۇئاكىلاتلىرى بولۇپ، ئۇلار قۇربانلىق قىلىپ تۇرغاندىلا ئۇلار قىلغان دۇئالارنىڭ ئەجرى ئۆچۈن، مەلۇم باسقۇچ ۋە دەرىجىگە يەتكەندە ئۆزلىرىنىڭ ھەممىتىنى ئىلتىپات قىلىپ، دۇئا قىلغۇچىسىغا ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى بېرىدىكەن. ئەگەر شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلمىسا، مۇئاكىلاتلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىكەن. تېگى پاك، ئىخلاسمەن كىشىلىرىنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى تېز ئىجابەت بولۇپ، ۋەزىپىلىرى ئاسانراق بولارمىش. يامان نىيەت بىلەن بۇ يولغا كىرگەنلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇپ، دۇئالىرى ئاسان ئىجابەت بولمايدىكەن. موللىمۇ بولالمايدىكەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايوندىكى بىر قىسىم موللىلارنىڭ موللا بولۇشى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پاك نىيەتلىك، ئىخلاسمەن كىشىلەر ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، مەشىق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم جەريان ۋە باسقۇچلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاندىن موللا بولالايدۇ. بۇنداق ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ مەشىق قىلىش كىشىلەرنىڭ قارىشىچە مەلۇم روھى كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «مۇئاكىلات» تىن ئىبارەت روھى كۈچ ياردەم بەرگەن دائىرە ئىچىدە، كىشىلەر بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولالايدۇ. بۇخىل چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، موللىلارنىڭ موللا بولۇشى مەلۇم روھى كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

6) موللا بولۇش-موللىلارنى دۇئاسىنى ئېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تۇرپان رايوندىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا %6. 8 موللا ئۆزلىرىنىڭ موللا بولۇپ قېلىشىنى باشقا (چوڭ) موللىلارنىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ يەردىكى دۇئا-قىلىش بولسا بىر قىسىم ياشانغان، كېسەلچان ۋەياكى بۇ ئىشنى قىلىشنى خالىمايدىغان موللىلار ئۆزلىرىدىكى سىرلىق قابىلىيەتنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر كىشىگە دۇئا قىلىپ يۆتكەپ قويىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق دۇئاغا ئېرىشكەن كىشى شۇ موللىلارغا ئوخشاش ياكى ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان سىرلىق قابىلىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.

9-ھېكايە: بىزنى قېيىنئانا بۇرۇن مۇشۇ ئىشنى قىلىدىكەنتۇق. تۆگەن كېتىشتىن 5 يىل ئىلگىرى قاتتىقلا كېسەل بولۇپ، يېتىپ قالدى. بۇ ئىشنى قىلالمىدى. بۇ يولغا كىرىپ قېلىپ، ۋاقتىدا ئېلىپ ماڭمىسىمۇ ئادەم تاسقىلىپ قالىدىغان گەپكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئايالغا مېنى، ئەر كىشى بولغاندىكىن بەرداشلىق ھەم بەش ۋاقىت ناماز ئۆتەيدىغان بولغاندىكىن مۇشۇ ئىشنى قولىغا ئالسا ،دەپتۇ. مەن ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى دۇئاسىنى ئېلىشقا باردۇق. قېيىنئانام يىغلاپ تۇرۇپ، دۇئا قىلدى. شۇ كېچىسىدىن باشلاپ قار بېسىپ ياتالمايدىغان بوپ قالدىم. ئۈچ كۈن بولغاندىن كېيىن قارمۇ باسمايدىغان بولدى. مەنمۇ كۆرىدىغان بوپ قالدىم. ئاپامۇ ساقىيىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە پىرلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

www.kitaphumar.com

بۇ خىل بايانلارغا ئاساسلانغاندا، موللىلار ئۆزلىرى رازىلىق بېرىپ، مۇشۇنداق دۇئا قىلسا، دۇئا ئالغۇچىمۇ رازىلىق بىلەن شەرتلەرنى ئادا قىلسا، موللىلارنىڭ پىر-مۇئەككىلاتلىرى دۇئا ئالغۇچىغا ئۆتۈپ، مەلۇم سىرلىق قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن موللا بوپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ موللا بوپ قېلىشىدا، موللىلارنىڭ پىر-مۇئەككىلاتلىرى ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىكەن. بەزى موللىلار دۇئا قىلغان بىلەن كۆڭلىدە ئۇنىمىسا ئۇلارنىڭ پىرلىرى يەنىلا يۆتكەلمەيدىكەن. ئەگەر پىلار-مۇئەككىلاتلار يۆتكەلمىسە، دۇئا ئالغۇچى موللا بولالمايدىكەن. شۇڭا دۇئا ئالغاندا پىر-مۇئەككىلاتلارنىڭ يۆتكىلىشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغۇچى موللىنى رازى قىلىش ھەم رازىلىقىنى ئېلىش كېرەككەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم موللىلارنىڭ موللا بولۇپ قېلىشى، موللىلارنىڭ ئۆزلىرىگە دۇئا قىلىپ قويۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار دۇئاغا ئېرىشىپ، موللىلارنىڭ پىرلىرى ئۇلارغا يۆتكەلگەندە ئاندىن موللا بولالايدىكەن. ئەگەر پىرلار يۆتكەلمىسە موللا بولالمايدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ موللىلارنىڭ موللا(شامان) بولۇشى مەلۇم روھى كۈچنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

7) موللا بولۇش- مەلۇم مەزگىل روھى كېسەل بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 83 . 7% موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، مەلۇم مەزگىل روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىدەك ئالاھىدە بىر ۋەقەنى تىلغا ئالىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى رەھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئاندىن يول تېپىپ موللا بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاز دېگەندە بىر ئاي، كۆپ دېگەندە ئون يىل روھىي كېسەل بولغانىدى. روھىي كېسەلگە گىرىپتار بوپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىزىرغا يولۇققاندىن كېيىن، بۇ سىرلىق ئىشنى مۆھلەتتىن بۇرۇن باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويغانلار ئىدى. يەنە بەزىلىرى خاسىيەتلىك چوش كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خاسىيەتلىك چۈشنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويغانلار ۋە شەرتلىرىنى ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلالمىغانلار ئىدى. يەنە بەزىلىرى سىرتلاردا ئۇخلاپ قالغان ۋە يوقاپ كېتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا روھىي كېسەل بولۇپ قالغانىدى. بەزىلەر موللا بولۇش ئۈچۈن باشقىلارغا قول بېرىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ مەشىق قىلىپ، كېيىن توختاپ قالغانلار ۋە شەرتنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلار ئىدى.

10-ھېكايە: بىز ئۇيغۇرلاردا «دەرد كەلمىسە بىشىغا، بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس» دەيدىغان گەپ بار. 16 يېشىمدا ياتلىق بولۇپ، 17 يېشىمدا چوڭ ئوغلۇمنى تۇغدۇم. ئوغلۇم 6 ئايلىق بولغاندا، ئېرىمدىن ئاجراشتىم. مەن ئاتا-ئانامنىڭ بىرلا قىزى ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-بالا ئۈچەيلەن ئاللادىن كېچە-كۈندۈز يىغلاپ بەختىمىزنى تىلەپ، جايىمازنى تۇتۇۋالغان

www.kitaphumar.com

خەقلەر بىز. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇۋەرسىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدىكەنسىز. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى ئۆيدە ياتسام ئۆيىنىڭ تورۇسىدا بىرسى كۆرىنىدۇ. ئۇ ماڭا گەپ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ گېپىنى بىلىمەن. لېكىن مەن ئۇنىڭغا گېپىمنى ئۇقتۇرالمايمەن. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى ئاغىل-تاغىل ۋارقىراپ ياتمايدىكەنسىز. كېيىن توي قىلغان ئېرىم «بىزنى ئۇخلىغىلى قويامسەن-يوق؟» دەپ تازا ئۇرۇپ كەتكەن. يە بۇ تاياق ئۆتمىگەن، شۇنداق قىلىپ 10 يىل ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇق-تۇققان ، خولۇم-قوشنىلارنى دىمىگىنى قالمىدى. ئۇ سارىك بوپ قاپتۇ دەۋاتقان، يەنە بەزىلەر باشقا بىر نېمە دەۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكى ئىلىملىق موللىلارنى يېنىغا بارغاندىن كېيىن، يول كۆرسىتىپ، دۇئا قىلىپ قويىدى. بۇ يىل 37 ياشقا كىردىم. كىشى كۆرىۋاتقىلى تويتوغرا 11 يىل بولدى .

بۇ خىل بايانلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم موللىلار مەلۇم مەزگىل روھى كېسەل بولۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇنداق كېسەلنىڭ سەۋەبى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ۋەزىپە ۋە شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقتىن ياكى كىشى ئاجىز كېلىپ قالغانلىقتىن پىرلا تاسقاپ قويىدىكەن. قاچان يولىنى تېپىپ شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلغاندا ئاندىن كېسەلدىن خالاس بولۇپ پىرلارنىڭ ياردىمىگە، يۆلىشىگە نائىل بولغىلى بولىدىكەن.

يۇقارقىدەك چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، موللىلارنى روھى كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ھادىسىسى بىر خىل يول تېپىش جەريان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىلاھى كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاش يولىنى تېپىش ئۈچۈن نوقۇل زۆرۈر بولغان يولدۇر. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش نوقۇل ھالدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئىنسانلارنىڭ بىر خىل روھى كېسىلى دەيدىغان قارىشى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە شامان دىنىغا بولغان ئۆزگىچە چۈشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىر قىسىم موللىلارنىڭ موللا(شامان) بولىشى، مەلۇم روھى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى موللىلارنى موللا بولىشىنى 7 خىل ئاساسى سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بىز بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، ھازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرموللىلارنى موللا بولىشى مەلۇم خىل ئىلاھى (روھى) كۈچنىڭ تاللىشىغا ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ. تۇرپاندىكى ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل روھى كۈچ خۇدا ۋە پىرلا ئىكەن. ئىسلام دىنىني ئۆلىمالىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، جىن-شاياتۇن ۋە چىنتەنلەر ئىكەن. ئەمما ئىلىم-پەن تا ھازىرغىچە بۇ خىل روھى كۈچنىڭ زادى قانداق كۈچى ئىكەنلىكىنى كىشى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. دۇنيادىكى شامان دىنى تەتقىقاتچىلىرى مۇشۇنداق بىر ئىلاھى

www.kitaphumar.com

كۆچنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېتراپ قىلسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىشكە ئاجىزلىق قىلماقتا. مەيلى ئۇ قايسى خىل ئىلاھى كۈچ بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئىنسانلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، شامان ئەقىدىلىرىنى يارىتىشقا ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس شامان مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا تۈرتكە بولغان.

## 4. شامانىزم مۇراسىملىرى

شامان دىنى دۇنيا دۇنياۋىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىر بولسىمۇ، ئەمما شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، شامان دىنىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆزگىچە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان. جۇغراپىيىلىك شارائىت مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك رايونلاردىكى شامان مەدەنىيىتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامان دىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى باشقا رايوندىكى ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭكىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشىماسلىققا ئىگە. بۇ خىل ئوخشىماسلىق دىنىي مۇراسىملاردا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

دىنىي مۇراسىمى-مەلۇم بىر دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ دىنىي مۇخلىسلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ. شامان دىنى ئىپتىدائىي دىن بولغانلىقتىن ئۇنىڭ قېلىپلاشقان، بىرلىككە كەلگەن دىنىي مۇراسىمى يوق، ئەمما ھەرقايسى مىللەت ۋە ھەرقايسى رايونلاردا شۇمىللەتنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۆرپ-ئادەتلىرىگەماسلاشقان،ئۆزگىچە دىنىي مۇراسىملار مەۋجۇت. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل شامان دىنى مۇراسىمى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان.

### 1) خەتمە ئۆتكۈزۈش

خەتمە ئۆتكۈزۈش-ئەسلىدە ئىسلام دىنىنىڭ تىلەك تىلەش مۇراسىمى بولۇپ، تاق ساندىكى ئەرلەر ياكى ئايالار گۇرۇپپىسىنىڭ مەلۇم بىر جايدا خەتمە-قۇرئان قىلىپ، تىلەك تىلەيدىغان دىنىي مۇراسىمدۇر. ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولغانلىقتىن، كىشىلەرنى بىر ئاللادىن باشقىغا ئىشەنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا دىنلارغا ئىشىنىشى قاتتىق چەكلەنگەندى. ئۇيغۇرلار تارىختىن

بۇيان ئاتا-بوۋىلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىغا يۇغۇرۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن بىللە شامان دىنىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ خىل داۋاملىششىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ خەتمە ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى شامان دىنىنىڭمۇ ئاساسلىق بىر دىنىي مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالدى.

تۇرپاندىكى ئۇيغۇر شامانلار خەتمە ئۆتكۈزۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي مۇراسىمى قىلغان بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى كەچتە چوڭ خەتمە، 11 خەتمە .... قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ. خەتمە ئۆتكۈزۈش ئايال شامانلار ئارىسىدا بىر قەدەر كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاز بولغاندا 3 كىشى، كۆپ بولغاندا 7 كىشى، ئايال شاماننىڭ باشچىلىقىدا خەتمە ئۆتكۈزىدۇ. ئالدى بىلەن خەتمە ئۆتكۈزگۈچى ئائىلىدىكى كىشى خەتمە ئۆتكۈزۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تائام-داستىخان تەييارلايدۇ. تاماقتىن كېيىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا پاكىزە ياكى يېپيېڭى بىر داستىخان سېلىنىپ، ئاياللار چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. ئايال شامان ئۇزۇندىن بۇيان يىغىپ توپلاپ قويغان، چوڭلۇقى بارماق قولدەك كېلىدىغان، ھەرخىل رەڭدىكى سۈزۈك تاشلارنى داستىخانغا تۆكىدۇ. بۇ تاشلار تاق ساندا بولۇپ، ئادەتتە 111 تال بولىدۇ. ئايال شاماننىڭ خەتمە باشلىشى بىلەن ئەتراپتىكى ئاياللار تاشلارنى ئالدىغا تارتىپ، قۇرئان كەرىمدىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنى سانى ۋە تەرتىپى بىلەن ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئايال شامان خەتمە باشلىغاندىكى دۇئادا ياكى خەتمە ئەۋجىگە چىققاندا ۋەياكى خەتمە ئاخىردىكى دۇئادا بۇ خەتمىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ۋە خەتمە ئۆتكۈزگۈچىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرىدۇ ۋە دەرھال ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. بۇنى شامانغا پىرلىرى يەتكۈزىدىكەن.

خەتمە-ئۇنىڭ مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىدىن قارىغاندا، يەنىلا بىر تىلەك تىلەش مۇراسىمى. ئەمما ئۆتكۈزۈلۈش خاراكتېرىدىن قارىغاندا، خەتمە مەلۇم بىر شاماننىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ تىلەكنىڭ نەتىجىسى ۋە سەۋەب قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ خىل خەتمىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ بىر خىل پال ئېچىش مۇراسىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇنى تېپىك شامان دىنىنىڭ مۇراسىمى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كىشىلەر بۇ خىل خەتمە ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى ئارقىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىدىن ئالدىن بىشارەت ئېلىپ، يامانلىقلارغا مۇۋاپىق سەۋەب قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ. بۇ خىل پال سېلىش مۇراسىمى ۋە شەكىل ۋە مەزمۇن(ئوقۇلىدىغان دۇرۇتلىرى) جەھەتتىن، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن ئىسلام دىنىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىمۇ بۇنى يات دىنىنىڭ دىنىنى مۇراسىمى دەپ قارىمايدۇ. خەتمە مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى

www.kitaphumar.com

بىلەن شامان دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. تۇرپان رايونىدىكى شامانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرى ۋە پائالىيىتى مانا مۇشۇنداق خەتمە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بارماقتا.

## 2) پال ئېچىش، سېھىر جادۇ قىلىش ۋە كېسەل داۋالاش

شامان دىنىدا شامانىنىڭ ئاساسلىق رولى سېھىرگەرلىك قىلىپ پال ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، كېسەل داۋالاش بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، يامانلىقلارغا مۇۋاپىق سەۋەب قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىققا جورۇپ، كېسەل داۋالايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىپادىلەپ بارىدىغان مۇراسىم-پائالىيەتلىرى بىر-بىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە ئۇسۇلدا پال ئېچىپ، سېھىر-جادۇ قىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ پىرلىرى ئۇلارغا بەرگەن قوراللار ۋە ئۇلارنىڭ خاسىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئىكەن. تۆۋەندە ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە خىل قورال ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان مۇراسىملار ئۈستىدە توختىلىمىز.

بىرىنچى، تەسۋىي تارتىپ پال ئېچىش. بۇ تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ مۇھىم دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى. تەسۋىي بۇ مۇراسىمدىكى ئەڭ ئاساسلىق قورال بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۇرۇقىنىڭ ئاز-كۆپلىكى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە خاسىيىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بەزىلەرگە بۇ تەسۋىينى خىزىر بەرگەنىكەن. يەنە بەزىلەر پىرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئۆزلىرى ياسىۋالغانىكەن. يەنە بەزىلەر بولسا ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، قولايلىق قىلىپ ئۆزى لاھىيىلەپ ياسىغانىكەن. شۇڭا، بۇ تەسۋىيلەرنىڭ بەزىلىرى ياغاچتىن، بەزىلىرى ئۇرۇقچىدىن، بەزىلىرى ئەينەك بويۇمدىن،يەنە بەزىلىرى مەرۋايىتتىن ياسالغان بولۇپ، سانى ئاز بولغاندا 33 ، كۆپ بولغاندا 101 دانە بولىدۇ.

شامان قولىدىكى تەسۋىيدىن پايدىلىنىپ ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەن كىشىگە پال ئېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كىشىنىڭ ئىسمىنى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپ، ئاندىن تەسۋىينى تارتىپ ئۇنلۇك ياكى ئىچىدە دۇرۇت ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن ھاجەتمەنگە ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى توغرىسىدا بىشارەت بېرىپ، ئامەتنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ۋە يامانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ سەۋەب تەدبىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

www.kitaphumar.com

تەسۋىي تارتىپ پال ئېچىش-قىسقا ھەم ئاددىي بولغان بىر جەريان بولۇپ، تەسۋىيدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن قارىغاندا، ئۇ بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئورتاق دىنىي مۇراسىم قوراللىرىنىڭ بىرى. مۇراسىمنىڭ ئاساسىي دۇرۇت ئايەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرىدۇر. ئەمما مۇراسىمنىڭ شەكلى ۋە ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر سېھرىگەرلىك قىلىپ پال ئېچىش جەريانى بولۇپ، شامان دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي مۇراسىملىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا تەسۋىي تارتىپ پال ئېچىش- تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى تىپىك بىر شامان دىنى مۇراسىمى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، سېھىر-جادۇ قىلىش. بۇ شامان دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ-مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىر خىل ۋاستە. ئۇنىڭ تۈرلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، دۇئايى-بەنت قىلىش ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

دۇئايى-بەنت قىلىش – شامانلار ھاجەتمەنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەلۇم ئادەمنىڭ كەلگۈسى ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا-ئىبادەت مۇراسىمى. بۇنىڭدا شامان ھاجەتمەنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەلۇم بىر ئادەمنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى بەخت-ئامەت يولىنى توسۇپ قويۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا خاس بولغان ئىسلام دىنى ئايەت ۋە دۇرۇتلىرىنى رەت تەرتىپى ۋە سانى بويىچە ئوقۇپ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. (1) قۇلۇپقا ئوقۇپ، قۇلۇپنى ئېتىپ، ئاچقۇچنى ئۆزى ساقلاش ، كىمكى بۇ قۇلۇپنى ئاچمىغۇچە يولى ئېچىلماس. (2) قونچاققا ئوقۇپ، پۇت قولىنى بوغۇپ، يىڭنە سانجىپ يوشۇرۇپ قويۇش، كىم بۇ قونچاقنى تېپىپ يىڭنىلەرنى ئېلىۋېتىپ، پۇت قولىنى بوشاتمىغۇچە كېسەل ۋە ئاغرىقتىن بېرى كېلەلمەس. (3) بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ ماڭغان ئىزىدىن بىرچىمدىم توپا ئېلىپ ئوقۇپ، قەغەز ياكى لاتىغا ئوراپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى دەرەخكە ئېسىپ قويۇش. ئەگەر بۇ توپا ئېلىۋېتىلمىگىچە، شامالدا ھەربىر قېتىم لىڭشىسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجرا بولۇپ، ئاخىرى ئاجرىشىپ كەتكۈسى.

يۇقارقى سېھىر-جادۇ قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر سېھىرگەرلىك جەريانى. سېھىر ئەپسۇنلىرى بولسا ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى شۇكى، ئۇ تىپىك بولغان بىر خىل شامان دىنى ھادىسىسى. شۇڭا بىز سېھىر-جادۇ قىلىشمۇ تۇرپان ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ مۇھىم بىر دىنىي مۇراسىمى دەپ ئېيتالايمىز.

ئۈچىنچى، خەنجەر ئوينىتىش. بۇ تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم موللىلار كىشى كۆرۈپ، كېسەل داۋالىغاندا، چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى، كېلىش مەنبەسى ۋە خاسىيىتى ئوخشاش بولمىغان خەنجەرلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھاجەت ۋە كېسەللىرىگە نىسبەتەن ئىشلىتىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا،

www.kitaphumar.com

بەزىلەرگە بۇ خەنجەرنى خىزىرغا يولۇققاندا بەرگەنىكەن. يەنە بەزىلەر بولسا پىرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياساتقانىكەن.

خەنجەر ئويىنتىش ــ ئاساسلىق كېسەل داۋالاپ قەستىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان بولۇپ، شامانلار خەنجىرىگە پىرلىرى ئۆگەتكەن سۈرە-ئايەتلەرنى ئوقۇپ ھۈرگەندىن كېيىن، خەنجەر سىرلىق كۈچ قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خەنجەرنى كېسەل كىشىنىڭ ياكى سېھىر جادۇ قىلىنغان كىشىنىڭ بەدىنىگە تەرتىپ ۋە ماس ھالدىكى تاق سان بويىچە سۈرگەندە، كېسەل كىشىنىڭ روھىغا دارىغان پىرلارنىڭ شامالنى ياندۇرۇپ، كېسەلنى ساقايتىدۇ ياكى قىلغان قەستىنى ياندۇرالايدۇ.

خەنجەر ئويىنتىش گەرچە شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەرياندا ئوقۇلىدىغان دۇرۇت ۋە ئايەتلەر ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بۇ مۇراسىمنىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلىپ، چەتكە قاقمايدۇ. يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ كېسەل داۋالاش ئېھتىياجىغا ماس كەلگەنلىكتىن، بۇ خەلق تەرىپىدىن يەنىلا قوبۇل قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، خەنجەر ئويىنتىش مۇراسىمىمۇ تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنى بىر ئاساسىي دىنىي مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ھايۋانلارنىڭ پەي ۋە سۆڭىكى بىلەن كېسەل داۋالاش. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېمىزم ئەقىدىلىرىنىڭ بەزى قاراشلىرىمۇ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، لاچىن ، تۇز... قاتارلىق قۇشلارنى ۋە بۆرە ، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنىڭ پەي ۋە سۆڭەكلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىققا باغلاپ چۈشىنىلىپ كېلىنمەكتە. تۇرپان رايونىدىكى بىرقىسىم شامانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنىمۇ مانا مۇشۇ خىل پەي ۋە سۆڭەكلەردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدۇ. ئېيىق قولى بىلەن كېسەل داۋالاش-بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى بولۇپ، ئەڭ ئىپتىدائىي شامان دىنى مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ.

ئېيىق قولى بىلەن كېسەل داۋالاش مۇراسىمى: بۇ خىل مۇراسىمدا، شامان ئالدى بىلەن ھاجەتمەنىنىڭ ئىسمى، ئانىسىنىڭ ئىسمى ۋە يېشىنى سورايدۇ. ئاندىن ئېيىق قولىنى ئالدىغا قويۇپ، ئۈنلۈك ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرىنى رەت تەرتىپى ۋە سانى بويىچە ئوقۇپ، ئېيىق قولىغا ھۈرۈپ تۇرىدۇ. (بۇ ئېيىقنىڭ سول قولى بولۇپ، ئۇنى پالگان (پالۋان) بوۋىسى تاغدا ئاتقان ئېيىقنىڭ قولى ئىكەن) ئاندىن ھاجەتمەنىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا خاس بولغان ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئېيىق قولىنى ئايالالارنىڭ كۆكسى ئاغرىپ قالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن دومىلىسا ساقىيىپ قالىدۇ. كىچىك باللارنى قوقاق تۇتىۋالغاندا، ئۇنى بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئايلاندۇرۇپ دومىلىسا، قوقاقنى قاچۇرىدۇ. تۇغماس ئايالالارنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن داۋالىسا، پەرزەنتلىك بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ئانا ئېيىقنىڭ سول قولى ئىكەن.

www.kitaphumar.com

هايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پەيلىرى بىلەن كېسەل داۋالاش مۇراسىمى ئەڭ ئىپتىدائىي شامان دىنى مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، تۇتېمىزم ئەقىدىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەننىدى. ئەمما ئۇنىڭ مۇراسىم سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت ئايەتلىرىنى ئاساس قىلغانىدى. ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ شامان دىنىنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋىشكە بولىدۇكى، ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پەي ۋە سۆڭەكلىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش-تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ناھايىتى تىپىك ھەم ئىپتىدائىي شەكىلدىكى شامان دىنى مۇراسىملىرىدۇر.

### 3) سەدىقە قىلىش

سەدىقە قىلىش-شامان دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي مۇراسىملىرىدىن بىرى سەدىقە قىلىش بولۇپ، ھاجەتمەننىڭ شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پۇل-ماللارنى سەدىقە قىلىشى ياكى جانىۋارلارنى قۇربانلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سەدىقە قىلىش ، تەڭرى ۋە روھلارغا سەدىقە قىلىش، تەبئەتكە سەدىقە قىلىش ۋە ئادەملەرگە سەدىقە قىلىش دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ تەڭرى ۋە روھلارغا سەدىقە قىلىش بىلەن ئادەملەرگە سەدىقە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سەدىقە قىلىش مۇراسىمى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بىرىنچى، تەڭرى ۋە روھلارغا سەدىقە قىلىش مۇراسىمى. بۇ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان دىنى مۇراسىم بولۇپ، شامان مەلۇم بىر كىشىگە پال ئېچىپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن بىشارەت بەرگەندىن كېيىن، ياخشىلىققا ئېرىشىپ، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەلۇم خىل رەڭدىكى قوي، كالا، ئۆچكە، توخۇ، كەپتەر قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى خۇدا ياكى مەلۇم بىر پىرغا ئاتاپ، مەلۇم بىر ۋاقىتتا قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرىدۇ. بۇ خىل سەدىقە قىلىش مۇراسىمى شامانىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ رەڭگى ۋە قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ھەم قۇربانلىق قىلىدىغان يۆنىلىشنى ماس ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شامان قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى سېھىرلىك قورالى بىلەن قۇربانلىققا قاراپ، ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن شامانىنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر ۋاستىچىسى بوغۇزلاپ بېرىدۇ. بوغۇزلىغاندا چىققان ئىسسىق قاننى ھاجەتمەن كىشىنىڭ بەدىنىگە ياكى كېسەل كىشىنىڭ ئاغرىغان جايىغا ئېقىتىدۇ. بۇ قان شامان رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن شامانغا مەلۇم ھەق بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ رەڭگى ئادەتتە ئاق، قارا، كۆك، قىزىل قاتارلىق تۆت خىل رەڭدە بولىدۇ.

www.kitaphumar.com

ئىككىنچى، ئاملەرگە سەدىقە قىلىش. بۇمۇ بىر خىل شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى بولۇپ، شامان پال ئېچىپ، كېسەل داۋالىغاندا ھاجەتمەنىنىڭ يامانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردىكى پۇل-پۈچەك ياكى نان، رەختلەرنى، مەلۇم بىر ۋاقىتتا، مەلۇم ئادەملەرگە قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ھەقسىز بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شامان ھاجەتمەنىنىڭ سەدىقە قىلىدىغان نەرسىلىرىگە، ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم دۇرۇت-ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ھۆرۈپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن، ھاجەتمەن بۇ نەرسىلەرنى بۇيرۇلغان ئادەمگە سەدىقە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەدىقە مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ. سەدىقە قىلىدىغان ئوبيېكتلار ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاجىز-مىسكىنلەر، مېيىپلار، قارىغۇ دېگەندەك كىشىلەر تاللاپ سەدىقە قىلىنىدۇ.

يۇقارقىدەك سەدىقە قىلىش مۇراسىملىرى شەكىل ۋە سەدىقە بېرىش ئوبيېكتى جەھەتتىن ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنىدىكى سەدىقە قىلىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، مەقسەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ مەلۇم مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنىدىكىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ. سەدىقە مۇراسىمىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت ئايەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما مەقسىدى ۋە ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمىدۇر. شۇڭا سەدىقە قىلىش-تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىرخىل شامان دىنى مۇراسىمى دېيىشكە بولىدۇ.

3) مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەك تىلەش. مازارلارغا تاۋاپ قىلىش، روھقا سېغىنىش ھادىسىسى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادقا چوقۇنۇشتەك دىنىي ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ شامان دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي ئاساسلىرىدىن بىرى. شۇ سەۋەبتىن مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەك تىلەش، شامان دىنىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق دىنىي مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۇ خىل دىنىي مۇراسىمىمۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تۇرپان رايونىدا 100دىن ئارتۇق مازارگاھ بار بولۇپ، ھەرقايسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خاسىيىتى بار ئىكەن. شۇڭا شامانلار پال ئېچىپ كېسەل داۋالىغاندا، مازارلىقلارنى يوقلاپ تىلەك تىلەشنىمۇ بىر ئاساسلىق دىنىي مۇراسىم سۈپىتىدە ئۆتكۈزىدۇ.

مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەك تىلەش ـ شامانىنىڭ باشچىلىقىدا ياكى شامانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ھاجەتمەنلەر كېسەللىكتىن ياكى پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مەلۇم بىر ياكى بىرقانچە خىل خاسىيەتكە ئىگە، بىر ياكى بىر قانچە مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ. ھەربىر مازارنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى ۋە خاسىيىتىگە ماس بولغان تاۋاپ قىلىش ئۇسۇلى بار بولۇپ، شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تىلەك تىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن مازارگاھقا قارانچۇق شەيخنىڭ باشچىلىقىدا مازارلىقنىڭ ئىچىگە

كىرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئالغاچ بارغان ماي ۋە پاختىلاردىن پىلىك ياساپ، چىراق يېقىپ قويىدۇ. چىراق يېقىپ بولۇپ، ئولتۇرۇپ تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ ۋە شەيىخكە سەدىقە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «شام قانچە كۈچلۈك، قانچە ئۇزۇن كۆيسە تىلەكلىرى شۇنچە تېز ئىجابەت بولارمىش. ئەگەر ئۆچۈپ قالسا تىلىكى ئىجابەت بولماسمىش». يەنە بەزىلەر شۇ جايدا نەزىر بېرىپ چوڭ خەتمىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا قوي قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىدۇ. مازارلارنى تاۋاپ قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم مۇراسىم چىراق يېقىپ، تىلەك تىلەشتۇر.

بۇ خىل مۇراسىمنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي ئېتىقاتتىكى ئەجدادقا چوقۇنۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوقۇلىدىغان دۇرۇت-ئايەتلىرىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت-ئايەتلىرى ئوقۇلىدۇ. مەقسىتىدىن قارىغاندا، كېسەلگە شىپا تېپىش ۋە سېھىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. دېمەك، بۇ خىل مۇراسىمنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر خىل شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمىدۇر. شۇڭا مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىپ تىلەك تىلەش- تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى يەنە بىر خىل شامان دىنى مۇراسىمى دېيىش مۇمكىن.

## 5. تۇرپان شامان دىنى مۇراسىملىرىنىڭ تۈرگە بۆلۈنۈشى

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامان دىنى مۇراسىملىرى ئۆز ئىچىدىن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاق يول، يەنە بىرى قارا يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بولۇپ، شامانلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان سېھىر-جادۇلىرىنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ  تۈرگە ئايرىپ چىققان.

شامانلار ئۆزلىرىدىكى خاسىيەتنى يامان ئىشلارغا ئىشلەتمەي، ياخشى ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولسا، ئۆزلىرىنى ئاق يولدا دەپ قارايدۇ. ئۆزىدىكى خىسلەتنى يامان ئىشلارغا ئىشلەتكۈچىلەرنى بولسا قارا يولدا دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا تۇرپاندىكى شامانلار ئىككى چوڭ  گۇرۇھقا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاقيولدىكىلەر، يەنە بىرى قارا يولدىكىلەردۇر.

1) ئاق يول-ئومۇمەن ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان شامانلارنىڭ تۇتقان يولى، يەنى شەرئىتى ۋە پەرھىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاق يولدىكىلەر سېھىر-جادۇ قىلغاندا، ئادەمنىڭ ھاياتىي ۋە سالامەتلىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، بەختلىك ئائىلىلەرنى بۇزىدىغان، باشقىلارنىڭ ئالدىنى(نىكاھ- بەختىنى) توسۇپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. سەدىقە ئالغاندا پىرلىرى ئۇلارغا بۇيرۇپ بەرگەننىسۇۋىسىنىلا ئالىدۇ. قۇربانلىق بۇيرىغاندا، ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنى بۇيرىمايدۇ. ئەكسىچە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان، نىكاھ چۈشمىگەنلەرنىڭ ئالدىنى(نىكاھ- بەختىنى) ئېچىپ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا

www.kitaphumar.com

بويرۇيدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ھەر ھەپتىنىڭ چاھارشەنبە ۋە جۈمە كۈنى كىشى كۆرۈشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئاساسلىق مۇراسىمى خەتمە ئۆتكۈزۈش، مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىش بولىدۇ، پال سېلىش، قان قىلىش بولىدۇ.

2) قارا يول-ئومۇمەن پايدا مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا ئىشلىتىدىغان شامانلارنىڭ تۇتقان يولى، يەنى شەرئىتى ۋە پەرھىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قارا يولدىكىلەرنى كىشىلەر جىنكەشلەرمۇ دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ سېھىر-جادۇ ئەپسۇنلىرى ۋە سېھىر-جادۇ قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، مۇددىئا-مەقسەتلىرىمۇ ئىنتايىن قەبىھ بولىدۇ. ئۇلار بەزى سېھىر-جادۇلارنى قىلغاندا، ئادەمنىڭ سۆيىدۈكىدە تاراھەت ئېلىپ ، قەبرىلەرنى تەتۈر مىنىپ، ئىسلام دىنى ئايەتلىرىنى تەتۈر ئوقۇيدۇ. بۇنداق سېھىر-جادۇ قىلىنغان ئادەم ياكى ئۆلۈپ كېتىدىكەن ياكى بىر ئۆمۈر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدىكەن. ئەگەر ئۇلارغا كۆپرەك نەپ بېرىلسە، بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ سېھىر-جادۇلارنى قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا بويرىغاندىمۇ چاشقان، ئېشەك قاتارلىق ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنى كۆپرەك بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى سېھىر-جادۇ قىلىش، قان قىلىش، خەتمە ئۆتكۈزۈش، مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىش بولىدۇ، پال سېلىش، قاتارلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدۇ.

### 6. خەلق ئارىسىدىكى شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەت ۋە قاراشلار

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا شامان دىنى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شۇنداقلا ھازىرمۇ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغاچقا، شامان دىنىنىڭ بىر قىسىم ئەقىدە-قاراشلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەت شەكلىدە ھېلىھەم كەڭ تۈردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تۇرپان يېزىلىرىدىكى خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1) موللىغا بېرىش(باخشى-پېرىخونلىرنىڭ يېنىغا بېرىپ سەۋەب قىلىش)

تۇرپان يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئائىلىدە بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالغاندا، دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنمەي، ئالدى بىلەن كېسەل داۋالايدىغان موللىلارنىڭ يېنىغا بارىدىغان ئەھۋاللار ھېلىمۇ مەۋجۇت. يەنە بەزى زىيالىي ئائىلىلەردىمۇ، بىرەر كىشى كېسەل بولۇپ، دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ ساقىيالمىسا، «كونىلىق قىلىپ باقايلى» دەپ موللىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كېسەلگە سەۋەب قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

2) مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىش

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىشىلەر بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى كېسەلگە گىرىپتار بولسا، مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلىش، كېسەللەرگە شىپا تېپىش ئۈچۈن مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان. تۇرپان رايونىدىكى مازارلار 100

www.kitaphumar.com

دىن ئاشدىغان بولۇپ، ھەربىر مازارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بار دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خاسىيەتنى كىشىلەرگە بىلدۈرىدىغان، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان رىۋايەتلىرى ھەم بۇ رىۋايەتلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ داۋاملاشتۇرىدىغان ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان خاس شەيىخلىرى بار بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆتمۈشتىن بۇيان، بۇ مازارلارنى «ھايات (غوجام مازار» دەپ تاۋاپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، تىلەكلىرىن ىتىلەپ كەلگەنىدى. بۇ خىل ئۆرپ-ئادەت ھازىرمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك ساقلانماقتا. بۇ مازارلارنى موللىلار بەزى كىشىلەرگە تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزلىكىدىن بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ.

3) قان قىلىش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، ھازىرمۇ بىر قىسىم شامان دىنىغا ئائىت قان قىلىش ئادەتلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە بىرەر كىشى كېسەل بولۇپ، كېسىلى سوزۇلۇپ كەتسە، بۇ كىشىنىڭ ساقىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغاندا، قوي، ئۆچكە، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ، قېنىنى كېسەل كىشىنىڭ بەدىنىگە سۈرتۈپ قويىدۇ ياكى ئېقىتىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار «قان دېگەن جانغا ئارا تۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ. كىشىلەر يەنە بىرەر ئىشى تازا يۈرۈشمىگەندە ياكى كېلىشمەسلىكتىن ئالدىن بىشارەت بولغاندىمۇ، قوي، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ، جامائەتكە چاي بېرىدۇ ياكى يېتىم-يېسىرلارغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇلار « ھەربىر كەسىپ، ھەربىر ھۈنەرنىڭ پىرى بار بولۇپ، پىرلار رازى بولمىسا ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئۇلار رازى بولغاندا، ئاندىن ئىشلار يۈرىشىدۇ. ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن قان قېلىش كېرەك » دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ خىل قان قىلىش ئادىتى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسدا يەنە كىشىلەر يېڭى ئۆي سېلىپ، كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى قوي، توخۇ قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ، ئۆينىڭ بوسۇغىسى ۋە بۇلۇڭلىرىغا قېنىنى ئېقىتىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئۆيمۇ پىرلىق بولىدۇ، ئۆينىڭ پىرلىرى رازى قىلىپ ئاندىن ئولتۇرۇش كېرەك بولمىسا، ئۆيدە بالا -قازا ۋە كېلىشمەسلىك تۈگىمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھازىرمۇ مەيلى قانداق جايغا، قايسى خىل شەكىلدە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى قان قىلىش بىر ئۇدۇم سۈپىتىدە ساقلانماقتا. ھەتتا بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەندىمۇ قان قىلىدىغان ئەھۋاللارر مەۋجۇت.

4) ئىسرىق سېلىش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، خىلمۇخىل ئىسرىق سېلىش ئادەتلىرى ساقلانغان. كىشىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، گۈلرەيھاننىڭ قۇرىغان غولىنى سۇندۇرۇپ، تاماق ئېتىدىغان مېتال چۈمۈچنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئوت يېقىپ، ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن باشلاپ تۆت بولۇڭى ھەم تۈرۈسلىرىغىچە، ئىسرىق سېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنى قارىشىچە، «بۇنداق قىلغاندا، ئۆيدىكى

www.kitaphumar.com

قوقاقلار چىقىپ كېتىدىكەن، ئەگەر بۇ قوقاقلار چىقىپ كەتمىسە، ئاخشىمى قار بېسىپ ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن. ئۆيدە جېدەل-ماجىرا، بالا قازا تۈگىمەيدۇ».

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يەنە ئۆيدە يېڭى بىر بالا تۇغۇلۇپ ئۇنى بۆشۈككە سېلىشتىن ئىلگىرى ئۆيدىكى ياشقا چوڭ موماي‌لار، گۈلرەيھاننىڭ قۇرىغان غوللىرىنى سۇندۇرۇپ، تاماق ئېتىدىغان مىتال چۆمۈچنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئوت يېقىپ، بۆشۈكنىڭ ھەممە يېرىگە بىر قۇر ئىسرىق سېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بۇنداق قىلغاندا، ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتمىگەن بۆشۈكتىكى قوقاقلار قېچىپ كېتىپ، بالا ياتقاندا ياخشى ئۇخلايدۇ، قارا باسمايدۇ».

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يەنە كىشىلەر ئۆزىنى مال ياكى باشقا نەرسىلەرنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىشتىن ئىلگىرى، ئۆيدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋىقى قاتارلىقلارنى، ئۇۋىتىپ، تاماق ئېتىدىغان چۆمۈچنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئوت يېقىپ، ساتماقچى بولغان مال ياكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى ئايلاندۇرۇپ ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ھەسەل ھەرىسىنى تاۋىقى بىلەن ماللارغا ئىسرىق سالغاندا، بازاردىكى خېرىدارلار ساتماقچى بولغان مالغا، خۇددى ھەسەل ھەرىسى تاۋاققا (ياماشقاندەك) ئۇلاشقاندەك ئۇلىشىپ قالىدۇ، خېرىدارى كۆپ بولىدۇ، قىممەت ھەم ئاسان ساتقىلى بولىدۇ». ھازىر كىشىلەر ئارىسىدا كىرا ئاپتوموبىللىرىغىمۇ مۇشۇنداق ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بۇنداق ئىسرىق سالغاندا، يولۇچىلار كىرا ئاپتوموبىلىغىمۇ ھەسەل ھەرىسى تاۋاققا ئۇلاشقاندەك ئۇلىشىۋالىدۇ، كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ».

5) ئاچلاش

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كىشىلەر بىر قىسىم كېسەللەرگە گىرىپتار بولغاندا، ئاشلايدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئائىلىلەردە بىرەرسىنى ئاشقازىنى كۆپۈپ قالسا ياكى يەل تۇتۇپ تولغاق بولۇپ قالغاندا، «ئاچ كىرىپ قاپتۇ» دەپ ئاچلايدىغان ئادەتلەر بار. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى يەتتە ئۆينىڭ تونۇرىدىن كۈل ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى بىر قاچىغا ئازراقتىن ئېلىپ لىق توشقۇزۇپ ، ئۈستىنى بىر ياغلىق ياكى رەخت بىلەن ئوراپ، چىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تۇتۇپ، كېسەل كىشىنى دۈم ياتقۇزۇپ، بېشىدىن پۇتىغىچە «ئاچ چىق!» دېگىنىچە ئۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ جەرياندا ، بۇ ئايال «ئاش چىق! ئاش چىق! ئاش چىق! ئەسكى تۈگمەنلەرگە بار، يوغان جۇجەملەرگە بار، ئۇزۇن چاچلىقلار بار، قاراقاشلىقلارغا بار، تەمبەللىكلەرگە بار. ئاش چىق! ئاش چىق! ئاش چىق!» دېگەن قوشاقنى ئوقۇيدۇ. بۇ چاغدا ئايال كىشى توختىماي ئەسنەيدۇ.چىنىدىكى كۈلمۇ يېرىم چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاچ چىقىپ كەتتى دەپ قارايدۇ. ئاندىن ئاشلىغان كىشىنى دەرھال ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىشنى بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئاچلار ئۇ ياتقان جايدا چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن

www.kitaphumar.com

باشقا يەنە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كىچىك باللار كۆپ يىغلايدىغان بولۇپ قالسا ياكى ياش چوكانلار ئۆزىنى بىر خىل روھسىز ھېس قىلغان چاغلاردىمۇ «ئاچ كىرىپ قاپتۇ» دەپ ئاشلايدىغان ئادەتلەر بار. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئاشلىغاندا، كۆلىنى ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە نان پارچىلىرىنى ياكى يەتتە خىل زىرائەتنىڭ دانلىرى ياكى قۇرۇق مېۋە قاتارلىقلار بىلەن ئاشلايدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

6) ئۈچۈقداش

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئائىلىلەردە كىچىك باللار بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەندە ياكى چوڭلار چۈشىدە قار بېسىپ، يۈزلىرىگە ياكى ئاغزىنى چۆرىسىگە بىر نەرسىلەر ئۆرلەپ قالغاندا، «ئۈچۈق تىگىپتۇ!» دەپ، ئۇلارنى ئۈچۈقدايدىغان ئادەت ساقلانغان. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى ئۈچۈق تېگىپ قالغان باللىنى ياكى كىشىنى غەرب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئېقىپ تۇرغان سۇ ياكى قارا ياغاچ شاخلىرى قاتارلىقلار بىلەن «ئۈچۈق! ئۈچۈق! » دەپ ئۈچۈقدايدۇ. ئۈچۈقداپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچۈقدالغان كىشى دەرھال ئولتۇرغان جايدىن تۇرۇپ كېتىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، « ئۈچۈق پىرلارنىڭ شاملى دارىپ قالغاندا تېگىدىكەن، كۆچلۈك كىشلەر ھېچنىمە بولمايدىكەن، ئاجىز كىشلەرنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ياكى ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە شۇنداق نەرسىلەر ئۆرلەپ قالىدىكەن. ئۈچۈقداش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شاملىنى ياندۇرغىلى بولىدىكەن.

7) روھ چاقىرىش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، كىچىك باللار يىقىلىپ كېتىپ ياكى بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ كېتىپ مىجەزى يوق، جىمغۇر بولۇپ قالسا، بۇ باللىنىڭ «روھى چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ روھىنى چاقىرىدىغان ئادەتلەرساقلانغان. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال باللىنى كۈن پېتىش ئولتۇرغان مەزگىلدە، قىبلىگە قارىتىپ، ئىسمىنى ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم چاقىرىدۇ. باللا «ھەئە» دەپ جاۋاب قايتۇرغاندا باللىنىڭ روھى قايتىپ كەلدى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئادەمدە 7 خىل روھ بولىدۇ، ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا ئادەم جىمغۇر، كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغدا روھىنى چاقىرىپ ئەكىلىۋېلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنىڭ روھىنى جىنلار ئېلىپ كېتىپ، تاقاپ قويارمىش».

8) تۇغ (چوكەن) باغلاش

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، ئائىلىدە بىرەر كىشى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلەپ چوكان باغلايدىغان ئادەت مەۋجۇت. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى يەتتە ئۆيدىن يەتتە خىل رەڭلىك رەخت پۇرۇچى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى كېسەل كىشىنىڭ بەدىنىگە دوملاپ، بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، ئۆيدىكى كىچىك باللارغا، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قۇرۇپ قالغان قارا ياغاچ دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ياكى مازارلىقلاردىكى يالغۇز دەرەخلەرگە

www.kitaphumar.com

ئاپىرىپ چىگىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. بۇنداق رەخت پۇرۇچلىرى چىگىلگەن دەرەخلەرنى تۇرپان يېزىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە،«ئادەمنىڭ بەدىنىگە چاپلاشقان كېسەل، مەلۇم بىر خىل رەھنىڭ چاپلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل بولىدۇ. شۇڭا يەتتە خىل رەڭلىك پۇرۇچنى كېسەلنىڭ بەدىنىگە دومىلىغاندا، رەڭگى ئوخشاش روھلار پۇرۇچلارغا ئىلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېسەل ساقىيىدۇ».

9) تۇمار پوكۇش

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كىچىك باللارغا كۆز تىگىپ قىلىشتىن، قورقاق ئۆتۈپ قىلىشتىن، ئاچ كىرىپ قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇمار پوكۇپ ئېسىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانغان. بۇنداق تۇمارنى بالىنىڭ ئاپىسى ياكى ئانىسى بالىنى كۆتۈرۈپ مەھەللىدىكى موللىلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، ئوچۇقدايدۇ. ئاندىن بىر قەغەزگە بالىنىڭ ئىسمى بىلەن بىر قاتاردا ئەرەپچە ئايەتلەر ياكى بىر قىسىم شەكىللەرنى يېزىپ، ئۇنى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە قاتلاپ، قارا دۇخاۋا رەختكە ئوراپ تىكىپ، ئاندىن يېپقا ئۆتكۈزۈپ بالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنداق قىلغاندا، « بالىنىڭ كۆز تېگىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، قورقاق ئۆتۈپ قالمايدۇ، ئاچ كىرىپ قالمايدۇ، بالا ساغلام چوڭ بولىدۇ».

يۇقارقىلاردىن باشقا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، ئائىلىلەردە يېڭى تۇغۇلغان بالا بولسا ئۇنى قورقاق تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قوشلارنىڭ پېيىنى بالا بىلەن بىللە ساقلايدىغان ئادەت بار. ئادەتتە، توز ياكى لاچىننىڭ پېيىنى تېپىپ كېلىپ، بالا ياتىدىغان بۆشۈكنىڭ بېشىغا قىستۇرۇپ قويىدۇ ياكى بالىنىڭ دوپپىسىغا قاداپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇنى «بالىغا قورقاق تېگىپ قىلىشتىن ساقلايدۇ» دەپ قارايدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە، بۆرە ئوشۇقى ۋە يىلان مۇڭگۈزى قاتارلىقلارنى مۇقەددەس بىلىپ ساقلايدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. بۆرە ئوشۇقى ياكى يىلان مۇڭگۈزىنى كىشلەر ئاۋۋال موللىلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئوقۇتقا سېلىپ، ئاندىن ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئەگەر شەرتنى ئورۇندىمسا ئۇنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ بېشىغا بالا قازا كېلىدۇ. ئەگەر ئەرلەر ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرسە بەخت-ئامەتلىك بولۇپ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسىدۇ. ئەگەر ئاياللار ئېلىپ يۈرسە نىكاھ بەختى چىقىپ، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

## 7. شامان دىنىنىڭ زامانىۋىيلىششى

دىن بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى

www.kitaphumar.com

جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ماسلاشتۇرۇش. زامانىۋىلىشىش-ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر تارىخى جەريان، شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرى. دىنمۇ ئۆز فۇنكسىيىسىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىل ئۆتكۈنچى دەۋرىنى ھامان بېسىپ ئۆتىدۇ. مانا بۇ دىننىڭ زامانىۋىلىشىشىدۇر.

تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى شامان دىنىدا زامانىۋىلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھادىسىسىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن چۈشىنىش مۇمكىن.

## 1) شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋىلىشىش ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشى دېگىنىمىز-ئادەمدىكى ئەنئەنىۋىي ئىنسانىي خىسلەتنىڭ زامانىۋىي ئىنسانىي خىسلەتكە ئۆتۈش جەريانىدىن ئىبارەت. زامانىۋىي ئىنسانى خىسلەت دېگىنىمىز زامانىۋىي جەمىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە لايىقلاشقان ئىنسانى خىسلەتنى يەنى ئىندىۋىدۇئال پىسخىك خاراكتېرنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىي ئىنسانى خىسلەتكە ئىگە ئادەم زامانىۋىي ئادەم ھېساپلىنىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە كۈزىتىش جەريانىدا، ئۇلاردا ھازىرقى زامانغا خاس بولغان قىممەت قاراش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بارلىقى بايقالدى.

(1) يىمەك ئىچمەكتىكى ئۆزگىرىش

تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلارنى ئۇزۇن مۇددەت كۈزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يىمەك-ئىچمەكلىرىنىڭ ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئادەت-قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي ھازىرقى زامانغا لايىقلىشىپ بولغانلىقى بايقالدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ياخشى بولغاچقا، ئۆيىدە گاز ئوچاق، دوخوپكا، توڭلاتقۇ، چۆپ چىقىرىش ماشىنىسى... دېگەندەك يىمەك-ئىچمەككە ئائىت زامانىۋىي ئۆي سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تاماقلىرى ئىلگىرى ئۇسكىنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋىي قارىشى بويىچە، «توك بىلەن قىلغان تاماق سوغۇق بولىدۇ، يىسە ئادەمگە زىيانلىق، ئوتۇن قالىماي (كۆيدۈرمەي) ئەتكەن تاماقنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. قولدا قىلمىغان تاماقنىڭ تەمى بولمايدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەمما ھازىرقى تۇرپان رايونىدىكى شامانلار زامانىۋىي ئىلكتىر ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ تاماق يەيدىغان بولدى.

www.kitaphumar.com

شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا، «ئۆيىنىڭ سىرتىدىن ياكى ئاشخانىلاردىن تاماق يىسە دىلى قارىيىپ قالىدۇ ياكى كىشى كۆرەلمەس بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەمما تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار رېستوران ۋە بازاردىكى ئىشخانىلاردا غىزالىنىشقىمۇ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا يەنە« زاۋۇتتا چىقىرىلغان نەرسىلەر هارام ياكى يېگىلى بولمايدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەمما ھازىرقى بىر قىسىم شامانلار ئائىلىدە پەمدۇر قىيامى، گۆلقەنت، ھەسەل، مېغىز تالقانلىرى قاتارلىق زاۋۇتلاردا ئىشلىنىپ چىققان بۇيۇملارنى ئىستىمال قىلىدىغان بولدى. يەنە بەزى شامانلار بىر قىسىم چەتئەلنىڭ يىمەكلىرىنىمۇ ئىستىمال قىلىدىكەن.

11-ھېكايە: بىر قېتىم مەن بىر ئايال شامانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، بۇ ئايال شامانىنى ئىزدەپ سىرتتىن 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئايال شامانغا مەخسۇس (安利 Amway ) شىركىتىنىڭ ماللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كەلگەنىكەن. بۇ ئايال شامان بەك سېمىز بولۇپ، يۈرۈش، تۇرۇشتا قىينىلىپ قالغاچقا، بۇ قىزنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئامرىكىدا ئىشلەنگەن، بىر قۇتىسى 350 يۈەنلىك ئورۇقلىتىش كاپسۇلىنى يەۋەتقانىكەن. ئايال شامانىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۈچىنچى قۇتىسى ئىكەن. بۇ دورا ئادەم ئادەتتىكىدەك تاماق يەپ، ئۇخلاۋەرسىمۇ يەنىلا ئورۇقلىتالايدىكەن. ئۇ بۇنى ئىستىمال قىلغاندىن كېيىن بەش كىلو ئورۇقلاپتۇ.

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى يىمەك-ئىچمەك قۇرۇلمىسى ۋە ئادەت -قاراشلىرى ھەققەتەن زامانىۋىلىققا قاراپ يۈزلەندى دېيىشكە بولىدۇ.

(2) كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىكى ئۆزگىرىش

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ بەلگىلىرىنى ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىنمۇ بايقىغىلى بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا،« شامان چوقۇم بېشىغا بۆك كىيىشى ياكى ياغلىق ئارتىشى كېرەك، بولمىسا ئوقۇشى ئاجىزلاپ كېتىدۇ» دېيىدىغان قاراشلار بار ئىدى. ھازىرقى بىر قىسىم ئايال شامانلار ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەنلەرنى كۆرگەندە ياغلىقمۇ چەگمەي، ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەنلا ئوقۇيدىغان بولدى. ھەتتا بىر قىسىم ياش ئايال شامانلار چاچلىرىنى بۇدرە قىلدۇرۇپ، رەڭگىنى بوياپ يۈرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئەر شامانلار ئارىسىدا ئۈچىسىغا كاستىيوم بۇرۇلكا، پۇتىغا خۇرۇم ئاياق، بېشىغا شىلەپە كىيىپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. دېمەك، ھازىرقى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىمۇ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئادىتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. تۇرپان رايونىدىكى شامانلار بۇرۇن كۆچانىڭ توقاچ سوپۇنىنى ئىشلەتكەن

www.kitaphumar.com

بولسا، هازىر ئەڭ ياخشى ئەتىر سوپۇنلارنى، چاچ سوپۇنلارنى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئەنبەر ئىشلەتكەن بولسا، هازىر ئەتىر ئىشلىتىدىغان بولدى. ئىلگىرى رادىئو-تېلېۋىزورلارنى «شەيتاننىڭ نەرسىلىرى» دەپ كۆرمىگەن بولسا، هازىر تېلېۋىزور، رادىئو،VCD قاتارلىقلارنى ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا هازىر شامانلارنىڭ كۆپچىسىدە يانفون ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇچۇر مەنبەسىنى ۋە هاجەتمەنلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولدى. دېمەك، تۇرپان رايونىدىكى شامانلار هازىر زامانىۋىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشقا باشلىدى.

(3) قاتناش قۇراللىرىدىكى ئۆزگىرىش

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرىدىكى ئۆزگىرىش هىساپلىنىدۇ. ئىلگىرى تۇرپان رايونىدىكى شامانلار ئېشەك ۋە ئېشەك هارۋىسى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلغان بولسا، هازىرقى شامانلار 1980-يىللاردا ۋېلسىپتنى، 1990-يىللاردا موتوسىكلېتنى، 2000-يىللاردا كىچىك ماشىنىنى ئۆزىنىڭ قاتناش قورالى قىلدى. هازىر شامانلار بىر جايدىن بىر جايغا بېرىشى بارغىچە تاكسىدا ئولتۇرۇپ مېڭىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى شامانلار خۇسۇسىي ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۆزى هەيدەپ ماڭىدىغان بولدى. دېمەك، قاتناش قوراللىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرمۇ، شامانلارنى زامانىۋىي ئاڭغا ئىگە قىلىشتا مۇهىم رول ئوينىغان.

شامانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى يۇقارقى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر، تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ قىممەت قاراش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى هازىرقى زامانىۋىي ئاڭ ۋە تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى هازىرقى بىرقىسىم شامانلارنى بىر خىل زامانىۋىي تۇرمۇش ئۇسلۇبىدىكى شامانلار دېيىشكە بولىدۇ.

## 2) شامان دىنى مۇراسىملىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، شامان دىنى مۇراسىملىرىمۇ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان. ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋىي شامان دىنى مۇراسىم-پائالىيەتلىرى، هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئۆزگىچە بىر خىل دىنىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

(1) خەتمە ئۆتكۈزۈش مۇراسىمىدىكى يېڭى يۈزلىنىش

www.kitaphumar.com

هازىر تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار ئۆزلىرى باش بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان خەتمە مۇراسىمىنىڭ كۆلىمىنى بىر قەدەر كېڭەيتكەن بولۇپ، ئادەم ياللاپ خەتمە ئۆتكۈزىدىغان ھادىسىلەر بارلىققا كەلگەن. يەنى ئايال شامان خەتمە ئۆتكۈزۈۋشكە ئۆزى باشچىلىق قىلماي، مەھەللىدىكى خەتمە ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئاياللاردىن ئىككى ياكى ئۈچنى مەخسۇس خەتمە باشلىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىققان. ئاندىن مەھەللىدىكى ياكى قوشنا مەھەللىدىكى خەتمە ئۆتكۈزۈشنى قىلىدىغان ئاياللارنى تەشكىللەپ، ھەر 7 ئايال كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، تەربىيەلەپ چىققان خەتمە باشلىغۇچىلارنى مۇشۇ گۇرۇپپىغا باش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ھەربىر قېتىم خەتمە ئۆتكۈزۈلسە، ئادەتتىكى خەتمە قاتناشقۇچىلىرىغا 30 يۈەندىن، خەتمە باشلىغۇچىلارغا 50 يۈەندىن ھەق بەرگەن. شامان بولسا ئۆز ئۆيىدە ھاجەتمەنلەرنى كۈتۈۋېلىپ، ھەربىر ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى خەتمە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا، شامان ئايال ئۇستىگە ئالىدۇ ۋە مۇۋاپىق ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن بۇ خەتمىنى ئۆتكۈزۈشنى خەتمە گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تاپشۇرىدۇ.

تۇرپان رايونىدىكى شامانلار بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ خىل (خەتمە ئۆتكۈزۈش) شامان دىنى مۇراسىمى، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى (خەتمە ئۆتكۈزۈش) شامان دىنى مۇراسىمىغا قارىغاندا مۇئەييەن دەرىجىدە كۆلەملەشكەن بولۇپ، كۈچلۈك مۇلازىمەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. بۇخىل مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى دىنىي مۇراسىم نوقۇل ھالدا، شامانلارنىڭلا ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ قالماي، بەلكى يەنە مەھەللىدىكى باشقا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىشتە مۇئەييەن تۈرتكە بولۇش رولىغا ئىگە ئىدى. بۇ خىل شامان دىنى مۇراسىمىدا، ئايال شامان بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى ئورۇنلاش مەقسىتىگە يېتىپ، ۋاقىت ۋە كۈچىنى تېجەپ قىلىش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. دېمەك، تۇرپان رايونىدا (خەتمە ئۆتكۈزۈش) شامان دىنى مۇراسىمى يېڭى بىر يۈزلىنىشكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

(2) سەييارە پال ئېچىش

2000-يىلدىن بۇيان، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ياخشى شامانلار ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈرۈمچى رايونىدىن ئولتۇراق ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدا سەييارە كىشى كۆرۈشكە باشلىدى.

شامانلار تۇرپان رايونىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ قەدىمى ئازلىغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكى باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياكى خولۇم-قوشنىلىرىغا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە كەلگەن ھاجەتمەنلەرگە شۇ مەزگىل ئىچىدە كېلىشنى تاپىلاپ قويىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچى رايونىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنى چوڭ-چوڭ

www.kitaphumar.com

ھاجەتمەندىن بىر ئىككىنى يولغا سالغاندىن كېيىن يەنە تۇرپانغا قايتىدۇ. دېمەك ئۇلار بىر خىل سەييارە كىشى كۆرۈش ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋي قاراشلىرىدا، «شامان بىر ھەپتە ئۆيدە تۇرمىسا پىرلىرى كېتىپ قالىدۇ ياكى ئاجىزلاپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما ھازىرقى شامانلار ئايلاپ-ئايلاپ ئۆيدە تۇرمايمۇ، ئوخشاشلا كىشى كۆرىۋېرىدۇ. سەييارە كىشى كۆرۈش ھادىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، شامانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ خىل سەييارە كىشى كۆرۈش ھادىسى، ھازىر تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى.

(3) پال ئېچىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى

ئالاقە ئۇچۇر ئەسۋابلىرىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قولىدا ياكى ئۆيىدە تېلېفون بار بولغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۇرپان رايونىدىكى بىرقىسىم شامانلار ھازىر تېلېفون ئارقىلىقمۇ، ھاجەتمەنلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، يامانلىقلارنى ياخشىلىققا جۆرۈيدىغان پال ئېچىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شامانلار ئادەتتە، ھاجەتمەن بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى، يېشى، ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپ ئاندىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرەتتى. ھازىر بولسا، بىر قىسىم ئارلىقى يىراق ياكى كۆرۈشۈش بىئەپ بولغان ھاجەتمەنلەر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىسمى، يېشى،ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە نېمە ھاجىتىنىڭ بارلىقىنى سوراپلا، تېلېفوندىلا ئۇنىڭ كەلگۈسى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، قىلىدىغان سەۋەپلىرىنى دەپ بېرىدىغان بولدى. بۇ خىل شامان دىنى مۇراسىمى بىر تەرەپتىن، ھاجەتمەنلەرگە ھەر تەرەپتىن قولايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىسخىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامانلارنىڭ تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئۇنۇم يارىتىشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

## 3) خەلق ئارىسىدىكى شامان دىنى مۇراسىملىرىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قان قىلىش، بىر خىل شامان دىنى مۇراسىمى بولۇپ، بۇ خىل مۇراسىملارنى كىشىلەر« يېڭى سالغان ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەندە، ئۆيدىكى قوقاقلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ياكى ئۆي پىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش» ئۈچۈن ئېلىپ باراتتى. ھازىر تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا، بىنا ئۆيلىرىگە كۆچۈپ كىرگەندىمۇ بۇ خىل قان قىلىش

www.kitaphumar.com

مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلەرنىڭ بارلىقى بايقالدى. تۇرمۇش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شامان دىنى مۇراسىملىرىغىمۇ يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بازارغا مال سېتىش ئۈچۈن كىرگىچە، ساتماقچى بولغان مالغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋۇقى بىلەن ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەرمۇ بار بولۇپ، ئەگەر «ساتماقچى بولغان مالغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋۇقى بىلەن ئىسرىق سالسا، خېرىدارلار مالغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئۇلىشىۋالىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئۆزى سېتىۋالغان كىرا ئاپتوموبىللىرىغىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىرا توشۇشقا مېڭىشتىن ئىلگىرى ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋۇقى بىلەن ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەگەر «ماشىنىغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋۇقى بىلەن ئىسرىق سالسا، يولۇچىلار ماشىنىغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئۇلىشىۋالاتتى» . شۇنىڭ بىلەن كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى.

بۇ خىل يېڭى ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى شامان دىنىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى يىلتىزىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئادەتلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىش ئىستىكىنى قوزغاشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن، شامانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەت-قاراشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە شامان دىنى مۇراسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن، تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ زامانىۋىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشى نوقۇل ھالدىكى تاشقى شارائىتنىڭ تەسىرى بولماستىن، بەلكى شامان دىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىلاستىكىلىق ئالاھىدىلىكنى ۋە خەلقنىڭ ئىجادچانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ.

## 8. خۇلاسە

ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىنىڭ مەلۇم جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەلۇم خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ بولغانلىقىدا دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. شامان دىنىنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا سۈزۈك ئېتىقاد ساقىنىدىلىرى سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دەل ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەلۇم خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش فۇنكسىسىنىڭ بار بولغانلىقىدىندۇر. شامان دىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن.

www.kitaphumar.com

1) شامان دىنى كىشلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ساغلاملىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

شامان دىنى پال ئېچىپ، سېھىر جادۇ قىلىپ كېسەل داۋالاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولغاچقا، تارىختىن بۇيان كىشلەرنىڭ خىلمۇخىل جىسمانىي ۋە پسىخىك كېسەللىكلىرىنىڭ شىپا تېپىشىدا ھالقىلىق رول ئويناپ كەلگەنىدى. تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار كېسەل داۋالاش بىلەن نام چىقارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيى ۋە ھويلىسى كېسەللەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ساقىيىپ چىققان كېسەللەر بۇ شامانلارغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن رەھمەت لەۋھەلىرىنى تەقدىم قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوڭ دوختۇرخانىلاردا ئۆزۈن داۋالىنىپ ساقايمىغان كېسەللەرنىڭ مۇشۇ شامانىنىڭ داۋالىشى بىلەن ساقايغانلىقى يېزىلغان. يەنە بىر قىسىم ياش قىز-جۇۋانلار شامانلارنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ نىكاھ بەختىنى تېپىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ بېرىشنى، كۆڭلىدىكى ئەندىشە ۋە خەۋپلىرىنى تۈگىتىشنى ئىلتىماس قىلىپ كېلىدۇ. شامانلار ئۇلارغا پال ئېچىپ بېرىپ، كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرىدۇ ۋە مەلۇم خىل ۋاستە ۋە مۇراسىملار ئارقىلىق يامانلىقلارنى ياخشىلىققا جورۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يورۇپ، ئۈمىدلىنىپ قايتىشىدۇ.

دېمەك، بۇ شامانلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كەسپى دوختۇرلار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخىك مەسلىھەتچىسى. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كىشلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ كەلگەن. شامان دىنى ۋە ئۇنىڭ دىنى ئەقىدە مۇراسىملىرىمۇ شامانلار بىلەن بىللە كىشلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

2) شامان دىنى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەڭشەش فۇنكسىيىسىگە ئىگە. شامان دىنى بىر خىل دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەخلاقىي قاراشلار ۋە پەرھىزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خىل ئەخلاقىي قاراشلار ۋە پەرھىزلەر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن باھالاش ۋە كۈچلۈك چەكلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى تەڭشەشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەنىدى. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى ئەنئەنىۋي جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت مۇقۇملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

ھازىرقى جەمىيەتتىمۇ، شامان دىنىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى كىشلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، شامان دىنى ئەقىدىلىرىدىكى ئەخلاقى قاراشلار ۋە پەرھىزلەر ھازىرمۇ كىشلەرنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، زامانىۋي جەمئىيەتتىكى كىشلەرنىڭ چەكتىن

www.kitaphumar.com

ئاشقان قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ئەخلاقى ھۆكۈم چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق كەيپىياتىنى ساقلاشتا بەلگىلىك رول ئوينىپ كەلمەكتە. مەھەللەردىكى خاتىرجەم، تۇراقلىق تۇرمۇش كەيپىياتىنىڭ رەڭدار ۋە خىلمۇخىللىقمۇ ئەنە شۇ شامان دىنىنىڭ بىر مۇھىم فۇنكسىيىدىن ئىبارەت.

3) شامان دىنى كۈچلۈك ئىلاستىكلىققا ئىگە. شامان دىنى پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ دىنىي مۇراسىم شەكىللىرى رەڭدار، ئەقىدە-قاراشلىرى كۈچلۈك ئىلاستىكلىققا ئىگە ئىدى. ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە ئەقىدە-قاراشلارنى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىز بېسىپ كەلدى. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرى، ئۇنى نېپىز بىر قەۋەت رەڭدار پەردە ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا شامان دىنى تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەن.

ھازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، شامان دىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىنى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىگە ماسلاشتۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىچە خاس تۇرمۇش ئۇسلۇبى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ماسلىشىپ، يېڭى شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاندى. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى خەلقنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش ئادەت-قاراشلىرىغا ماسلىشىپ، بىر خىل زامانىۋى سۈپەت بىلەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شامان دىنى مىڭ يىللار مابەينىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن ھالەتكە كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە مەيلى قانچىلىك تەرەققىي قىلسۇن، شامانىزم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا شۇنچە ماسلىشىپ، يىقىنلىشىپ بارماقتا. شامانىزم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھىساپلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1.ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989 -يىل

2.زارىپ دولات: « شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە-ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېرىكلار» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2000 -يىل

www.kitaphumar.com

3.دىلمۇرات ئۆمەر :« ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىدىنى تەتقىقاتى »(خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل

4. ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى سۆھبەت ۋە كۆزىتىشتىن كەلگەن.

2005-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ھۈنەر-كەسپلىرى ھەققىدە تەتقىقات

ئادىل غاپپار كارىزى

## 1.ھۈنەر-كەسپ ئۇقۇمى توغرىسىدا

ھۈنەر-كەسپ ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىشتىن ئىلگىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان «ھۈنەر-كەسپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب-پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىن ياسالغان قوشما سۆز. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە، «ھۈنەر» ۋە «كەسپ» دېگەن بۇ سۆزلەرگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات بېرىلگەن:« ھۈنەر [ھنر] (پارسچە) ھۈنەر، ماھارەت، ماھىرلىق»①، «كەسب [كسب] (ئەرەبچە) 1) ئۆگىنىش، ھاسىل قىلىش، ئىگىللەش؛ 2) ھۈنەر، مەشغۇلات»②. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «ھۈنەر-كەسپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن كىرگەن «ھۈنەر» دېگەن سۆز بىلەن ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «كەسب» دېگەن مەنا جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان ئىككى سۆزنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشىدىن ياسالغان قوشما سۆز. ئۇيغۇر خەلقى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان «ھۈنەر-كەسپ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئۆگەنگەن ماھارەت، ئىگەللىگەن ماھارەت ياكى ماھىرلىق بىلەن قىلىدىغان مەشغۇلات» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىستېمال مەنىسى بولسا «بىلىم-تېخنىكا، ماھارەت، تەجرىبە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ «ھۈنەر-كەسپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قاچاندىن باشلاپ، ئىستېمال قىلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، ئۇيغۇرلار بۇ ئاتالغۇنى چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە، ئىستېمال قىلىشقا باشلىغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىلدا «ھۈنەر-كەسپ»نى ئىپادىلەيدىغان خاس سۆزلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بەرگەن. يەنى مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «uz: uz kixi قولى ئەپلىك كىشى، ئىش ھۈنەرگە ماھىر ئادەم» ③، « uzmak: ئىمكار، شاگىرت» ④دېگەندەك ئىزاھاتلارنى بەرگەن. دېمەك، قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇز (uz)» دېگەن سۆز «ھۈنەر-

www.kitaphumar.com

كەسىپ»نى ئىپادىلەيدىغان خاس ئىسىم بولغان. چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرەب-پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. يەنى، «ئۇيغۇر تىلى لىكسىكا جەھەتتىن ئەرەب-پارس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بېيىغان... بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قوللىنىلىپ كەلگەن سان-ساناقسىز ناھايىتى ئىخچام، مەنىلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئەرەب-پارس تىللىرىدىكى سۆزلەر ئىگىلىۋالغان.»⑤ «ھۈنەر-كەسىپ» دېگەن قوشما سۆزمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەردە ئەرەب-پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇز (uz)» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، تا بۈگەنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھۈنەر-كەسىپ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىستېمال مەنىسىگە ئاساسەن ھۈنەر-كەسىپ ئۇقۇمىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن. ھۈنەر-كەسىپ دېگىنىمىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە توپلىغان، قورال-سايمان ۋە باشقا ماددىي ئەسۋابلارنى قانداق ياساش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى بىلىم-تېخنىكا ۋە ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. ھۈنەر-كەسىپ قول-ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى ياساش جەريانىدا نۇقۇل ھالدىكى بىلىم-تېخنىكىغىلا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەلگىلىك سەۋىيىدىكى ماھارەتكىمۇ ئېھتىياجلىق. ماھارەت دېگىنىمىز مەلۇم خىل تېخنىكىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئىشلىتىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىلىم-تېخنىكىلا بولۇپ بەلگىلىك سەۋىيىدىكى ماھارەت بولمىسا، ئۇ مۇكەممەل بولغان ھۈنەر-كەسىپ ھېسابلانمايدۇ. ھۈنەر-كەسىپ مەلۇم خىل بىلىم-تېخنىكا بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىبى قىسىملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغاندا ئۇزۇلۇقلۇقتا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن تاياق-توقماق ۋە تاش قوراللارنى ياساش ۋە ئىشلىتىش بىلىم-تېخنىكىلىرىدىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان ھەرخىل زامانىۋى ئىنېرگىيە بىلىم-تېخنىكىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. ھۈنەر-كەسىپنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«دۇنيا ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان ئەنگىلىيىلىك ئىنسانشۇناس ئېدۋارد . ب . تايلور (Edward B. Tylor) «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىدە، ئىلىم ساھەسىدە تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا ناھايىتى ئېنىق ۋە ئەتراپلىق ئېنىقلىما بېرىپ، بىلىم-تېخنىكىنى مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسى ئامىللار

www.kitaphumar.com

قاتارىغا قويغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس لېۋىس ھېنرى مورگان(L .H Morgan.) «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە، «تىرىكچىلىك ماھارىتى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسى»① دېگەن كۆزقارىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھۈنەر-كەسىپ ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي ساھەسىدە بولسۇن ياكى فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي ساھەسىدە بولسۇن، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئاساسى تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى.

ھۈنەر-كەسىپ ئىنسانلار ياراتقان بىلىم-تېخنىكا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھۈنەر-كەسىپ ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئاساس بولۇش رولىغا ئىگە. ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھەربىر قېتىملىق داۋالغۇش ياكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەلۇم خىل يېڭى ھۈنەر-كەسىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مىتال تاۋلاش ھۈنەر-كەسىپنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئىنسانلار جەمئىيىتى تاش-قوراللار دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بىرونزا قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن، ئىنسانلار تەبىئەتتىن يىغىپ-تىرىپلاش ئىقتىسادىدىن ئىگىلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوۋچىلىق ئىقتىسادى ئىگىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 16-ئەسىردە ياۋروپادا پارماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئىنسانلار سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويغان.

ھۈنەر-كەسىپ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتكە بېقىنىدۇ ۋە مەدەنىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ھۈنەر-كەسىپ مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسى ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسىمدا يەككە-يىگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن، بەلكى مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى باشقا ھەرقايسى ئامىللار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. يەنى، مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى باشقا ھەرقايسى ئامىللار ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ھۈنەر-كەسىپمۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى باشقا ھەرقايسى ئامىللارنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. تۆۋەندە ھۈنەر-كەسىپ بىلەن مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى باشقا ھەرقايسى ئامىللارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ھۈنەر-كەسىپ بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى

www.kitaphumar.com

ئىنسانلار ياراتقان ھەرقانداق بىر ھۈنەر-كەسىپ بارلىققا كېلىش بىلەن تەڭ چۈشۈنىشكە، كېڭىيىشكە ۋە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا يەتكۈزۈلۈشكە مۇھتاج. تىل ئىنسانلار تارىخىدا ھۈنەر-كەسىپنىڭ بۇخىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان كەلگەن بىردىنبىر قۇرال ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا،تىل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن ئوزۇقلۇققا ئېرىشىش ھۈنەر-كەسىپلىرىنى ئەڭ دەسلەپتە باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتە، ئەمەلىي ئىش-ھەركەت ياكى ئۈسۈل ھەركىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن، بىر-بىرىنى دوراپ ئۆگىنىش ئارقىلىق كېڭەيتكەن ۋە كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزگەن. ئىنسانلار ئارىسىدا تىل پەيدا بولغاندىن كېيىن بولسا، ئىنسانلار تېرىكچىلىك ھۈنەر-كەسىپلىرىنى تىل ئارقىلىق باشقىلارغا چۈشەندۈرگەن، تىل ئارقىلىق ئۆگىتىپ كېڭەيتكەن ۋە كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزگەن. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن بولسا، ئىنسانلار خىلمۇ-خىل ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ رىساللىرىنى يېزىپ، ھۈنەر-كەسپلەرنى باشقىلارنىڭ چۈشۈنۈشى، ئۆگىنىشى، تارقىلىشى ۋە كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈلۈشىدە زور قولايلىقلارنى ياراتقان. مەسىلەن:ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ياراتقان بارلىق ھۈنەر-كەسپلىرىنى يازما شەكىلدە يېزىپ قالدۇرۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ھۈنەر-كەسىپ مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان، شۇنداقلا بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. دېمەك، تىل ئىنسانلار ياراتقان ھۈنەر-كەسپلەرنى چۈشۈنۈش، ئۆگىنىش، كېڭەيتىش ۋە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى.

ئىنسانلارنىڭ تىلى پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا تىل بايلىقلىرى ھازىرقىدەك بۇنچە مول ۋە رەڭگارەڭ ئەمەس ئىدى. تىل بايلىقلىرىنىڭ ئىششى ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى بىلەن ماس قەدەمدە بولغان. يەنى ھەربىر مەدەنىيەت ھادىسىسى پەيدا بولغاندا، شۇنىڭغا خاس بولغان تىل ماتېرىياللىرى بارلىققا كېلىپ، ئىنسانلار تىل بايلىقلىرىنىڭ ئېششىغا تۈرتكە بولغان. دېمەك، ئىنسانلار ياراتقان ھۈنەر-كەسىپمۇ ئىنسانلار تىل بايلىقىنىڭ ئېشىشىغا نىسبەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى. چۈنكى، ئىنسانلار ھەر بىر ھۈنەر-كەسىپنى بارلىققا كەلتۈرگەندە، شۇ خىل ھۈنەر-كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك بولغان تىل ماتېرىياللىرى(خاس ئىسىملار، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، سۈپەتلەر،رەۋىشلەر...) مۇ بىرلا ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن. بۇ تىل ماتېرىياللىرى ئىنسانلار تىلىنىڭ لىكسىكا بايلىقلىرىنى بېيىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ئۆز مەقسەتلىرىنى ئۆز-ئارا تېخىمۇ تولۇق،تېخىمۇ توغرا ۋە ئىنچىكە ئىپادىلەشكە ئاساس بولغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ھۈنەر-كەسىپ رىساللىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلاردا 360 خىل ھۈنەر-كەسىپ بار بولۇپ، ھەربىر ھۈنەر-كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس نامى، قورال-سايمانلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۆلچەم

www.kitaphumar.com

بىرلىكلىرىنىڭ نامىرى بولغان. بۇ تىل ماتېرىياللىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لىكسىكا بايلىقلىرىنى ئاشۇرۇشتا تۆرتكىلىك رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھۈنەر-كەسىپ بىلەن تىل ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تىل ئىنسانلار ياراتقان ھۈنەر-كەسىپلەرنى چۈشىنىش، ئۆگىنىش، كېڭەيتىش ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ھۈنەر-كەسىپ بولسا، ئىنسانلار تىل بايلىقىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن تىل ماتېرىياللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى.

2) ھۈنەر-كەسىپ بىلەن تۈزۈمنىڭ مۇناسىۋىتى

تۈزۈم مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن تۈزۈم مەدەنىيىتى ناھايىتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئادەتتە سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تۈزۈم، قانۇن تۈزۈم، تەلىم-تەربىيە تۈزۈمى، ئەدەپ-ئەخلاق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈزۈملەر مەدەنىيەتنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭمۇ بارلىققا كېلىشى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، يوقىلىشى ۋە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مۇئەييەن بىر جەمئىيەتتىكى مەلۇم خىل سىياسىي تۈزۈم شۇ جەمئىيەتتىكى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى، جەمئىيەتتىكى سىياسىي ھاكىمىيەتكە پايدىلىق بولغان ھۈنەر-كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە، سىياسىي ھاكىمىيەتكە پايدىسىز بولغان ياكى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن ھۈنەر-كەسىپلەر بەلگىلىك دەرىجىدىكى چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ ياكى تەدرىجىي يوقىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، مىتال تاۋلاش، قورال-ياراق ياساش، قۇرۇلۇش-بىناكارلىق...قاتارلىق ھۈنەر-كەسىپلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھەرقانداق بىر سىياسىي ھاكىمىيەت دەۋرىدە توختىماستىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كېلەلىگەن. دېمەك، سىياسىي تۈزۈم ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم ئامىل.

مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ مەلۇم خىلدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈممۇ شۇ جەمئىيەتتىكى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىگە ماسلىشالىغان ھۈنەر-كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىگە ماسلىشالمىغان ھۈنەر-كەسىپلەر بەلگىلىك دەرىجىدىكى چەكلىمىلىككە

www.kitaphumar.com

ئۇچرايدۇ ياكى تەدرىجىي يوقىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلتۈرگەن تاش قوراللارنى ياساش ھۈنەر-كەسىپلىرى كېيىنكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەملىيىتىگە ماسلىشالماي تەدرىجىي يوقىلىپ كەتكەن، مېتال قوراللارنى ياساش بولسا، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. دېمەك، ئىقتىسادىي تۈزۈم ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل.

مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ مەلۇم خىلدىكى قانۇن-تۈزۈمى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ شۇ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنى، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە قايسى خىل ھۈنەر-كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدىكى سىياسىي بۇيرۇقنى قانۇنىي كۈچ بىلەن ئىجرا قىلىپ، مەلۇم خىلدىكى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ شۇ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلسا، مەلۇم خىلدىكى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانۇن-تۈزۈملەر ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىدۇ. يەنى، ھەر بىر ھۈنەر-كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەشغۇلات پرىنسىپى، قورال سايمانلارنى ئىشلىتىش قائىدە-قانۇنىيەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش تەرتىپى... قاتارلىقلار بولىدۇ. بۇ قائىدە-پرىنسىپلار ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ھەر بىر مەشغۇلات ھالقىلىرىغىچە ئومومىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھۈنەر-كەسىپلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلار قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشتا موھىم رول ئوينايدۇ. يەنى، ھەر بىر ھۈنەر-كەسىپ بارلىققا كەلگەندە، شۇ ھۈنەر-كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەشغۇلات پرىنسىپى، قورال-سايمانلارنى ئىشلىتىش قائىدە-قانۇنىيەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش تەرتىپى... قاتارلىقلارمۇ تەڭلا بارلىققا كېلىدۇ. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بۇ قائىدە-پرىنسىپلىرىنىمۇ ئىنسانلار قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەپ-ئەخلاقى بولغىنىدەك، ھەر بىر ھۈنەر-كەسىپنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى بولىدۇ. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بۇخىل ئەخلاقى مىزانلىرى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يەنى، ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئەخلاقى مىزانلىرى ھەربىر ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ھۈنەر-كەسىپ مەشغۇلاتى ئۈستىدىكى ھەرىكەت ۋە قىلمىشلىرىغا چەك قويۇپ ۋە باھا بېرىپ، ھۈنەرۋەنلەرنى زېھنىنى چاچماي

www.kitaphumar.com

تېرىشىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۈنەرۋەنلەر ماھارەتتە يۈكسىلىپ، ھۈنەر-كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

ھۈنەر-كەسىپمۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، ئىنسانلار ئەدەپ-ئەخلاق مەزمۇنىنى بېيىتىش رولىغا ئىگە. يەنى، ھەر بىر ھۈنەر-كەسىپ بارلىققا كەلگەندە، شۇ ھۈنەر-كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەخلاقى مىزانلىرىمۇ تەڭلا بارلىققا كېلىدۇ. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بۇ ئەخلاقى مىزانلىرىنىمۇ ئىنسانلار ئەدەپ-ئەخلاقى تۈزۈملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقارقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى،ئىنسانلارنىڭ تۈزۈم مەدەنىيىتى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، يوقىلىشى ۋە تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ھۈنەر-كەسىپلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ تۈزۈم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە بېيىپ مۇكەممەللىشىشىگە نىسبەتەن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3) ھۈنەر-كەسىپ بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى

دىنىي ئېتىقاد ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك باسقۇچىتىكى مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، مەدەنىيەتنىڭ تەركىبى قىسمى ئىچىدىكى ھەرقايسى ئامىللارغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ھۈنەر-كەسىپلەرمۇ ئىنسانلار ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان ھەرخىل دىنىي ئېتىقادلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. دىنىي ئېتىقاد ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى، تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكى، ئەخلاق-مىزانلىرى ۋە يوقىلىشى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى، ئىنسانلار مەلۇم خىل دىنىي ئېتىقاد شەكلىگە ئېتىقاد قىلغان دەۋردە شۇ خىل دىنىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەكسىچە، شۇ جەمئىيەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەنگەن ياكى يوقىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە شۇ جەمئىيەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئەخلاق-مىزانلىرىدا شۇ جەمئىيەتنىڭ دىنىي ئەقىدە قاراشلىرىغا خاس بولغان ئەخلاق-مىزانلار ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىللىگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، قەندىھار مىمارچىلىق سەنئىتى... قاتارلىق ھۈنەر-كەسىپلەر بارلىققا كەلگەن ۋە مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە بۇددا دىنىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتكەن. ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ئەخلاق-مىزانلىرىدا بولسا، بۇددا دىنىنىڭ

www.kitaphumar.com

ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە ئەخلاق-مىزانلىرى ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە بولسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەيكەلتىراشلىق ھۈنەر-كەسپلىرى چەكلەنگەن ھەم يوقىتىلغان، رەسساملىقنىڭ ئورنىنى نەققاشلىق ئالغان، قەندىھار مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئورنىنى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئالغان. ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىدىكى بۇددا دىنىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئىگىلىگەن. ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ ئەخلاق-مىزانلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە ئەخلاق-مىزانلىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى ۋە ئەخلاق-مىزانلىرى ئىگەللىگەن.

يۇقارقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھۈنەر-كەسپ بىلەن دىنىي ئېتىقاد ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دىنىي ئېتىقاد ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى،تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ياكى كېمىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ؛ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ؛ ئەخلاق-مىزانلىرىنىڭ ئۆزگىرىش خاراكتېرىنى بەلگىلەپ، مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4) ھۈنەر-كەسپ بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىقتىساد مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىل. ئىنسانلار ھەر بىر خىل ئىقتىسادىي ئىگىلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەندە، شۇ خىل ئىقتىسادىي ئىگىلىككە خاس بولغان ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. ھۈنەر-كەسپلەرمۇ مەدەنىيەتنىڭ تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە، ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىقتىسادىي ئىگىلىك ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بەلگىلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىل. ئىنسانلار باشتىن ئۆتكۈزگەن ھەربىر خىل ئىقتىسادىي ئىگىلىك دەۋرىدە شۇ خىل ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان ھۈنەر-كەسپلەر بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئەكسىچە، ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھۈنەر-كەسپلەر ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە شاللىنىپ قېلىپ، يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مەسىلەن، ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىك دەۋرىدە،بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي تىرىكچىلىكنىڭ زورۇر قورالى بولغان ئوقيا ۋە ئوقيا ياساش ھۈنەر-كەسپى ئىنسانلار بوستانلىق-تېرىم ئىقتىسادىي ئىگىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئوقياغا ئېھتىياجى چۈشمىگەنلىكتىن تەدرىجى ھالدا شاللىنىپ قالغان. ئەكسىچە، بوستانلىق-تېرىم ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي تىرىكچىلىكنىڭ زورۇر قورالى بولغان تېرىقچىلىق قوراللىرىنى ياساش ھۈنەر-كەسپلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن ۋە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان سودىمۇ ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئىنسانلار جەمىيىتىدە سودا-سېتىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدا كۈندىلىك تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك قول-ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغان. قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى سودىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى قول-ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە ھۈنەر-كەسپ بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنىڭ ئاساسى بولۇپ، مەخسۇس ھۈنەر-كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھۈنەر-كەسپلەر مەخسۇس كەسپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ مەخسۇس كەسپلىشىشى، تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى يەنە ئۆزنۆۋىتىدە، سودا-سېتىق تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساس بولغان. ھۈنەر-كەسپ تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان قول-ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن، قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى سودىسىنىڭ تۈرلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆپىيىپ، سودا-سېتىقنىڭ تۈرلىرىنى بېيىتىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس بولغان. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، شەھەر-بازارلارنىڭ كۆپ بولىشى ۋە شەھەر-بازارلاردا قايناق سودىنىڭ بولىشى، ئۇيغۇر ھۈنەر-كەسپ تۈرلىرىنىڭ كۆپ بولىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىقتىساد ۋە سودا ھۈنەر-كەسپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ، ھۈنەر-كەسپلەر بولسا سودا-سېتىقنىڭ تۈرلىرىنى بېيىتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

### 3.ئۇيغۇر ئەنئەنىۋي ھۈنەر-كەسپلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

بۇ ئەسەردە ئاساسلىق تونۇشتۇرۇلىدىغىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋي ھۈنەر-كەسپلىرى بولۇپ، زامانىۋي بىلىم-تېخنىكا توغرىسىدا توختالمايمىز. ھۈنەر-كەسپ ئۇقۇمىغا بېرىلگەن ئېنىقلىمىغا ئاساسەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋي ھۈنەر-كەسپلىرىگە تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋي ھۈنەر-كەسپلىرى-ئۇيغۇر مىللىتى تارىخى تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلتۈرۈپ، ۋارىسلىق قىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن، تەبىئىي بايلىقلارنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە توپلىغان، قۇرال-سايمان ۋە باشقا

www.kitaphumar.com

ماددىي ئەسۋابلارنى قانداق ياساش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى بىلىم-تېخنىكا ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ھۈنەر-كەسىپلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى ۋە مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

مىللەت تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، دەسلەپكى ئۇيغۇر ئىپتىدائىي توپىنىڭ تەدرىجىي ھالدا قانداشلىق جەمەتكە، ئۇرۇقداشلىققا، ئۇرۇق قەبىلىسىگە، قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەرەققىي قىلىشى ھەم مۇشۇ ئاساستا، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ دەسلەپكى «تەبىئىي شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدىسى» بولغان ئىپتىدائىي ئۇيغۇر مىللىتى(گەرچە ئۇيغۇر مىللىتى ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ) ـ ئىنسانلار تارىخىدىن ئىلگىرىكى ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ھەم ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئۇيغۇر مىللىتى تەدرىجىي ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئۆزگەرگەن دەپ قاراش مومكىن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ھۈنەر-كەسىپلىرى تارىختىن ئىلگىرىكى ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس لېۋىس ھېنرى مورگان( L .H .Morgan) نىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدىكى «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى» توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، «ئىنسانلارنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچى ـ ئىنسانلارنىڭ بىلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىش ۋە ئوت ئىشلىتىش ساۋادىغا ئېرىشكەن ۋاقت»① ئىدى. بىز بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي ھۈنەر-كەسىپلىرى ئوت ئىشلىتىشنى بىلىشتىن باشلانغان دېيەلەيمىز. بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «چىن تۆمۈر باتۇر(ئاق ئۆلەمبەردىخان داستانى)②»... قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرىدىكى « چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ مەختۇمسۇلاغا ئۇچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانلىقى؛ مەختۇمسۇلانىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يېنىغا ئوت سوراپ بارغانلىقى؛» قاتارلىق ۋەقەلىكلەر، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختا ئوت ئىشلىتىشنى بىلىشنى ئەڭ مۇھىم ھۈنەر-كەسىپ قاتارىغا قويغانلىقىنىڭ تىپىك بىر دەلىلى.

مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىشى بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. مەدەنىيەت جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ، يەنى ياياق مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلەشمە

www.kitaphumar.com

جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى قويۇق يايلاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە.»③ ئىقتىسادىي مەدىنىيەت تىپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوۋچىلىق مەدەنىيەت تىپى، پادىچىلىق مەدەنىيەت تىپى، بوستانلىق-تېرىم مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي مەدىنىيەت تىپىدۇر. دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ھەم ئادەتلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بويان، ئىپتىدائى تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزىم ۋە تۇتېمىزىم قاتارلىق ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقادلارغا ۋە شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، نىستورىيان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر قەدەر سىستېمىلاشقان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار ھەر بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە، شۇ دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇ دىنىنىڭ ھەر خىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بىللە داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىدە، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ھالەت شەكىللەنگەن.

يۇقارقىلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى- كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىنكاسچانلىققا ئىگە، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەتتۇر. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر-كەسپلىرى تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر-كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن بىردەك دېيىشكە بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. [ئامېرىكا] لېۋىس ھېنرى مورگان(L .H .Morgan): باباخان تەرجىمىسى: «قەدىمكى جەمئىيەت»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىل نەشرى.
2. مۇھەممەتتۇرسۇن قاتارلىقلار تۈزگەن: « چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل نەشرى.
3. مەھموت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل.

www.kitaphumar.com

4. شەرىپىدىن ئۆمەر:«ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى.

① مۇھەممەتتۇرسۇن قاتارلىقلار تۈزگەن: « چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل،727-بەت
② مۇھەممەتتۇرسۇن قاتارلىقلار تۈزگەن: « چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل،521-بەت
③ مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل،1-توم،64-بەت
④ مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل،1-توم،134-بەت
⑤ شەرىپىدىن ئۆمەر:«ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988-يىل،141-،143-بەتلەر
① [ئامرىكا] لېۋىس ھىنرى مورگان(L .H .Morgan):باباخان تەرجىمىسى: «قەدىمكى جەمئىيەت»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىل
① [ئامرىكا] لېۋىس ھىنرى مورگان(L .H .Morgan):باباخان تەرجىمىسى: «قەدىمكى جەمئىيەت»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىل، 20-بەت
② ‹چىن تۆمۈر باتۇر داستانى›نىڭ ئەسلى ۋارىيانتىنىڭ نامى ‹ئاق ئۆلەمبەردىخان داستانى›
③ ئارسلان:«شىنجاڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى »(خەنزۇچە)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستىتى جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ دەرسلىك تېزىسى، 2004-يىل 16-بەت

بۇ ماقالە «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلىنىڭ 2012-يىللىق 4-سانىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر باخشى-پېرىخون ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە

ئادىل غاپپار كارىزى

شامانىزم بىر خىل ئېتىقاد ھادىسىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پېرىخونلۇق پائالىيىتىنى ئاساس قىلغان دۇنياۋىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ھازىرمۇ بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان زامانىۋىي چوڭ شەھەرلەردىن چەت، يىراق-ياقا يېزىلارغىچە ھەممە يەردە دېگۈدەك ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى تارىختىن بۇيان ئەجدادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەخسۇس كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار خەلق ئارىسىدا خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنمەكتە. ئۇيغۇرلار ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنى ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىغاندى. ھەر بىر باخشى-پېرىخوننىڭ مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان مۇراسىم-پائالىيەتلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا ئۆزىگە خاس نامى بار ئىدى. بۇ ماقالىدە دالا تەكشۈرۈشتىن ئېرىشكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ۋە بىر قىسىم يازما مەنبەلەر ئاساسىدا، تارىختىن بۇيانقى ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ناملىرى رەتلەپ چىقىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى خەلق ئارىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا تىلشۇناسلىق، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، دىن ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن يېشىپ چۈشەندۈرۈلدى.

خەلقئارادىكى دىن ئىنسانشۇناسلىقى ۋە دىن تەتقىقات ساھەسىدە باخشى-پېرىخونلارغا ئالاقىدار نەزەرىيىۋى سىستېما ۋە مۇراسىم-پائالىيەتلەر «شامانىزم» دەپ ئاتىلىدۇ. باخشى-پېرىخونلار بولسا «شامان» دەپ ئاتىلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ‹شامان› دېگەن بۇ سۆز ئەسلى سىبىرىيىدىكى مانجۇ-تۇڭغۇس تىلىدىكى ‹سامان›(saman) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، سامان(saman) دېگەن سۆزدىكى sa دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹بىلمەك› بولۇپ، شامان(shaman) سۆزىنىڭ خەت(لوغەت) مەنىسى ‹بىلگۈچى› دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار ئىشلەتكەن بولۇپ، 1692-يىلى موسكۋا ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئېيۋىرت.ئىسبولات.ئىنداي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئېلان قىلغان «جۇڭگو ساياھەتنامىسى»دە، تۇنجى بولۇپ مانجۇلار ئارىسىدىكى ‹شامان›نى خەلقئاراغا

www.kitaphumar.com

تۇنۇشتۇرغان[1]. ساماني(saman) سۆزى ئىنگلىز تىلىغا كىرگەندە شامان(shaman) دەپ ئىشلىتىلگەن. خەلقئارا شامانىزم ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ۋېنگرىيە دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى دوكتۇر مىخائىل.خوپپال(M.Hoppal) «شامان ۋە شامانىزم» دېگەن كىتابىدا ‹شامان› ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا خېلى سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان ‹شامان› سۆزى مانجۇ-تۇڭغۇس تىلى بولۇپ، روسىيىلىك تەتقىقاتچىلار مىللەتشۇناسلىق ساھەسىگە ئېلىپ كىرىپ، مىللەتشۇناسلىق (ئىنسانشۇناسلىق) نىڭ بىر خىل مەخسۇس شامانىزم پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمنى ۋە ھادىسىنى كۆرسىتىدىغان كەسپىي ئاتالغۇسىغا ئايلانغان. مانجۇ-تۇڭغۇس تىلىدىن كەلگەن ‹شامان(SHAMAN)› سۆزى ‹بىلمەك، چۈشەنمەك، خەۋەرداربولماق› مەنىسىدىكى Sha-پېئىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ‹شامان› دېگەن بۇ سۆزنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى ‹خەۋەردار، بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئادەم› دېگەنلىكتۇر. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ‹شامان› دېگەن بۇ سۆز سانسكرىت تىلى بولۇپ، خەنزۇچە بۇددا نوملىرى ئارقىلىق مانجۇ-تۇڭغۇس تىلىغا كىرگەن دەپ قارايدۇ. ‹شامان› دېگەن بۇ سۆز بارى(PALI) تىلىدا SHAMAN، سانسكرىت تىلىدا SCHRAMANA دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى ‹راھىب، ساماغا، شەيخ› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ئالتاي تۈركلىرى ئىچىدە قام(QAM) دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا باخشى(BAKSHI) دەپ ئاتىلىدۇ.[2] دېمەك، شامان سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ‹بىلگۈچى، ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم› دېگەنلىكتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئىستىمال مەنىسى بولسا، شامانىزم ئەقىدىسى ئاساسىدا مەلۇم خىل شامانلىق تېخنىكىسى ۋە مۇراسىم-پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. شامانىزم بولسا مەلۇم خىل بەلگىلىك دىن ياكى ئېتىقاد سىستېمىسىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى شامانلارنىڭ شامانلىق كەچۈرمىشى ۋە شامانلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئومومىي ئاتىلىشىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋردە ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا باخشى-پېرىخونلار ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. تۆۋەندە ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. قام: تۈرك تىللىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىختا شامانىنى ‹قام› دەپ ئاتىغان. 11-ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر سىرلىق كۈچكە ئىگە سېھىرگەرلەرنى ‹قام› دەپ ئاتايتتى [3] دەپ خاتىرىلىگەن. « قۇتادغۇبىلىگ»تىمۇ ‹قام› ئاتالغۇسى تۆت يەردە «باخشى» مەنىسىدە تىلغا

www.kitaphumar.com

ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، 11 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار شامانلارنى ‹قام› دەپ ئاتىغان.

2. يەلۋىچى: مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، ‹يەلۋىچى› دېگەن سۆزگە ‹سېھىرچى، سېھىرگەر›[4] دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار 11 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مەخسۇس سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شامانلارنى يەنە ‹يەلۋىچى› دەيمۇ ئاتىغان.

3. ئەرۋەشچى: مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە ‹ئەرۋەشتى›، ‹ئەرۋەلدى›، ‹ئەرۋەدى› دېگەن سۆزلەرگە بىردەك ‹ئەپسۇن ئوقۇماق›[5] دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار 11 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئەپسۇن ئوقۇشنى ئاساسلىق مۇراسىم ـ پائالىيەت ۋاستىسى قىلىدىغان شامانلارنى ‹ئەرۋەشچى› دەپ ئاتىغان.

4. ياداچى: مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، يادا توغرىسىدا خېلى تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يادا ھايۋان تېنىدىن ئېلىنىدىغان ‹يادا› دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاشقا مەلۇم ئەپسۇن ـ ئەرۋەشلەر ياردىمىدە سېھىر قىلىپ، قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سېھرگەرلىكتۇر. يەنى«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، يادا دېگەن سۆزگە ‹يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنىدىغان كاھىنلىق›، ‹يادا ھايۋان تېنىدىن ئېلىنغان›[6] دەپ ئىزاھات بەرگەن. ‹يادا قىلدۇردى› دېگەن سۆزگە ‹بەگ(شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. يادا قىلدۇرماق ـ بۇ تۈرك يۇرتلىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن، تاشقا ئوقۇش ئارقىلىق شامال سالقىنلىق ۋە يامغۇر پەيدا قىلىنىدۇ›[7] دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ ئىزاھاتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار 11 ـ ئەسىرلەردە يادا تاشقا ئەپسۇن ئوقۇپ، شامال چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرىدىغان شامانلارنى ‹ياداچى› دەپ ئاتىغاندى.

5.باخشى: ئۇيغۇرلار تارىختا شامانىنى يەنە ‹باخشى› دەپمۇ ئاتىغان بولۇپ، مىڭ خۇيپىڭنىڭ «مانجۇلارنىڭ شامان دىنى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، ‹باخشى(Bahshi)› سۆزى قەدىمكى ھىندى(سانسكرت) تىلىدىكى ‹باكچۇ(bakcshu)› (باقشۇ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى مانى راھىبلىرىنى ۋە بۇتخانا دەرۋىشلىرىنى كۆرسەتكەن. كېيىنچە، ئۇيغۇر تىلىغا ‹باقشى› شەكلىدە ئۆزلىشىپ كىرىپ، ‹ئۇستاز› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. تۈرك ئالىمى ئابدۇقادىر ئىناننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۈرۈكلەرگە ‹باخشى› دېگەن سۆز بۇددا دىنى ئارقىلىق سىرتتىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇڭغۇللار ‹ئۇستاز› مەنىسىدە قوللانغان... دىنىني ئىلىم بېرىدىغان لامالار ‹باخشى› دەپ ئاتالغان. تۈركمەنلەردە بۇ سۆز ‹ساز

www.kitaphumar.com

چېلىپ ناخشا ئېيتقۇچى› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چاغاتاي تىلىدا بولسا ‹باخشى› سۆزى ‹كاتىپ› مەنىسىدە قوللىنىلغان.[9] M. فۇئات كۆپرۈلۈ(M.Fuat Köprülü) تۈزگەن «ئىسلام قامۇسى»دا، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدە ‹باخشى› دېگەن سۆز ‹ئۇستاز› دېگەن مەنىدە [10] دەپ قەيت قىلىنغان.

‹باخشى› دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى ‹ئۇستاز› بولماستىن، بەلكى كىشىلەر ئومۇمەن پال ئېچىپ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن، ئاپەت ۋە ئامەتتىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا سېھىر-جادۇ ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان، پېرە ئويناپ كېسەل داۋالايدىغان كىشىلەرنى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئوخشاشلا ‹باخشى› دەپ ئاتايدۇ. كۇچا رايۇنىدىكى باخشىلارنىڭ پائالىيىتى مەخسۇسلاشقان بولۇپ، شۇغۇللىنىدىغان پائالىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئۇلار ‹پېرە باخشىسى› ۋە ‹رەم (رەمىل) باخشىسى› دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. پېرە باخشىسى ــ مەخسۇس پېرە ئويناپ كېسەل داۋالايدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئوخشاشلا پېرە باخشىسى دەپ ئاتىلىدۇ. پېرە باخشىسى ئادەتتە باش باخشى ۋە دايەندە(ھېپىز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. باش باخشى- پېرە ئويناش جەريانىدا ئوتتۇرىدا تۇرۇپ پېرە ئۇيۇنىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، پۇتكۈل پېرە جەريانىنى كونترول قىلىدىغان، كېسەلنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرۈپ ئەپسۇن ئوقۇپ يامان روھلارنى قوغلايدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. دايەندە ــپېرە ئويناش جەريانىدا باش باخشىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە پېرە ئۇيۇنىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، باش باخشىنىڭ كەينىدە كېسەلنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرۈپ داپ چېلىپ، ناخشا-قوشاق ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ‹دايەندە›لەر ئادەتتە ئۈچ، بەش، يەتتە كىشى بولىدۇ. رەم (رەمىل) باخشىسى ــ مەخسۇس رەمىل بېقىپ (پال ئېچىپ) كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن، ئاپەت ۋە ئامەتتىن ئالدىن بىشارەت بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا سېھىر-جادۇ ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

6. ھېپىز(ھاپىز) : بۇ ئەرەپچە سۆز بولۇپ، ئەسلى تەلەپپۇزى ‹ھافىز›، تەلەپپۇز جەريانىدا ‹ئا› تاۋۇشى ‹ئې› تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان، ‹ف› تاۋۇشى ‹پ› تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ‹ھافىز› دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ‹ساقلىغۇچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى؛ يادقا بىلگۈچى، قوشاق-بېيىت ئېيتقۇچى، ھاپىز›[11] دېگەنلىك بولىدۇ. ھېپىز(ھاپىز) دېگەن بۇ سۆز ئىبلى، پىچان، قۇمۇل، كۇچار، قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، پېرە ئويناش جەريانىدا باش باخشىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە پېرە ئۇيۇنىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، باش باخشىنىڭ كەينىدە كېسەلنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرۈپ داپ

www.kitaphumar.com

چېلىپ، ناخشا ـ قوشاق ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھېپىز(ھاپىز)لار ئادەتتە ئۈچ، بەش، يەتتە كىشى بولىدۇ.

7. پېرىخون: پېرىخون ئاتالغۇسى توغرىسىدا بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە، پىرىخون سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات بەرگەن. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار شامانىنى ‹پېرىخون(PERKHON)› دەپ ئاتايدۇ، بۇ سۆز ئەرەبچە، پارىسچە ۋە ئۇيغۇرچە بىرىكمە سۆز بولۇپ، ‹پېر(PER)› نىڭ مەنىسى ‹روھ، ئىلاھ›، ‹خون(KHON)›نىڭ مەنىسى ‹قونماق،ئورۇنلاشماق، ماكانلاشماق، توختاتماق، تەنگە يېقىنلاشماق، تەننى كونترول قىلماق›، سۆزنىڭ پۈتۈن مەنىسى ‹ئىلاھىي تەن ياكى ئىلاھ، روھلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان تەن› دېمەكتۇر. [12] تەتقىقاتچى ئالىم ئىنايىتنىڭ قارىشىچە، پېرىخون دېگەن تېرمىن ئەسلى ‹پەرىخان›دۇر، ‹پەرى› ئايال جىنسلىق جىنلارغا بېرىلگەن ئىسىم. ‹پەرى› كەلىمىسى ‹ئىلاھ، روھ، ئۇستاز› مەنىسىدىكى ‹پىر› بىلەن پەرىقلىق. پېرىخون ‹جىن› مەنىسىدىكى ‹پەرى› بىلەن قىسسەخان، غەزەلخان سۆزىدىكى ‹خان (ئوقۇماق)› نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن بولۇپ، ‹جىنلارنى ئوقۇپ قاچۇرغۇچى ياكى جىنلارنى ئوقۇپ بويسۇندۇرغۇچى› دېگەن مەنىدە.[13] راخمان ئابدۇرېھىم «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» ناملىق كىتابىدا، پىرىخون سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات بەرگەن. ‹پېرىخون› سۆزىدىكى ‹پېرە› بولسا، ‹جىن› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ‹خون› بولسا ‹ئويناتقۇچى، باشقۇرغۇچى› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹پېرە› بىلەن ‹خون› نى قوشقاندا، ‹پېرىخون›-‹پېرە ئويناتقۇچى، پېرىلەرنى باشقۇرغۇچى› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.[14] ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، پىرىخون سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات بەرگەن. ‹پېرىخون› سۆزى ‹پېرە ــ جىن›؛‹خون ـ ئىگە، شوغۇللانغۇچى› دېگەن بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ‹جىن بىلەن ھەپىلەشكۈچى›، ‹جىن-پېرە ئويناتقۇچى›، ‹پېرە-جىنلارنى باشقۇرغۇچى› دېگەن بولىدىكەن.[15]

تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى ‹پەرىخان› بولۇپ، ‹پەرى› دېگەن ئەرەبچە سۆز بىلەن ‹خان› دېگەن ئەرەپ-پارىسچە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ياسالما سۆز ئىدى. كېيىنچە تەلەپپۇز جەريانىدا‹پەرى› سۆزى تەركىبىدىكى ‹ئە› تاۋۇشى ‹ئي ياكى ئى› غا ئاجىزلاشقان. ‹خان› سۆزى تەركىبىدىكى ‹ئا› تاۋۇشى ‹و› تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇيغۇر تىلىدا ‹ئا› تاۋۇشىنىڭ ‹و› تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشى ئومومىي قائىدە ئەمەس، ئەمما بەزى بىر قىسىم يەرلىك شىۋىلەردە مۇشۇنداق ئۆزگىرىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، كۇچار رايونىدا كىشىلەر ‹دۇئاخان› دېگەن سۆزنى ‹دۇگاخون› دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىمۇ ‹ئا› تاۋۇشى ‹و› تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن.

www.kitaphumar.com

ئەرەبچە «جىن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «يۇشۇرۇن، پەرى، مالائىكە»[18] بولۇپ، ‹پېرە(پەرى)› تەتقىقاتچى ئالىم ئىنايەت ئېيتقاندەك، ‹ئايال جىنسلىق جىنلارغا بېرىلگەن ئىسىم-پەرى› ئىدى. ‹پېرە› سۆزىنىڭ ئىستىمال مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ‹جىن› ئاتالغۇسى بىلەن ‹پېرە› ئاتالغۇسىنى ئالماشتۇرۇپ ھەم بىرلىكتە ئىشلەتكەن. ئۇيغۇر باخشىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «نەقشى سۇلايمان»، «كەنزىل ھۈسەينى» ناملىق قول يازمىلاردا ۋە مۇھەممەت ئېۋەز قارىقاشى يازغان «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق قەدىمىي قول يازمىلاردا يامان روھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە كېسەل سالىدىغان جىن، ئالباستى، دىۋىلەر ‹پېرە› ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغاندى.ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ پېرە قوشاقلىرىدىمۇ ‹پېرە› جىن-ئالباستىلارنىڭ بىر تۈرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

‹ئەزەمتۇئەلەيكۇم دىۋىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم پىرىلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم جىنلەر،
ئەزەمتۇئەلەيكۇم شاياتۇنلەر،
ئارغىماقنى ئوينىتىپ،
قۇشلارنى قۇشلىتىپ،
تۇغ-ئەلەمنى كۆتۈرۈپ،
199 تۇغلۇق ئەلەم-لەشكرى بىلەن،
قازى-موپتىسى بىلەن،
يىغلىپ-يىغلىپ،
جەم-جەم بولۇپ،
ئەسنەپ-ئەسنەپ ھازىر بولۇڭلار! يا مەلئۇنلەر!›[19]

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ‹پېرە›مۇ جىن-ئالباستىلارنىڭ بىر تۈرى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئېتىقاد دەۋرلىرىدە جىن-ئالباستىنى ئىپادىلىگەن ‹ئالباستى›، ‹يالماۋۇز›، ‹دىۋە›، ‹يەك›، ‹يەل (شامال)› دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ‹جىن› ۋە ‹پېرە› سۆزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەندى.

‹پەرىخان› دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى ‹خان› پارىسچە سۆز بولۇپ، مەنىسى ‹ئوقۇش، ئوقۇماق›. مەسىلەن: ‹كىتاپخان-كىتاب ئوقۇغۇچى›، ‹قەسىدىخان-قەسىدە ئوقۇغۇچى›، ‹غەزەلخان-غەزەل(ناخشا، شېئىر) ئوقۇغۇچى›، ‹دۇئاخان-دۇئا ئوقۇغۇچى›...دېگەندەك.

www.kitaphumar.com

يۇقارقى چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، ‹پېرىخون(پەرىخان)› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹جىنلار بىلەن ھەپىلەشكۈچى›، ‹جىنلار بىلەن ئالاقە قىلغۇچى›، ‹جىنلارنى ئوقۇپ قاچۇرغۇچى›، ‹جىنلارنى ئوقۇپ بويسۇندۇرغۇچى› دېگەندەك مەنالارنى بېرىدۇ. ‹پېرىخۇن› دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىلى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، مەخسۇس پېرە ئوينىتىپ كېسەل داۋالايدىغان كىشىلەر ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئوخشاشلا ‹پېرىخون› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹پېرىخۇن› كۆپىنچە مەخسۇس پېرە ئويناپ كېسەل داۋالايدىغان ‹باش باخشى›نى كۆرسىتىدۇ.

8. رەمچى(پالچى): ‹رەمچى› دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى ‹رەملچى› بولۇپ، تەلەپپۇز جەريانىدا ‹ل› ھەرپىي چۈشۈپ قالغان. بۇ ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە ياسالما سۆز بولۇپ، ‹رەمل› دېگەن ئەرەبچە سۆزگە ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹-چى› دېگەن ئىسىم ياسىغۇچى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ياسالما سۆز. ‹رەمل› دېگەن ئەرەبچە سۆز ‹قۇم؛ قۇم بىلەن پال ئېچىش؛ پالچىلىق›[20] دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹رەملچى› دېگەن بۇ سۆز ‹رەممالىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم› ياكى ‹پالچى ياكى پالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا، ئادەتتە ‹پالچى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ‹رەملچى(پالچى)› دېگەن بۇ سۆز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، مەخسۇس رەم بېقىپ (پال ئېچىپ) كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن، ئاپەت ۋە ئامەتتىن بىشارەت بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا سېھىر-جادۇ ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان ‹رەم(رەمل) باخشىسى›نى كۆرسىتىدۇ. كۇچار رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ‹رەمچى› دېگەن بۇسۆزنى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ، ئۇلار تىلغا ئالىدىغان ‹رەم بېقىش› دېگەن سۆز ‹پال ئېچىش› دېگەنلىكتۇر.

9. جىنكەش: بۇ ئەرەبچە-پارسچە ياسالما سۆز بولۇپ، ‹جىن› دېگەن ئەرەبچە سۆز بىلەن ‹-كەش› دېگەن پارسچە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ياسالما ئىسىم. ‹جىن›نىڭ مەنىسى ‹ پەرى، مالائىكە›[21] ، ‹-كەش›نىڭ سۆز بىرىكمىلىرىدىكى مەنىسى ‹تارتقۇچى، ئالغۇچى›[22] بولۇپ، ‹جىنكەش›نىڭ مەنىسى ‹پەرى، مالائىكىلەرنى ئۆزىگە تارتقۇچى›، ‹پەرى، مالائىكىلەر بىلەن ھەپىلەشكۈچى›، ‹پەرى، مالائىكىلەرنى ئىشقا سالغۇچى› ياكى ‹پەرى، مالائىكىلەر بىلەن قويۇق ئالاقە قىلغۇچى› دېگەنلىكتۇر. ‹جىنكەش› دېگەن بۇ سۆز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا، ئاقسۇ، باي، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىر قەدەر كۈچلۈك كىشىلەر ۋە دىنى ئۆلىمالار ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، مەخسۇس ئازايىم-ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ يىغىن كۆرۈپ(جىنلار، پەرى، مالائىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ)، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن، ئاپەت ۋە ئامەتتىن بىشارەت بېرىپ، بۇنىڭغا سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

www.kitaphumar.com

10. جىننىي: بۇ ئەرەپچە سۆز بولۇپ، ‹پىرلىق ئادەم›، ‹جىن(پەرى، مالائىكىلەر)دىن ھەمراھلىرى بار ئادەم›، ‹جىن(پەرى، مالائىكىلەر)غا چوقۇنىدىغان ئادەم› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹جىننىي› دېگەن بۇ سۆزمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىر قەدەر كۈچلۈك كىشىلەر ۋە دىنىي ئۆلىمالار ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، مەخسۇس ئازايىم-ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ يىغىن كۆرۈپ(جىنلار، پەرى، مالائىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ)، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن، ئاپەت ۋە ئامەتتىن بىشارەت بېرىپ،بۇنىڭغا سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

11. داخان (دۇگاخۇن، دۇئاخۇن) : ‹داخان› دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى ‹دۇئاخان› بولۇپ، تەلەپپۇز جەريانىدا ‹ۇ› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. ‹دۇئاخان› دېگەن بۇ سۆز ئەرپچە-پارسچە ياسالما سۆز بولۇپ، ‹دۇئا› دېگەن ئەرەپچە سۆز بىلەن ‹خان(ئوقۇماق)› دېگەن پارسچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ياسالما سۆز. ‹دۇئاخان› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹خۇدادىن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم›، ‹تومار پۈكۈشنىڭ ئۇستىسى، ماھىرى› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. داخان(دۇئاخان) دۇئا-ئايەت، ئەپسۇن - ئارباغلارنى ئوقۇپ كېسەل داۋالايدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا تومار پۈتۈش ئارقىلىق سەۋەب قىلىپ، دۇئاخانلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ‹داخان› دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ئاتالغۇ بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇز ۋارىيانتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كۇچار رايونىدا يەرلىك خەلق بۇنداق كىشىلەرنى ‹دۇگاخۇن› دەپ ئاتايدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىتى، يەكەن ۋە قەشقەر شەھرىدە ‹دۇئاخۇن› دەپمۇ ئاتايدۇ.

12. قەسىدىخان: بۇ سۆز بۇ ئەرەپچە-پارسچە ياسالما سۆز بولۇپ، ‹قەسىدە› دېگەن ئەرەپچە سۆز بىلەن ‹خان (ئوقۇش، ئوقۇماق)› دېگەن پارسچە سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ياسالما ئىسىم. ‹قەسىدە› دېگەن بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ لوغەت مەنىسى ‹بىراۋنى ماختاپ، مەدھىيلەپ يازغان شېئىر، مەدھىيە›[24] دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹قەسىدىخان› دېگەن سۆزنىڭ ئىستىمال مەنىسى ‹قەسىدە ئوقۇغۇچى›، ‹ناخشا-غەزەل ئېيتقۇچى› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹قەسىدىخان› دېگەن بۇ نام تۇرپان رايونىنىڭ قارغوجا، سىڭگىم يېزىسى، پىچان رايونىنىڭ تۇيوق يېزىسى، قۇمۇل رايونىنىڭ قار دۆۋە، ئاستانە يېزىسى قاتارلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆز بولۇپ، مەخسۇس ‹قەسىدە سۇلايمان›، ‹قەسىدە بۇردە›، ‹چىلتكاپ›...قاتارلىق قەسىدىسىمان ئەپسۇن-ئارباغلارنى ئوقۇپ، كېسەل داۋالايدىغان

www.kitaphumar.com

ۋە كىشلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا سېھىر-جادۇ ئارقىلىق سەۋەب قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

13. موللا: بۇ ئەرەپچە سۆز بولۇپ، ‹ئىلىملىك، ئىلىمدە كامىل، ئۇستاز› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹موللا› ـ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، سىستېمىلىق ئىسلام دىنى تەربىيىسى ئالغان، ئىسلام دىنى بىلىملىرى ھەققىدە بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن، ‹قۇرئان كەرىم› ۋە ھەدىسلەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۇنى بىمالال تەفسىر قىلىپ (مەناسىنى يېشىپ، چۈشەندۈرۈپ) بېرەلەيدىغان، ئەمما ‹قۇرئان كەرىم›نى تولۇق يادلاپ بېرەلمەيدىغان ئىسلام دىنى ئەرباپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر شىنجاڭدىكى تۇرپان، كۇچا، باي، ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەپسۇن ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇپ كېسەل داۋالايدىغان، سېھىر-جادۇ ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان كىشلەرنىمۇ ‹موللا› دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار. بۇ موللىلار ئىسلام دىنىنىڭ دىنى ئۆلىمالىرى بولماستىن، بەلكى كۆپىنچىسى ئازراقلا دىنىي تەلىم تەربىيە ئالغان ياكى ئىلگىرى پەن تەربىيىسى ئالغان، كېيىن باشقىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئەپسۇن-ئايەتلەرنى ئۇقۇشنى ئۆگىنىۋالغان كىشلەردۇر. كۇچا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار موللىلارنى ‹قۇرئان موللىسى› ۋە ‹قارا كىتاپ› دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. ئۇلار دەۋاتقان ‹قۇرئان موللىسى› ـ ‹قۇرئان كەرىم›دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنى ئاساسلىق ئوقۇش ئارقىلىق كېسەل داۋالايدىغان، خەتمە ئوقۇش، تىلەك تىلەش ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. ‹قارا كىتاپ› بولسا، ‹قۇرئان كەرىم›دىن باشقا كىتابلاردىكى يەنى ‹تەۋرات›، ‹ئىنجىل›، ‹زەبور› ۋە باشقا سېھىرگە ئائىت مەزمۇندىكى كىتابلاردىكى ئەپسۇن-ئايەتلەرنى ئوقۇپ كېسەل داۋالايدىغان،كىشلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر گەرچە ئۆزلىرىنى ‹موللا› دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمما يەرلىك كىشلەر ئۇلارنى ‹قارا كىتاب› دەپ ئاتايدۇ.

14.قۇشناچىم: بۇ ئەسلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا، ئاۋات، باي، مارالبېشى، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا ئىسلام دىنىنىڭ دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ ئاياللىرىنى ھۆرمەتلەپ ئاتايدىغان ھۆرمەت نامى. ئەمما ھازىر كىشلەر ‹قۇرئان كەرىم›، ‹تەۋرات›، ‹ئىنجىل›، ‹زەبور›ۋە باشقا سېھىرگە ئائىت مەزمۇندىكى كىتابلاردىكى ئەپسۇن-ئايەتلەرنى ئوقۇپ، يىغىن كۆرۈپ كېسەل داۋالايدىغان، كىشلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا خەتمە ئوقۇش، سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق سەۋەپ قىلىدىغان، ياشقا چوڭ ئاياللارنىمۇ قۇشناچىم دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ.

15. بۈۋى: بۇ سۆز پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى ‹بى بى› بولۇپ، تەلەپپۇز جەريانىدا كېيىنكى بوغۇمدىكى ‹ب› تاۋۇشى ‹ۋ› تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇنىڭ مەنىسى ‹خانىم، خوجايىن ئايال›[25] دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھازىر تۇرپان، كۇچا، باي، ئاۋات قاتارلىق رايونلاردىكى كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنى ئاساسلىق ئوقۇش ئارقىلىق يىغىن كۆرۈپ كېسەل داۋالايدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا خەتمە ئوقۇش ئارقىلىق سەۋەب قىلىدىغان ياشقا چوڭ ئاياللارنىمۇ بۇۋى دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ.

16. كاھىن: بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «غايىپتىن خەۋەر بەرگۈچى، ئەۋلىيا؛ سېھىرگەر»[26] دېگەنلىك بولىدۇ. «كاھىن» دېگەن بۇ سۆز قەشقەرنىڭ يەكەن رايونىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبور» ۋە باشقا سېھىرگە ئائىت مەزمۇندىكى كىتابلاردىكى ئەپسۇن-ئايەتلەرنى ئوقۇپ يىغىن كۆرۈپ، كېسەل داۋالايدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا خەتمە ئوقۇش، سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق سەۋەب قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

17. جادۇگەر: بۇ سۆز پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، «سېھىر قىلغۇچى؛ سېھىرگەر؛ جادۇ قىلغۇچى»[27] دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «جادۇگەر» دېگەن بۇ سۆزنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر رايونىدا بىرقەدەر كۆپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان ئازايىم-ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ، كېسەل داۋالايدىغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدىغان ياشانغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەرلەر بولسا، يەرلىك خەلق ئۇلارنى «جادۇگەر قېرى» دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر بۇنداق كىشىلەر ئاياللاردىن بولسا، يەرلىك خەلق ئۇلارنى «جادۇگەر خوتۇن» ياكى «دەججال» دەپ ئاتىشىدۇ.

18. ئەپسۇنچى: بۇ سۆز پارسچە-ئۇيغۇرچە ياسالما سۆز بولۇپ، ئەسلى تەلەپپۇزى «ئەفسۇنچى». يەرلىك ئۇيغۇرلار تەلەپپۇز قىلغان چاغدا، پارسچىدىكى «ف» تاۋۇشى «پ»، تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ سۆز پارسچە «ئەفسۇن» (سېھىر، نەيرەڭ، ھىلە، مىكىر؛ جادۇ، نەيرەڭ دۇئاسى؛ جادۇگەرلەرنىڭ سېھرى؛ ئەپسانە، ھېكايە)[28] دېگەن سۆز بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «-چى»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. «ئەفسۇنچى» دېگەن بۇ سۆز «سېھىر-جادۇ قىلغۇچى»، «سېھىر-جادۇ دۇئاسىنى ئوقۇغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «ئەپسۇنچى» دېگەن بۇ سۆزنى قەشقەر رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرى بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىدۇ. يەرلىك خەلق بولسا، «سۇفلىگۈچى» ياكى «سۇفلەمچى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتايدۇ. «ئەپسۇنچى» _ ئادەتتە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، ئەسمەئۇللاھ ۋە ھەددىسلەردە كۆرسىتىلگەن دۇئالاردىن ئەپسۇن، ئازايىم-ئارباغلارنى ئوقۇش ئارقىلىق سېھىر-جادۇ قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

19. ئابدال: بۇ سۆز ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەسلى تەلەپپۇزى «ئەبدال». يەرلىك ئۇيغۇرلار تەلەپپۇز قىلغان چاغدا، ئەرەبچىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئا» تاۋۇشىغا

www.kitaphumar.com

ئۆزگىرىپ كەتكەن. ‹ئەبدال› دېگەن بۇ سۆز ‹ۋەلىيلىكنىڭ(ئەۋلىيالىقنىڭ)بەلگىلىك بىر دەرىجىسىگە ئېرىشكەن گوروھ؛ ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىنلار؛ تائەت-ئىبادەت قىلغۇچىلار، دەرۋىشلەر؛ قەلەندەر، دىۋانە›[29] دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قەشقەر رايۇنىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار، ئادەتتە ئۆي-ئارىلاپ، يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان ئازايىم-ئەپسۇنلارنى، ناخشا-قوشاقلارنى ئوقۇپ، پال ئېچىپ، سېھىر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ، كىشلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدىغان كىشلەرنى ئابدال دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئادەتتە كۆپىنچە ئەرلەرگە قارىتىلىدۇ.

20. سېھرگەر : بۇ سۆز ئەرەپچە-پارىسچە ياسالما سۆز بولۇپ، ئەرەپ تىلىدىكى ‹سېھر (مەنىسى-نەيرەڭ، كۆز باغلاش، جادۇ، سېھر)›[30] دېگەن سۆز بىلەن پارىس تىلىدىكى ‹-گەر› دېگەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلىشىدىن ياسالغان. ‹سېھرگەر› دېگەن بۇ سۆز ‹ھىيلە نەيرەڭ ئىشلەتكۈچى›، ‹كۆز باغلىغۇچى›، ‹سېھر-جادۇ قىلغۇچى› دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ‹سېھرگەر› دېگەن بۇ سۆزنى جەنۇبى شىنجاڭ رايۇنىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى دىنني ئۆلىمالار بىرقەدەر كۆپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، ئازايىم-ئەپسۇن، ئارباغلارنى ئوقۇپ، سېھر-جادۇ قىلىش ئارقىلىق كېسەل داۋالايدىغان، كىشلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدىغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى.

بىرىنچى: ئۇيغۇر تىلىدا باخشى-پېرىخونلارنى ئاتايدىغان مەخسۇس ناملار بىر قەدەر كۆپ. بىر مىللەتنىڭ تىل ماتېرىياللىرى ئىچىدە، شۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئەڭ زۆرۈر بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تىل ماتېرىياللىرى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا باخشى-پېرىخونلارنىڭ خاس ناملىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ بۇنچە كۆپ بولىشى، باخشى-پېرىخونلار(ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى، سۆزى ۋە قىلمىشلىرى)نىڭ تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا خېلى مۇھىم ئورۇنلارنى تۇتقان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى: تىل تارىخشۇناسلىق نۇقتىسى ۋە دىن تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرى دەۋر خاسلىقىغا ۋە قويۇق دىنني خاسلىققا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋرلەردە ۋە ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقاد مەزگىلىدە ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان. دۇسانىڭ «مۇڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، ‹ئۇيغۇرلار بۇرۇن شامانىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. قام (كاھىن) لار شامان دېيىلەتتى›، ‹شامانلار ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئۇستازلىرى ئىدى، ئۇلار يەنە ئەرۋەشچى (ئەفسۇنچى)، يۆرۈكچى(چۈش تەبىرچىسى)، پالچى، يۇلدۇزچى مۇنەججىم، ئەمچى

www.kitaphumar.com

(تىۋىپ) ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرەردىن ئەرۋاھنىڭ مۇئەككىلى ئىدى. ئۆتمۈشتىن، بۈگۈندىن، كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرەتتى. دۇمباق چېلىپ ئەرۋەيتتى، بارا-بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ھوشىدىن كېتەتتى. ئېسىر چاپلىشىپ، كۆزنى يۇمۇپ ساماغا چۈشەتتى. ياخشىلىق-يامانلىق توغرىسىدا بىلجىرلايتتى. ئادەملەر كىشىلىك ھاياتىدىكى چوڭ-چوڭ ئىشلارنى شامانلاردىن سورايتتى. بۇ ئىشەنچ كەڭ تارقالغانىدى.›[31] بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار شامانىزم ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە، يەنى 11-ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنى قام، ئەرۋەشچى(ئەفسۇنچى)، يورۇكچى(چۈش تەبىرچىسى)، پالچى، يۇلدۇزچى مۇنەججىم، ئەمچى(تىۋىپ) دەپ ئاتىغان. كېيىنكى مەزگىللەردە، يەنى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە، باخشى-پېرىخونلارنى ‹باخشى›دەپ ئاتىغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە بولسا، باخشى-پېرىخونلارنى ‹موللا›، ‹داخان›، ‹جىنكەش›... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان.

ئۈچىنچى: ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ۋە دىنىي ئېتىقاد مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان مەنالارغا ئىگە بولغان. يەنى باخشى-پېرىخونلارنىڭ مەلۇم بىر نامى مەلۇم بىر دىنىي ئېتىقاد مەزگىلدە ئىجابىي مەناغا ئىگە بولسا، يەنە بىر دىنىي ئېتىقاد مەزگىلدە سەلبىي مەناغا ئىگە بولغان. مەسىلەن، ‹باخشى› دېگەن نام ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە ‹ئۇستاز، تىۋىپ› دېگەن كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان مەنالاردا ئىستېمال قىلىنغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە، ‹سېھرگەر، جىنكەش› دېگەندەك كىشىلەر يامان كۆرىدىغان سەلبىي مەنالارنى بېرىدىغان نامغا ئايلانغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋردىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولىمۇ ئوخشاش بولمىغان.

تۆتىنچى: ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرى رايون خاسلىقىغا ئىگە ئىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئومومىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىرقىسىم ناملار رايون خاسلىقىغا ئىگە ئىدى. يەنى ئوخشاش بولمىغا رايونلاردا باخشى-پېرىخونلار ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا كۆپ قوللىنىلغان ‹ئەپسۇنچى›، ‹ئابدال› دېگەندەك بىرقىسىم ناملار تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ. ‹رەمچى› دېگەن نام كۇچاردا بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، باشقا رايونلاردا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ‹كاھىن› دېگەن نام پەقەتلا قەشقەر، يەكەن رايونىدا ئىشلىتىلىدۇ، باشقا رايونلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھازىرقى ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولىمۇ ئوخشاش ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ.

www.kitaphumar.com

بەشىنچى: ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ ناملىرى جىنسى خاسلىققا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەر ئاياللارغا ئورتاق بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىرقىسىم ناملار جىنسى خاسلىققا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ‹موللا›، ‹باخشى›، ‹داخان›، ‹پېرىخون› دېگەندەك ناملار ئەر-ئايال شامانلارغا ئورتاق بولسىمۇ، ئەمما ‹قۇشناچىم›، ‹بۇۋى›، ‹جادۇگەر خوتۇن› دېگەندەك ناملار پەقەتلا ئاياللارغىلا قوللىنىلىدۇ، ئەرلەرگە قوللىنىلمايدۇ. دېمەك، ئايال شامانلارنىڭ جىنسىي خاسلىققا ئىگە نامى بار. ئەمما، ئەر شامانلارنىڭ جىنسىي خاسلىققا ئىگە نامى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئوخشاش بولمىغان جىنستىكى ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارغا ئالاقىدار ئاتالغۇلاردىكى يۇقارقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار باخشى-پېرىخونلارنىڭ مەلۇم رايۇن ۋە دەۋردىكى جەمئىيەتتە ئۆينىغان رولىنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىيلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇلارغا نام قويغانىدى. ئەگەر شامانلار مەلۇم رايۇندىكى تارىخى دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلپىگە لايىقلىشىپ، ئىجابىي فونكسىيىلەرگە ئىگە بولغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى ئىجابىي مەنادىكى ناملار بىلەن ئاتىغانىدى. ئەگەر تارىخى دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلپىگە لايىقلىشالماي، سەلبىي فونكسىيىلەرگە ئىگە بولغان بولسا، ئۇلارنى سەلبىي مەنادىكى ناملار بىلەن ئاتىغانىدى. ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار مەلۇم جەمئىيەتنىڭ تەلپىگە لايىقلىشالمىغان مەزگىلدە، ئۆزلىرىنى پەدازلاپ شۇ جەمئىيەتنىڭ تەلپىگە لايىقلىشالايدىغان ناملارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق يەنىلا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە ماس كېلىدىغان ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەنىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، شامانىزم ئەقىدىلىرى قاتتىق چەكلەنگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلار ئۆزلىرىنى ‹موللا›، ‹كاھىن›، ‹بۇۋى› دېگەندەك دەبدەبىلىك ناملارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئەمما خەلق يەنىلا ئۇلارنى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ‹باخشى›، ‹رەمچى(پالچى)›، ‹جىنكەش›، ‹جىننىي›، ‹سېھرگەر› دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە. بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر باخشى-پېرىخونلارنىڭ تارىختىن بۇيان قانداق ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋر ۋە رايۇندىكى سالاھىيىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇيغۇر شامانىزمىنىڭ بارلىققا كېلىش، ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھات ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللار:

www.kitaphumar.com

[1]  ۋۇبىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»(خەنزۇچە)، سەنلىيەن كىتابخانىسى شاڭخەي شۆبە نەشرىياتى،1989-يىل، 3-بەت؛
[2]  M.خوپپال(M.Hoppal): «شامان ۋە شامانىزم»(ئىنگىلىزچە)، PDF  تور نۇسخىسى؛
[3]  مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى(3-توم)» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، 6-ئاي، 1-نەشرى، 42-بەت؛
[4]  مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى(3-توم)» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، 215-بەت؛
[5]  مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى(1-توم)» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، 315-، 331-، 373-بەتلەر؛
[6]  مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى(2-توم)» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، 218-بەت؛
[7]  مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى(3-توم)» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل، 519-بەت؛
[9]  ئابدۇلقادىر ئىنان؛ «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»(تۈركچە)، ئەنقەرە تۈرك تارىخى نەشرىياتى، 1954-يىل، 75-بەت؛
[10] ئابدۇلقادىر ئىنان؛ «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»(تۈركچە)، ئەنقەرە تۈرك تارىخى نەشرىياتى، 1954-يىل، 75-بەت؛
[11] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 700-بەت؛
[12]  دىلمۇرات ئۆمەر: «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شامانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە)، مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تۈرى»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى، 2007-يىل، 7-بەت؛
[13]  ئاپتور بىلەن ئالىم ئىنايەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى؛
[14]  راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»(ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل، 2-بەت؛
[15]  ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىل، 235-بەت؛
[18]  مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 200-بەت؛

www.kitaphumar.com

[19] ئاۋات ناھىيىسى يېڭىرىق يېزىسى تۆگمەن بويى كەنتىدە، 2006-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى شىنجاڭ ۋاقتى كەچ سائەت 6:00 دىن 12:20 غىچە ئېلىپ بېرىلغان پەرە ئۇيۇنىدا تۇرسۇن باخشى ئوقۇغان پەرە قوشىقىدىن ئۈزۈندە؛
[20] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 306-بەت؛
[21] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 200-بەت؛
[22] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 521-بەت؛
[24] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 501-بەت؛
[25] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 106-بەت؛
[26] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 517-بەت؛
[27] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 177-بەت؛
[28] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 47-بەت؛
[29] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل، 24-بەت؛
[30] مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن:«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىل،406-بەت؛
[31] ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل، 87-88-بەتلەر؛

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ھەققىدە ئىزدىنىش

ئادىل غاپپار كارىزى

تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلار ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك چەكلەش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە. ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىسى، تەپەككۇر قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن كۆپ تەرەپتىن باغلانغان بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىۋاستە رول ئوينايدۇ. كەلگۈسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت قارىشى مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئېكولوگىيە مەسىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىشى-ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.[1] ئىنسانلارنىڭ ئاڭ-ئىدېئولوگىيە سىستېمىغا مەنسۇپ بولغان بۇ خىل قاراشلار، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي فولكلور ساھەسىدىكى ئېتىقاد-ئادەتلىرى ۋە سەنئەت فولكلورىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. سەنئەت فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئۆزلىرى بارلىققا كەلگەن زامان ۋە ماكاندىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ئىزنالىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەپسانىلەردىمۇ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇخىل ئىزنالىرى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بۇ ماقالىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئېلولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى قاراشلارئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەپسانە-ئىنسانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، فولكلورشۇناسلارنىڭ ئەپسانە ھەققىدىكى بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئومۇمەن ئىلاھ(تەڭرى)لار نىڭ ھەرخىل ئىش پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئەپسانە دەپ قارىلىدۇ.[2] ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۈرلۈك ئىلاھ(تەڭرى)لارنىڭ ھەرخىل ئىش پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر فولكلورشۇناسلىرىنىڭ ئەپسانە ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەپسانىلىرىنى تەڭرىلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ۋە دەل-دەرەخلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىشكە بولىدۇ. بۇيەردە ئېيتىلىۋاتقان ھايۋان ۋە دەل-دەرەخلەر چۆچەك، رىۋايەت ۋە مەسەللەردىكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋان ۋە ئادەملەشتۈرۈلگەن دەل-دەرەخ بولماستىن، بەلكى بىرخىل ئىلاھى تۈس ئالغان، تۆتېم ھېسابلانغان ئېتىقاد ئوبيېكتىدۇر. [3] دىمەك، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ھايۋانات، دەل-دەرەخ ۋە باشقا تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى سىرلىق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە قىلىنغان ھالدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى چۈشەنچىلىرى قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئەقىدە-قارشلىرى ئاساسىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل چۈشەنچىلەرئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تونۇشىدىكى قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك قاراشلارنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، فونكسىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىشكەئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم ساھەسىدىكى «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيە قاراشلىرى» توغرىسىدىكى تەتقىقات بوشلۇقىنى بىرقىسىم نەزىرىيىۋىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، نۆۋەتتە رايونىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مەسىللەرنى توغرا ھەل قىلىپ، رايونىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىيات(ئىلمىي تەرەققىيات)نى ساقلاشتا بەلگىلىك نەزىرىيىۋىي ئاساس بولۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە. بۇماقالىدا، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىنى ئېكولوگىيە فولىكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تارىخىدا كۆپلىگەن تۈرلۈك ئەپسانىلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدە ھەرخىل ھايۋانلار، دەل-دەرەخ ، ئۆسۈملۈكلەر، يەر (تاغلار) ، سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل) ، ھاۋا (شامال)، تەبىئەت ھادىسىلىرى (تۆت پەسىل، قار، يامغۇر، چاقماق)، ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش، ئاي) قاتارلىقلارنى سىرلىق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە باش قەھرىمان قىلغان ئەپسانىلەر ئۇچرايدۇ. ئېكولوگىيە فولىكلورشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدە بۇ مەزمۇنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ بىر تاسادىبىلىق ئەمەس. بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى

www.kitaphumar.com

چۈشىنىش، ماسلىشىش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ئاساسىدىكى ئېكىلوگىيىلىك مۇھىت تۇغرىسىدىكى ئەنئەنىۋىي قاراشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزناسى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى ئاڭ تارىخىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىۋىي قاراشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەندە، شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل مۇھىتنىڭ قىممەت قاراشقا بولغان تەسىرى بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي فولكلورىدائومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى دىنىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى كۆپلىگەن قاراشلار تاھازىرغىچە ساقلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەت قاراش كاتىگورىيىسىدە ھېلىھەم مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. ئېكولوگىيىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا ئايرىلالمايدىغان مەنىۋىي باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئۆرۈپ-ئادەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىلگىرى سۈرۈلىشى، تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز قوزغاتقۇچلۇق ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ»[4]. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى چوڭقۇر ئېكولوگىيىلىك قاراشلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار مەنىۋىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدىكى ھايۋانات، دەل-دەرەخ ۋە باشقا تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى سىرلىق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە قىلىنغان ھالدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ئەپسانىلەر دەل بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئېكىلوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاڭ-ئىدىئولوگىيىسىدە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدا بەلگىلىك كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېكولوگىيىلىك قاراشلا-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختا شەكىللەندۈرگەن ۋە بېيىتىپ مۇكەممەللەشكەن تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش ۋە تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋىي قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ ئورگانىك بىرلەشمىسى. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان

www.kitaphumar.com

ئېكولوگىيىلىك رايونلار ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپلىرى جەريانىدىكى ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان يەكۈنى. بۇ يەكۈنگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چوڭقۇر دىنىي ئەقىدە قاراشلىرى ھەم ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى سىڭگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئاڭ-ئىدولوگىيە سىستېمىسىدا ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، داۋاملىشىش جەريانىدا بەلگىلىك قىممەت قاراش مايىللىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە قوزغالماس ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساس بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئاساسلىقى تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ۋە تەبىئەتنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە كونكرېت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى يەر-زېمىن، تۇپراق قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى يەر- زېمىن، تۇپراق توغرىسىدىكى قاراشلار-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ئەڭ دەسلەپكى بوستانلىق-تېرىم ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تېرىقچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشلەرنى يەرنىڭ رولىنى توغرا تونۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ يەرنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساس بولۇش رولىنى ئويناپ كەلدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەر-تۇپراق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. يەر-قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى

www.kitaphumar.com

ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشتىن باشلانغان بولۇپ، يەر تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۇيغۇرلار ئاك تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىكى يەر بىلەن كۆكنى سېلىشتۇرۇش تەپەككۇر-قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئەپسانىلىرىدە يۇقارقى يەكۈنگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر تەڭرى، يەردە بىر تەڭرى بار ئىكەن. ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك تەختىنىڭ سۇلتانى ئىكەن. يەر تەڭرىسىنىڭ تۇپراق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، باتۇرلۇقتا ۋە مەردلىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى ساياھەت قىلىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ. ۋە تۇپراقنىڭ باتۇرلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. يەر يۈزى ئاسماندىن چىرايلىق ئىكەن. ئاسماندا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر، بەس-بەستە سايراۋاتقان قۇشلار ۋە كۆپكۆك يايلاقتا توپ-توپى يايلاۋاتقان هايۋانلاردىن دېرەكمۇ يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىز يەر يۈزىدە ياشاپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان ئاسمان ئىلاھى تۇپراق بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يېڭەلمەي، دەرغەزەپ  بولۇپ، بالىسىنى تەۋرىتىپ ئۆلتۈرغان قىزنى تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ.»[5] يەنە بىر ئەپسانىدە ،ئاسمان تەڭرىسىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن دەريا ياساپ، سۇ باشلاپ كەلگەن يەر تەڭرىسى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، يەر تەڭرىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى تۇپراقنى بۆركۈتكە ئايلاندۇرۇپ قاچۇرىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئەپسانىلەرنى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىدا كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىنسانلارغا بېرىدىغان مەنپەئەتى توغرىسىدا سېلىشتۇرۇش ھەم ئۇلارغا نىسبەتەن تاللاش ئېلىپ بېرىۋاتقان، كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ يەر تەڭرىسگە چوقۇنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئۆتكۈنچى دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرى تارىختىكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ئانىمىزىملىق ئەقىدە-قاراشلار ئاساسىدىكى شامانىزم ئېتىقادىدا يەر كۆك تەڭرى ۋە يەر تەڭرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ قارالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدا يەرمۇ مۇھىم بىر چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى. ئۇيغۇرلار يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئادەم تۇپىدىن يارالغان» دېگەندەك تۇپراقتىن يارالمىش ئەقىدە-قاراشلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغانىدى. تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر شامانلار يامغۇر تىلەش مۇراسىم-پائالىيەتلىرىدە «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەندەك ئىلاھى قوشاقلارنى ئوقۇيدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ قوشاقنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئەقىدە-قاراشلىرىدا كۆك تەڭرىنى ئاتىغا، يەر تەڭرىنى ئانىغا سىمۋول قىلىنغانىدى. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك

www.kitaphumar.com

ئەپسانە-رىۋايەت ۋە يازما يادىكارلىقلاردا، يەر تەڭرىنىڭ ئانا تەڭرى «omay katun» (ئوماي ئىلاھە) ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئەقىدە-قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئاتا تەڭرى ئۆلگىن تەڭرى بىلەن ئانا تەڭرى ئوماي ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئىنسانلارنى ئاتا تەڭرى ئۆلگىن بىلەن ئانا تەڭرى ئوماي ياراتقان. ئۆلگىن تەڭرى ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن تەختلىك سارايدا تۇرىدىكەن... ئۈستۈنكى پارلاق ماكان(ئاسمان-جەننەت) بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ ماكان(يەرئاستى-دوزاخ) نىڭ ئارىسىدا «ئوماي ئانا» (يەر ئانا) بار ئىكەن.»[6]

بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇپراقتىن يارالمىش» ئىدىيىۋى كۆزقارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دىگەن ماقال-تەمسىلنىڭ كېلىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تاھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن يەرنى ئۇلۇغلاش ۋە قەدىرلەش توغرىسىدىكى ئادەت-قاراشلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى مەنبەلەردە، ‹‹يەر ئانا› قارىشى ئىنسانلا ئۆزچىلىق تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كىرگەن دەۋرلەردە پەيدا بولغان»[7] دېيىلىدۇ. چۈنكى يەر تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىقتىساددىي تۇرمۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، يەرنىڭ ھاياتلىق تىرىكچىلىكىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئىلگىرىكى يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقاد-قارشلىرى ئاساسىدا، يەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۇرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئوماي ئانا» (يەرتەڭرى) قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تەڭرى ئوماي ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە، «ئوماي ئانا ئىنسانلارغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھىي، شۇنداقلا ئايالارنىڭ ۋە باللارنىڭ شەپقەت ئىلاھى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا « قەدىمقى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر-سۇب»(موقەددەس يەر-سىز)دەپ ئاتالغان.‹ئىدىقۇت› دىگەن نام ئەنە شۇ يەرگە چوقۇنىشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ‹ئىدىقۇت›- قۇت بەرگۈچى خۇدا دىمەكتۇر».[8] بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىقتىساددىي تۇرمۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى يەرنى ئۇلۇغلاش ۋە يەرنى قەدىرلەش توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش قارشلىرىنىڭ تۈپ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

دىمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزملىق ئەقىدە-قاراشلار ۋە شامانىزم ئېتىقادى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئارقىلىق تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

## 2.ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇرخەلق ئەپسانىلىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم ۋە تۆتېمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى ئەمەلىيىتىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىكلىرىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

ھايۋانلارغا چوقۇنۇش-ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۇنياۋىي ئومۇملىققا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى. «ھايۋانلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۆتېم پۈتۈنلەي بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ناھايىتى كەڭ چۈشەنچىدۇر. تۆتېمىزم بولسا ئۆزۈق دەپ ئاتالغان ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ (جەمئىيەت ئەزالىرىنى مۇقەددەس بىلىپ، بەزى مەخلۇقاتلارغا ياكى شەيئىلەرگە باغلىغان ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى. ئەنە شۇنىڭدىن تۆتېم ئېتىقادى كېلىپ چىققان.» [9]

ئۇيغۇرلارنىڭ تۆتېم ئېتىقادى-ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تارىختىكى ئانىمىزملىق قاراشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە، ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار بەزى ھايۋانلارنىڭ كۈرۈش قۇۋۋىتى، پۇراش سەزىمى، مىكىش سۈرئىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ھوشيارلىقى جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشكە باشلىغان. ھايۋانلاردىكى بۇ خىل سىرلىق كۈچ-قۇۋەت كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدا ئىلاھى تۈس ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش نەسلى، قوغدىغۇچىسى، باش پاناھى ۋە مەدەت بەرگۈچىسى دەپ تونۇيدىغان قاراش شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە كېيىنچە بۇ قاراشلار ئاساسىدا ئۇلارغا چوقۇنغان

www.kitaphumar.com

ۋە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلاردا تۇتېم ئېتىقادى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىلاھلىرى توغرىسىدا خىلمۇ-خىل ئەپسانىلەرنى ئىجاد قىلغانىدى. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى هايۋانلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە ئاساسەن تۇتېم ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بايان قىلىنىدۇ.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا قۇرت (بۆرە) بەخت تەڭرىسى دەپ قارىلىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۇتېم ئېتىقادى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۆرە تۇتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. «تۈركلەر بۇرۇن غەربىي دېڭىزنىڭ غەربىدە ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشىنا بولۇپ، باشقىلىرى قەبىلە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپتۇ، پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرىشى بىلەن ساق قېلىپ چوڭ بوپتۇ، بۆرە بۇ بالىدىن ھامىلدار بوپتۇ. كېيىن ھېلىقى بالا ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئەۋلىيا ھېلىقى بۆرىنى غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىدىقۇتنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي تاغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۆرە ئۇ جايدا ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ بولۇپ كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمي بولۇپ، ئاشىنا شىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن.»[10] يەنە بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. «ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ ئىچىگە قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، تاغنىڭ تۆۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنىپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۈشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ قىلىپ چوقۇنىدىغان بوپتۇ.» [11]

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە تەسۋىرلەنگىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا «بۆرە»گە چوقۇنغانلىقىدەك ئوبىكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ كونكرېت ۋە ئەينەن ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىدىن ئىبارەت بۇ ھايۋاننى ئۇلۇغلايدىغان، ئەتىۋارلايدىغان، ئاسرايدىغان ئەنئەنىۋىي قاراشلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە يەنە، ئۇيغۇرلار تارىختا تۇتېم قىلىپ چوقۇنغان «شىر (ئارسلان)»، «تۆگە (بۇغرا)» «ئات»، «لاچىن»، «كالا» قاتارلىق بىر قىسىم ھايۋانلار

www.kitaphumar.com

توغرىسىدىكى مەزمونلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خىلدىكى ئەپسانە مەزمونلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان ئومۇمىي خاراكتېرلىق يەكۈنلەر ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاسراش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

## 3.ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك قارىشى

ئۇيغۇرخەلق ئەپسانىلىرىدىكى دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈك قارىشى-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان دەۋر، ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-تېرىپ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاسراش ئادەت قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەكۈنى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى قوغداشتا ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

« دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ تويلاش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل ئېتىقاد پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان قەدىمىي ئېتىقاد بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلىنىشى بىرلىك شەكلى ھەممە خەلقلەردە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ».[12] قەدىمكى ئىنسانلار ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىن نەپ ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇلاردا دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىكى كېسىۋەتسە قايتا ئۆسۈپ چىقىدىغان سىرلىق كۈچ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىلاھىي تۈس ئالغان. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئىنسانلاردا دەل-دەرەخ،

www.kitaphumar.com

ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىرقىسىم ئەپسانىلەردە مۇنداق ھېكايىلەر بايان قىلىنىدۇ. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلمىغان ئىكەن،.. ‹ esca › دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغانىكەن».[13] يەنە بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. « ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دىگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغانىكەن. ئۇنىڭ بىرسى توخو دەرياسى يەنە بىرى سىلىڭگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن بۇ ئىككى دەريا ئارىسىدىكى دەرەخقە شولا چۈشۈپتۇ، ئىككى دەريا ئارلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ گەۋدىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، قورساق سېلىپ قاپتۇ. مۆڭلۈق مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىپ، كېچىلىرى ئوتتۇز قەدەم ئارلىقتىكى يەرلەرگە يورۇق چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ شولا دەرەخقە ئۇدا توققۇز ئاي، ئون كۈن چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ.ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ، بۇلار دەرەختىن تۇغۇلغان مۇقەددەس بوۋاقلار ئىكەن. ئۇلار يەرگە چۈشۈپ، كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سوراپتۇ. كىشىلەر دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. باللار دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ خۇددى ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلغاندەك ئۇلارغا چوقۇنۇپتۇ. دەرەخ تۇيۇقسىز ئادەمدەك سۆزلەپ كېتىپتۇ:‹پەزىلەتلىك ياخشى باللار بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرۇڭلار، مېھىر- شەپقەت، ۋاپانى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، سىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭلارنى، نامىڭلارنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز › دەپتۇ. ھەممە كىشى بۇ باللارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپتۇ. ئۇلارنىڭ تەگرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار بۇلارنىڭ بىرىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى قارار قىپتۇ. باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بۆكۈتېكىن گۈزەللىكتە ۋە ئەقىل- پاراسەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممەيلەن بىردەك خاقانلىققا سايلاپتۇ، داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.»[14]

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە ئاسرايدىغان ئەنئەنىۋي قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىغا ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيىتىدە، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ تىكىپ، باغ ياسايدىغان، ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە مەھەللە، ھويلا-ئارامlارغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ ھەرخىل باراڭلارنى ياساشتەك يېشىللىقنى سۆيىدىغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگەئاساس بولغان.

www.kitaphumar.com

## 4. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى- ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد(ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيتى جەريانىدىكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئادەم ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆلچەمى، شۇنداقلا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوبرازلىق يەكۈنى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بويان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيتى جەريانىدا ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇس جەريانىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«تەبىئەت دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئىپتىدائىي ئوبيېكتىدۇر. بۇ نۇقتىنى بارلىق دىنلار، بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى».[15] كۆككە چوقۇنۇش-ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائى تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، بوران، شامال،يامغۇر، قار، چاقماقلارغا بولغان ئېتىقادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىمۇ كۆك تەڭرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئۆلگىن تەڭرى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. «ئۆلگىن تەڭرى ئاي بىلە قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن تەختىلىك سارايدا تۇرىدىكەن،ئۇنىڭ تېنى ئىنسانغا ئوخشايدىكەن. كۆكتىن تۆكۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شال ئىكەن. ئۆلگىن تەڭرىنىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاسماندا تۇرىدىكەن، ئۆلگېن تەڭرىنىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن، بۇلار يورۇق، شولا، قار قاتارلىقلار بولۇپ، يورۇق، ئىنسانلار بىلەن ئۆلگېن ئارىسىدىكى ئالاقىچى ئىكەن، ئومۇمەن،ئۆلگىن تەڭرى كۆكتىكى بارلىق ئىلاھلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان تەڭرى بولۇپ، ئۇ ئالتاي سامانىستلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى بۈيۈك تەڭرى ئايازخان (ياراتقان) نىڭ دەل ئۆزىدۇر.»[16]

بۇ ئەپسانە دەل ئۇيغۇرلار كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان مەزگىلەردە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۆك تەڭرىسى ئۆلگىننى ئاسماندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تەڭرىسى دەپ قاراپ، كۆككە چوقۇنۇش، كۆكنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل قاراشلار كېيىنچە

www.kitaphumar.com

كۆكتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولىشىغا ئاساس بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەۋجۇداتلار توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار ۋە ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم ئەپسانىلەرئۇچرايدۇ. «ئايال تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىشى» دېگەن ئەپسانىدا مۇنداق ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ. «بۇرۇنقى زامانىدا، ئالەمدە قۇياش، ئاي، يەر، يۇلتۇزلار پەيدا بولمىغان شۇنداقلا بىرمۇ جانلىق يوق چاغدا، پۈتكۈل ئالەمدە پەقەت بىرلا ئايال تەڭرى بولغانىكەن، ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى ئادەمگە ئاساسەن ئوخشىسىمۇ ئەمما بويى ئادەمدىن خېلى ئېگىز ئىكەن، ئادەتتە ئۇ جىمجىت ئۇخلايدىكەن. ئەگەر ئويغىنىپ كېرىلسە بەدىنى پۈتكۈل ئالەمنى قاپلايدىكەن. قولىنى يايسا كائىناتنى يېپىۋالىدىكەن. كۆزىنى ئاچسا ئالەم بىردىنلا يوپيورۇق بولىدىكەن. كۆزىنى يۇمسا ئەلەم قاراڭغۇلىشىدىكەن. كېيىن ئۇ زېرىكىش ھېس قىلىپ، بار كۈچى بىلەن بوشلۇقتىكى چاڭ-توزانلارنى سۈمۈرۈپ ئاندىن كېيىن يەنە بار كۈچى بىلەن سىرتقا پۈۋلەپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەم يوغان، ھەم يۇملاق نەرسە ئۇچۇپ چىقىپ جاھاننىڭ شەرق تەرىپىگە كېتىپتۇ. بۇ بولسا قۇياش ئىكەن. ئۇ يەنە پۈۋلەپتۇ، بۇ چاغدا ئاغزىدىن ئاي چىقىپتۇ. يەنە پۈۋلىگەندە يەر شارى چىقىپتۇ. ئۇ توختىماستىن پۈۋلەۋەرگەنىكەن يۇلتۇزلار چىقىپتۇ. .ئايال تەڭرى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي يەنە پۈۋلەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇنلىغان لاي پارچىلىرى ئېتىلىپ چۈشۈپ ئادەملەرنى ھاسىل قىپتۇ. بۇ ئادەملەر يا ماڭالماي، يا سۆزلىيەلمىگەچكە، ئايال تەڭرى يەنە پۈۋلەپ يەر شارىغا قۇرت-قوڭغۇزلارنى ئەۋەتىپ، ئادەملەرنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا پۈۋلەپ سۆزلىيەلەيدىغان، كۈلەلەيدىغان، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان قىپتۇ. بۇ ئادەملەر بەك كىچىك بولغانلىقتىن ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنى سىلاش ئارقىلىق چوڭايتىپتۇ ھەمدە ئەر-ئايال دەپ ئايرىپتۇ، ئۇلارنى ھەم يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىپتۇ، بۇ ئادەملەر كۆپىيىپ بۈگۈنكى ئىنسانلارنى ھاسىل قىپتۇ. ئايال تەڭرى يەنە ياۋايى ھايۋانلارنى، دەريا-كۆللەرنى يارىتىپتۇ. قۇرت-قوڭغۇزلار يەيدىغان ئوزۇقلۇق تاپالماي جىن-ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئايال تەڭرى ئاخىرىدا يەنە ئادەملەرگە ئەقىل-پاراسەت بېرىپتۇ.»[17]

ئەسما ھەققىدىكى ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. «ئەسما پەرى ئاسمان مەلائىكىلىرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، يەتتىنچى ئاسماندا تۇرىدىكەن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسىلەر مانا شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىقىدىكەن. ئەسما پەرى كۆزىنى ئاچسا قۇياش چىقىپ، پۈتۈن كائىنات يورۇيدىكەن. ئۇ ئۇخلىسا جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇسى باسىدىكەن، يىغلىسا يامغۇر ياغىدىكەن، كۈلسە قار ياغىدىكەن، ئاغزىنى ئاچسا بوران چىقىدىكەن، نەپەس ئالسا شامال چىقىدىكەن، قاپىقىنى تۈرسە ھاۋا بۇزۇلىدىكەن، غەزەپلەنسە يەر تەۋرەيدىكەن، قېشىنى ئاتاسا ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن.»[18]

www.kitaphumar.com

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم، يەرشارى، ئىنسان، ھايۋاناتلار، قۇرۇت- قوڭغۇزلار، دەريا-كۆللەر، ئاي، قۇياش، يۇلتۇز، قار، يامغۇر، شامال، بوران، كېچە بىلەن كۈندۈز، ھاۋارايى ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە بىلىشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوبرازلىق يەكۈنى ئوتتۇرغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار نىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە تەبىئەتكە ماسلىشىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشىنىڭ تۈپ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا تۈپ يىلتىزى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىپتىدائىي (تەبىئەت) ئېتىقاد قاراشلىرى بىلەن تېرىكچىلىك ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ خىل قاراشلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى، بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆزگىچە پەلسەپىۋىي چۈشەنچىلىرى ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ماسلىشىپ بىرىكىشى ئاساسىدا تەدرىجىي بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئەپسانىلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرىنىمۇ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا بەلگىلىك رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلارنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، رولى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار:

[1] جاڭ فەن :«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى» ، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003- يىل، 368-بەت

www.kitaphumar.com

[2] ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومومىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل
[3] ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومومىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل
[4] جاڭ فەن :«ئىكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى» ، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل،227 ـ بەت
[5] ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومومىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل
[6] ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل،457 ـ بەت
[7] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل،461 ـ بەت
[8] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990 ـ يىل1 ـ سان،68 ـ بەت
[9] جاڭ فەن :«ئىكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى» ، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل،276 ـ بەت
[10] ئابدۇكېرىم راخمان:«يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1986 ـ يىل
[11] ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومومىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل
[12] راھىلە داۋۇت:« قەدىكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا »(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990 ـ يىل 1 ـ سان، 78 ـ بەت
[13] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل،557 ـ بەت
[14] ئابدۇكېرىم راخمان:«يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1986 ـ يىل
[15] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل،454 ـ بەت
[16] ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومومىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل

www.kitaphumar.com

[17] ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيسى ئاساسلىرى1-قىسىم»، شىنجاڭ ئونىۋېرستىتى نەشرىياتى،1997-يىل
[18] ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيسى ئاساسلىرى1-قىسىم»، شىنجاڭ ئونىۋېرستىتى نەشرىياتى،1997-يىل

(بۇ ماقالە 2006-يىلى يېزىپ تاماملىنىپ، مىراس ژورنىلىنىڭ 2008-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان)

www.kitaphumar.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھۆنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي قول ـھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـئادەتلىرىگە نەزەر

**ئادىل غاپپار كارىزى**

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 11ـئەسىردە (تەخمىنەن مىلادى 1076 ـ 1077 ـ يىللار ئارىلىقىدا) بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان مونىمېنتال ئەسەر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىلى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم ـ پەن تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلاش ئارقىلىق قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتىنى باي تىل ماتېرىياللىرى (7500 سۆزلەم) ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىزاھلىق لوغەت[1]. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر مەلۇماتلار بار. مەسىلەن: ياخشى كۆرىدىغان ئايرىم غىزالارنى ئېتىش يوللىرى ، مەي ئېچىتىش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم ـكېچەكلىرى، زىبۇ ـزىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش قوپۇشقا دائىر ئەدەب ـقائىدىلەرنى ئاپتور پەقەت سۆزلەم تەرىقىسىدىلا بېرىپ قالماي، بەلكى چۈشەندۈرۈپ يازغان[2]. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن بۇ مەلۇماتلار، بىزنى 10ـ 11ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ھۆنەر ـكەسىپ تۈرلىرى، ئەنئەنىۋىي ھۆنەر ـكەسىپ تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاپ ـقۇراللار توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولۇشتا ۋەئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي قول ـھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماقالىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قول ـھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت مەزمۇنلارنى فولكلورشۇناسلىق ۋە تىل ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي قول ـھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـئادەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلار ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋىي قول ـھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي قول ـھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تۈرلىرى،

www.kitaphumar.com

فونكسىيسىنى، شۇنداقلا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش شەكلى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىن 15تۈرلۈك ئەنئەنىۋي قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋي قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسىملىرى،ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ياساش ھەم ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن. تىل ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر ۋە مەزمۇنلارنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ بىر تاسادىبىلىق ئەمەس. بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن كۈندىلىك تۇرمۇش ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ياساش ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېزەپ ھوزۇرلىنىدىغان ئۆرپ-ئادەت ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىزناسى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى، تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر مىللەت تىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەندە، شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى بىر تىلنىڭ فۇنىتىكىسى، لېكسىلوگىيىسى، گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە دىئالېكتىكىسى قاتارلىقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوخشاش بىر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىنىڭ نامىنى، ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر ئوخشاش بولمىغان سۆز ۋە تەلەپپۇزدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى، بىر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ناملىرىنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. دېمەك، 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋي قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلاپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئىزنالار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى لېكسىكا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ئىسىم، سۈپەت، پېئىل قاتارلىقلاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ ھال بىزگە 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە تۈرلۈك ئەنئەنىۋي قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھۈنەر-سەنئەت ئۆرپ-ئادىتى – كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ياساش ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېزەپ ھوزۇرلىنىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋي ئۇسلۇب بولۇپ، ئۆرب-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ

www.kitaphumar.com

ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىجادىيەت ساھەسىنى ئۆزگەرتىش مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەن بەرگەندى[3]. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، «ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تاش قوراللار گەرچە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى بولسىمۇ ئەمما ئۇنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىزەكچىلىك گۈزەللىك ئېڭىنىڭ قوراللاردىكى بىرخىل بىخلىنىش ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ[4].

يوقارقى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت ئۆرپ-ئادىتىمۇ، ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. بۇ توغرىسدا ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق ئەپەندى «ئۇيغۇر ھۈنەر-كەسىپ رىساللىرى توغرىسدا» دېگەن ماقالىدا مۇنداق دەپ يازغان:«تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۈنەر كەسىپلەر ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ئېتىقادى پەيدا بولۇشتىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن: كۆنچى دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنلا بۇغداي تېرىلغان، چارۋا مال بېقىلغان، ئىپتىدائىي كۆن ـ خۇرۇم، كىگىز، ئۇچلۇق تۇماق ئىشلەنگەن. يۇڭ رەخت توقۇلغان، يۇڭ رەخت ۋە ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم تىكىلگەن. ياغاچتىن ھەيكەل ئويۇلغان، قۇرمتام ئۆيلەر بىنا قىلىنغان. ساپال بۇيۇملار ياسالغان[5]». «ئۇيغۇر ھۈنەر كەسىپ رىساللىرى› باياندا، ئۇيغۇرلاردا 365 خىل ھۈنەر-كەسىپ بولغانلىقى مەلۇم[6]». ئەمما ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ھۈنەر-كەسىپلەردىن تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق)، ناۋايلىق، ئاشپەزلىك، باققاللىق، قۇيمىچىلىق، قاسساپلىق، كىگىزچىلىك، تېرىچىلىك، جۇۋا-تۇماقچىلىق، شامچىلىق، سوپۇنچىلىق، باپكارلىق (توقۇمىچىلىق)، بوياقچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، سودىگەرچىلىك، ساتىراچلىق قاتارلىق 22 خىل ھۈنەر-كەسىپنىڭ رىسالىسى بار[7]». مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەپ قالدۇرغان قول-ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆز ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىن 15تۈرلۈك ئەنئەنىۋى قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى توغرىسدىكى مەلۇماتلار خاتىرلەنگەن. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىكى15تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرىنىڭ 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنۋالالايمىز. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىكى 15تۈرلۈك قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ئادىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

### 1.يىمەك-ئىچمەك ھۈنەر-سەنئىتى

www.kitaphumar.com

يېمەك-ئىچمەك سەنئىتى ـ ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن يېمەك-ئىچمەك تۇغرىسىدىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېمەك-ئىچمەك ئادەت ۋە پەرھىزلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتى، ئوزۇقلۇقنىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان يېمەك-ئىچمەك سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. جۇغراپىيىلىك رايوننىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئوزۇقلۇقنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. ئوزۇقلۇقنىڭ تۈرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ تۈرى، ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىستىمال قىلىش ئادەت ۋە قاراشلىرىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدە بارلىققا كەلگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتى ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەينى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك سەنئىتىگە دائىر مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار بىزنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋىي يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنى چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىگە دائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋىي يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتى ـ ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا شەكىللەندۈرگەن. يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ يۇغۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكە ئىگە بولغان ئۆزگىچە يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنى بۇ خىل ئۆزگىچە يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئىستىمال قىلىش ئادەتلىرىگە ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تاماق تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) ئۇن تائام تۈرلىرى : ئۇن تائام تۈرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدە بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساسلىق تىرىكچىلىك مەنبەسى قىلىدۇ. ئۇن تائاملىرىنىڭ

www.kitaphumar.com

بارلىققا كېلىشى بۇخىل تىرىكچىلىك ئىقتىسادىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۇن تائام تۈرلىرىنىڭ نامى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ دەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بوستانلىق تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن ئۇن تائام تۈرلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۇن تائاملارنى ياساش سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ ھال بىزگە 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە (سەنئەت) گۈزەللىك ئېڭىنىڭ بىر سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۇن تائاملىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

توقاچ- (1 ـ توم ـ 504 ـ بەت )
ئۇ ئۇن ئەلگەتتى ( 1 - توم 349 ـ بەت )
قاتلما نان- ( 1 - توم 34 ـ بەت )
قاتلما نان ـ ( 3 ـ توم 44 ـ بەت )
تۈرمەل ـ (1 ـ توم 622 ـ بەت )
ئۈگرە ـ (1 ـ توم 171 ـ بەت )
ئۈن ـ (3 ـ توم 62 ـ بەت )
سىم ـ بىر خىل تاماق (3 - توم187 ـ بەت )
نان جىگدە ـ (3 - توم 202 ـ بەت )
قوت ـ تۇغۇتتا قانسىرىغان ئايال يەيدىغان تاماق (3 - توم223 - بەت )
قۇيماق ـ (3- توم239 ـ بەت )
to - بۇلماققا ئوخشاش تاماق ( 3 - توم 287 ـ بەت)
سۈيۈق تاماق- ( 3 ـ توم326 ـ بەت)
مۆتىندىل تاماق ـ (3 - توم331 ـ بەت )
نان ـ(1 - توم137 ـ بەت )
گۆشىسىز ئاش ـ (3- توم48 ـ بەت )
چۇرۇش ـ (1 - توم 477 ـ بەت )
«بۇغداي سورۇلدى» ـ (2- توم 336 ـ بەت )
top بىر خىل يېمەكلىك (1 - توم 417 ـ بەت )
قاغۇت ـ بىر خىل تاماق (1 - توم 528 ـبەت )

www.kitaphumar.com

چۆپ ـ (1 ـ توم 591 ـ بەت )
قۇچقاچ تىلى ئاش ـ (1 ـ توم 683 ـ بەت )

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن يوقارقى ئۈن تائام ناملىرىغا ئاساسلانغاندا، 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە، يېمەك ـ ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك بولغان رەۋەندىچىلىك (ئۈن تارتىش)، ئاشپەزلىك، ناۋايلىق قاتارلىق يېمەك ـ ئىچمەك ھۈنەر ـ سەنئەت ئادىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۈن تائام تۈرلىرىنىڭ بۇنداق كۆپلىكى، نامىنىڭ كۆپ خىللىقى ئاساسلانغاندا، 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەك ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.

2) گۆش تائام تۈرلىرى: گۆش يېمەكلىكلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرى ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشنى ئاساسىي تىرىكچىلىك مەنبەسى قىلىدىغان بولغاچقا، گۆش بۇ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تۈرمۇشىنىڭ ئاساسلىق ئىستىمال ئوبيېكتى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوخشاش بولمىغان گۆش يېمەكلىكلىرىنى ئىستىمال قىلىش ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «تۈركىي تىللاردىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ گۆش يېمەكلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بىر قىسىم مەلۇماتلار بار بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي گۆش يېمەكلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

ھېسىپنىڭ بىر خىلى ـ (1ـ توم 543 ـ بەت )
كاۋاپ ـ ( 3 ـ توم 333 ـ بەت )
ھېسىپ ـ( 3 ـ توم 74 ـ بەت)
قىزا ـ 3 ـ توم309 ـ بەت )

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئاساسلىق ئىستىمال تۈرى بولغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن خىلمۇخىل تائاملارنى ياساش ئۇسۇللىرىنى ۋە ئىستىمال قىلىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگە.

www.kitaphumar.com

نلىكنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھىسپىنىڭ بىرقانچە خىلىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىمال قىلىشقا بولمىغان ھايۋانلارنىڭ پەقەت گۆشىنىلا يېيىشتىن، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىنمۇ ئەڭ يېيىشلىك بولغان تائاملارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىكىنىڭ ئىپادىسى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن گۆش تائام تۈرلىرىنىڭ ناملىرىغا ئاساسلانغاندا، 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە، كاۋاپچىق، ئۆپكە ھىسسىپچىلىق، ھۈنەر كەسىپ ئادىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. كاۋاپ ۋە ھېسپىنىڭ بىرقانچە خىل تۈرىنىڭ ناملىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئەينى دەۋردە، بۇ خىل ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

3) ئىچىملىك تۈرلىرى: ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، سۈت، قېتىق، شورپا، ئاساسلىق ئىچىملىك ئوبيېكتى قىلىنغان. تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بولسا، چاي، مېۋە شەربىتى قاتارلىقلار ئاساسلىق ئىچىملىك ئوبيېكتى قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن ئىچىملىك تۈرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىچىش ئادەتلىرى ـ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىچىملىك ئىچىش ئادەتلىرىنى يۇغۇلمىسى دېيىش مۇمكىن.چۈنكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىچىملىك ئىچىش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى خاتىرلەنگەن. مەسىلەن:

بوزا ـ ئىچىملىك (3 ـ توم 81 ـ بەت )
شاراب ـ (3 ـ توم 167 ـ بەت )
سىركىنىڭ بىر تۈرى ـ 1 ـ توم548 ـ بەت )
قېتىق ـ پىشلاق (1 ـ توم 462 ـ بەت )
ھاراق ـ (1 ـ توم470 ـ بەت)
ئايران ـ (1 ـ توم 163 ـ بەت )
ئۆرۈك قېقى شىرنىسى ـ (1 ـ توم 165 ـ بەت )
قېتىق ـ (1 ـ توم195 ـ بەت )
سۈت ئارىلاشمىسى ـ (1 ـ توم 137 ـ بەت)
ھەسەل ـ ( 3 ـ توم 213 ـبەت)

www.kitaphumar.com

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىچىش ئادەتلىرى بىر قەدەر ئۆزگىچە بولۇپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن ئىچىملىك تۈرلىرىنىڭ ناملىرىغا ئاساسلانغاندا، 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە، شارابچىلىق، سۈت ـ قېتىقچىلىق، سىركىچىلىك، شىرنىچىلىك، بوزچىلىق (ئىچىملىك)، ھەسەلچىلىك قاتارلىق ئىچىملىق ياساش كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ياساش ھۈنەر ـ كەسپىنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىچىملىق ياساش ھۈنەر ـ كەسپىنىڭمۇ ناھايىتى يۇقىرى بىر سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

4) مېۋە ـ چېۋە ۋە يەل ـ يېمىش تۈرلىرى: باغۋەنچىلىك ـ ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىغا ماسلاشتۇرغانلىقنىڭ مەھسۇلى. باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشىدا، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي بىلەن گىرەلەشمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىك ئىقتىساددىكى ئېشىنچى مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇئەلرنى تاۋارلاشتۇرۇش، پىشقلاپ ئىشلەش تېخنىكلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي باغۋەنچىلىك كەسپىي ۋە ئۇنىڭ مېۋە پىشقلاپ ئىشلەش تېخنىكلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇلار خاتىرلەنگەن.

ئالما ـ 1 ـ توم، 186 ـ 520 ـ بەت
ئالىگىرات ـ 1 ـ توم 155 ـ بەت
ياڭاق ـ 3 ـ توم 36 ـ بەت
جىگدە ـ 3 ـ توم 39 ـ بەت
ئۈزۈم ـ 1 ـ توم 103 ـ بەت
ئامۇت ـ 1 ـ توم 128 ـ بەت
ئالۇچا ـ 1 ـ توم 164 ـ بەت
مىۋە ـ 3 ـ توم 13 ـ بەت

قۇرۇق مۇچىلىك: مىۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ بوستانلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدە بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك

www.kitaphumar.com

سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى بوستانلىق ئىقتىسادىي باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىپ، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساسلىق تېرىكچىلىك مەنبەسى قىلىدۇ. مېۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بوخىل تېرىكچىلىك ئىقتىسادىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. «تۈركىي تىللاردىۋانى» دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئىستىمالى بولغان قۇرۇق مېۋە تۈرلىرىنىڭ نامى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ دەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بوستانلىق ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن قۇرۇق مېۋە تۈرلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، 11 ـئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي مېۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي قۇرۇق مېۋىلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

قۇرۇق مېۋىلەر:

قۇرۇق ئۈزۈم ـ 1 ـ توم 216 ـ بەت

گۈلە ـ 3 ـ توم 322 ـ بەت

ئامۇت قېقى ـ 3 ـ توم 444 ـ بەت

قاق ـ 3 ـ توم 179 ـ بەت

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن يۇقارقى مېۋە ۋە قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ ناملىرىغا ئاساسلانغاندا، 10 ـ 11 ـئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئالما ئۆستۈرۈش، ئالۇچ ئۆستۈرۈش، جىگدە ئۆستۈرۈش، ياڭاق ئۆستۈرۈش، ئۈزۈمچىلىك ۋە ئۈزۈم قۇرۇتۇش، گۈلچىلىك، ئامۇت ئۆستۈرۈش ۋە ئامۇت قۇرۇتۇش (تېخنىكىلىرىنىڭ) ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ھەربىر خىل مېۋىنى قۇرۇتۇشنىڭ ئۆزىگە ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسى مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، يەنە ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىدىغان قورال ـ ئەسۋابلارمۇ خاتىرلەنگەن. مەسلەن: تەڭنە (566ـ بەت)، ياغاچ چېلەك (593 ـ بەت)، ئاشتاختا (50 ـ بەت)، چىغرىق، تۈگمەن چاقى (549 ـ بەت)، قىڭراق (522 ـ بەت)، پىچاق(499 ـ بەت)، كوزا (501 ـ بەت)، ئىدىش (83 ـ بەت)، ئاياق، قاچا (114 ـ بەت)، چىنە (566 ـ بەت)، زىخ (432 ـ بەت)

بۇ خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي يېمەك-ئىچمەك سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي

www.kitaphumar.com

تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك ئۆرپ ئادىتى ۋە گۈزەللىك قارىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇ خىل ئادەت قاراشلار بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراش جەھەتتىكى ئالاھىدىكلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى

توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك بولغان ئېھتىياجىنىڭ يەنمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ھۈنەر تېخنىكا بولۇپ، ئىنسانلار تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تېپىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. بۇ خىل تېخنىكا بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ كۆپ تېخنىكلارنىڭ ۋە ئۆزگىچە گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى توقۇمىچىلىققادائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي توقۇمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ـ ئۇيغۇر خەلقى بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تېپىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن رەخت توقۇش ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي توقۇمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

ئىككى خىل نەرسىدىن توقۇلغان رەخت (3 ـ توم 17 ـ بەت )
يۈرۈن ـ يىپەك رەخت پارچىسى (3 ـ توم 26 ـ بەت)
داستىخان ـ (1 ـ توم 558 ـ بەت )
رەخت تۈرى ـ 1 ـ توم581 ـ بەت )
يىپ ـ (1 ـ توم631 ـ بەت )
رەخت ـ (1 ـ توم 636 ـ بەت )
يىپەك رەخت بۇيۇملىرى ـ 1 ـ توم 108 ـ بەت )
يىپەك رەخت ـ( 1 ـ توم 121 ـ بەت )
يىپەك رەخت ـ (1 ـ توم 197 ـ بەت )
ئىگىرىلگەن يىپ ـ 1 ـ توم 142 ـ بەت )
گىلەم ـ (1 ـ توم 474 ـ بەت )
تويدا يېرتىلىدىغان رەخت ـ (1 ـ توم 475 ـ بەت)
يىپەك رەخت ـ 1 ـ توم 426 ـ بەت )

www.kitaphumar.com

يىپەك رەخت ــ (1 ـ توم427 ــ بەت )
تاغار ــ (1 ـ توم 535 ــ بەت )
يىپەك رەخت ــ 3 ـ توم595 ــ بەت )
توق سېرىق رەڭلىك بىرخىل يىپەك رەخت ــ ( 1 ــ توم 56 ــ بەت )
يىپەك پارچىسى ــ ( 3 ـ توم499 ــ بەت )
يىپەك رەخت ــ (3 ـ توم 507 ــ بەت )
يىپ كاللىكى ـ (3 ــ توم 510 ــ بەت )
چىت، ئالاچىپار رەخت ــ (3 ــ توم 166 ــ بەت )
رەخت ــ ( 3 ــ توم 213 ــ بەت)

تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن يۇقارقى توقۇمىچىلىققا ئائىت خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىدە، يىپ ئىگىرىش، يىپەكتىن رەخت توقۇش، گىلەم توقۇش، تاغار توقۇش ۋە رەڭلىك رەخت توقۇش تېخنىكىلىرىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## 3.تىككۈچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى

ئىنسانلارنىڭ (ئەڭ ئاساسلىق) ھاياتلىقنى ساقلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيىگە ئىگە بولغان كىيىم ــ كېچەك، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەنئەنىۋىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى مىللىي خاسلىقنى ۋە جىنسىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرۇپ كەلگەندى. بۇ خىل ئېھتىياجلار ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى جۇغراپىيىلىك شەرت ــ شارائىت، دىنىي ــ ئېتىقاد ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادەت ــ قاراشلىرىغا ماس ھالدا، مەلۇم خىل كىيىم ــ كېچەك تىكىش ھۈنەر ــ سەنئىتى بارلىققا كەلدى. تىككۈچىلىك ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا مەۋجۇت ئىدى.

تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى تىككۈچىلىككە دائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا،ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تىككۈچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى ـ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئېتىقاد قىلغان دىنىي ئەقىدىلەر ۋە گۈزەللىك قاراشلار ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە بىر خىل كىيىم ـ كېچەك تىكىش ئۆرپ ـ ئادەت ۋەتېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى تىككۈچىلىككە دائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تىككۈچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ــ ئۇيغۇرلارنى كىيىم ــ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن

www.kitaphumar.com

بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەككە بولغان ئېھتىياجىنى قانـدۇرۇش جەريانـىدا، بارلىققا كەلتـۈرگەن. «تـۈركىي تىلـلار دىـۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىـڭ ئەنئەنىـۋىي تىككـۈچىلىككە ئائىـت تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

بوخچا ـ 3 ـ توم 330 ـ بەت
تىككۈچى ـ 3 ـ توم 297 ـ بەت
پەردە (چىغدان) ـ 3 ـ توم 177 ـ بەت
توپچا ـ 3 ـ توم 332 ـ بەت
يامغۇرلۇق بۆك ـ 3 ـ توم 530 ـ بەت
يامغۇرلۇق ـ 1 ـ توم 507 ـ بەت
جۇۋا ـ 1 ـ توم 458 ـ بەت
كۆرپە ـ 3 ـ توم 50 ـبەت
جۇۋا قىلىندىغان تېرە ـ 1 ـ توم 148 ـ بەت
بوخچا ـ1ـ توم 168 ـ بەت
خوتۇنلارنىڭ پۈركەنچىنىڭ يۇقۇچى ـ 1 ـ توم 182 ـ بەت
قولياغلىق ـ 187 ـبەت
ئىشتانباغ ـ 1 ـ توم 206 ـ بەت
پەلەي ـ 1 ـ توم 207 ـ بەت
ئۆتۈك ـ 1 ـ توم 93 ـبەت
يېپىنچا ـ 1 ـ توم 98 ـبەت
جىلتكە ـ 1 ـ توم 133 ـ بەت
تېرە جىلىتكە ـ 1 ـ توم 138 ـ بەت
كۆشۈگە، پەردە ـ 1 ـ توم 596 ـ بەت
رومال ـ 1 ـ توم 634 ـ بەت
كۆرپەر ـ 1 ـ توم 570 ـ بەت
كۆرپە ـ 1 ـ توم 589 ـبەت
يېپىنچا يامغۇرلۇق ـ3ـ توم 44 ـ بەت
ساپما (كەش) ـ 3 ـ توم 23 ـ بەت
كۆرپە ـ تۆشەك ـ 3 ـ توم 23 ـ بەت
ياستۇق ـ 3 ـ توم 57 ـ بەت
يانچۇق ـ 3 ـ توم 60 ـبەت

www.kitaphumar.com

ئويماق ــ 3 ــ توم 61 ــ بەت

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرلەنگەن يوقارقى كىيىم-كېچەك تۈرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنۋىي كىيىم -كېچەك تىكىش ھۈنەر-سەنئىتىنى جۇۋا ــ توماقچىلىق ، پەردە تىكىش ھۈنەر-سەنئىتىنى، بوخچا تىكىش ھۈنەر ــ سەنئىتىنى ،يوتقان كۆرپە ياستۇق تىكىش ھۈنەر ــ سەنئىتى، رومال ياغلىق تىكىش ھۈنەر ــ سەنئىتى، كەش ــ ئۆتۈك تىكىش، ئىشتان ــ كۆڭلەك تىكىش ھۈنەر ــ سەنئىتى، يامغۇرلۇق تىكىش ھۈنەر ــ سەنئىتى ، پەلەي تىكىش قاتارلىق بىرقانچە كونكرت تۈرگە بولۇش مۇمكىن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە تىككۈچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم قورال - سايمانلارنىڭ ناملىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.
مەسلەن: تويىچا ( 3 ــ توم 332 ــ بەت) ، ئويماق( 3 ــ توم 41 ــ بەت)
بۇلاردىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تىككۈچىلىك ھۈنەر ــ سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

## 4 . كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر-سەنئىتى

كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر-سەنئىتى-ئىنسانلارنىڭ كىيىم كېچەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەريانىدا شەكىللەندۈر -گەن خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى، ئۆرپ-ئادەت ۋە قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر-سەنئىتى ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىساددىي تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.
«تۈركىي تىللاردىۋانى» دىكى كۆنچىلىككە دائىرمەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كۆنچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ــ ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرۈپ، كېيىنكى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھايۋانات تېرىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە دائىر ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەت، تېخنىكىلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر-سەنئىتىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي خۇرۇم كىيىم-كېچەكلىرى، ئىشلەپچىقىرىش-

www.kitaphumar.com

تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى ۋەئىشلىتىش ئادەتلىرىدە ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ.«تۈركىي تىللاردىۋانى»دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر-سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

تاسماقىيىش-قىيىشتىن ئۆرۈلگەن ئارغامچا - 3-توم15 - بەت
كەمەر ــ 1 ــ توم 631 ــ بەت
تاسما ــ 1 ــ توم 478 ــ بەت
قۇيقا ، خام تېرە ــ 3 ــ توم 238 ــبەت
ئۆتۈك ــ 1 ــ توم 93 ــبەت
تېرە جىلتكە ــ 1 - توم 138 ــ بەت

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كۆنچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە، تاسمىچىلىق، كەمەرچىلىك، ئۆتۈكچىلىك، تېرە كىيىم تىكىش ۋە تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ خىل خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-كەسىپ تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي- ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

## 5. بوياقچىلىق ھۈنەر سەنئىتى

بوياقچىلىق ھۈنەر سەنئىتى-ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا ماسلاشقان ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە رەڭ قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەبىئىي بوياق ماترىياللىرىنى تونۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بوياش جەھەتتە بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىلارنى كۆرسىتىدۇ.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بوياقچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي بوياقچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا ئېتىقاد قىلغان كۆپ خىل دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدىكى دۇنيا قاراشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە رەڭ قاراشلىرىنى ماددىي شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان بوياق ياساش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى رەڭ ئارقىلىق بېزەش جەھەتتە بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىلارنى كۆرسىتىدۇ.«تۈركىي تىللاردىۋانى»دا،ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي بوياقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

www.kitaphumar.com

بوياق ـ 3ـ توم 222 ـ بەت
سر ـ3 ـ توم 214 ـ بەت
بويدى ـ 3 ـ توم 355 ـ بەت
بوياق ـ 1 ـ توم 186 ـ بەت
چىت، ئالاچپار رەخت ـ 3 ـ توم 166 ـبەت
توق سېرىق رەڭلىك بىرخىل يىپەك رەخت ـ 1 ـ توم 56 ـ بەت

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي بوياقچىلىق ھۈنەر ـسەنئىتىدە، بۇياقچىلىق، سىرچىلىق، يىپەك رەختلەرنى بۇياش قاتارلىق چالغۇ بوياقچىلىق ھۈنەر سەنئەت كەسپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ خىل بوياقچىلىق ھۈنەر سەنئەت كەسپلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـئىقتىساددىي تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ تىخىمۇ يۇقىرى بىر سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلار ئىقتىساددىي تۇرمۇشىنىڭ بەلگىلىك سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغانلىقىدىنمۇ بىشارەت بېرىدۇ.

## 6. ياغاچچىلىق ھۈنەر ـسەنئىتى

ياغاچچىلىق ھۈنەر ـسەنئىتى ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆزتارىخى ـتەرەققىيات جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن ياغاچتىن قۇرال ـسايمان ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش توغرىسىدىكى ئۆرپ ـئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. ياغاچچىلىق ھۈنەر ـسەنئىتى ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ياغاچچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ياغاچچىلىق ھۈنەر ـسەنئىتى ـئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ياغاچچىلىق ھۈنەر ـسەنئىتىنىڭ يۇغۇلمىسىدىن تەركىپ تاپقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت

www.kitaphumar.com

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە ياغاچ پىشقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنى بۇ خىل ئۆزگىچە ياغاچچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۇلارنىڭ ياسىلىش ھەم ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردا ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

ياغاچ ـ 3 ـ توم 9 ـبەت

يىلىم ـ 3 ـ توم 24 ـبەت

چىغرىق ، تۈگمەن چاقى1 ـ توم 549 ـ بەت

ياغاچ ئاياق ـ 1 ـ توم 560 ـ بەت

ساندۇق ـ 1 ـ توم 560 ـ بەت

تەڭنە ـ 1 ـ توم566 ـ بەت

ساندۇق ، تاۋوت ـ 1 ـ توم 107 ـبەت

تاغاق ـ 1 ـ توم 611 ـ بەت

خانتاختا ـ1 ـ توم 145 ـ بەت

ئاشتاختا ، نانتاختا ـ 3 ـ توم 50 ـبەت

ياغاچ چىلەك، سوغا ـ 1 ـ توم 495 ـ بەت

ئۆي جاھازلىرى ـ كېلىن بولغۇچى قىز ئۆچۈن تەييارلانغان 1 ـ توم 418 ـبەت

شۈمەك ـ 1 ـ توم 505 ـبەت

بۆشۈك ـ 1 ـ توم531 ـ بەت

ياغاچ ساپان، ئاماچ ـ 1 ـ توم 73 ـ بەت

ھاسا ـ3 ـ توم، 227 ـ بەت

ياليا ـ ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان تېيىز تاۋاققا ئوخشاش ياپىلاق نەرسە 3 ـ توم، 38 ـ بەت

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ياغاچچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە، ساندۇقچىلىق، بۆشۈكچىلىك، ھارۋىچىلىق، سېۋەتچىلىك، ياغاچ ئويمىچىلىق، تاغاقچىلىق، تەڭنىچىلىك، چىلەكچىلىك قاتارلىق ياغاچ پىشقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ياغاچ پىشقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-كەسىپ تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى، ئەينى

www.kitaphumar.com

دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساددىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

### 7. چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى

چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر سەنئىتى ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆز تارىخى تەرەققىياتىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھەربىي ئىشلار ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن مۇزىكا چېقىرىدىغان ئەسۋابلارنى ياساش توغرىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنسانلار ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىشقا باشلىغان دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق دېيىشكە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى چالغۇ ئەسۋابلار توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋاب ياساش سەنئىتى ـ ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن مۇزىكا چېقىرىدىغان ئەسۋابلارنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە چالغۇ ئەسۋاب ياساش ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋاب ياساش سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

قوۋۇزنىڭ بىر خىلى ـ 3 ـ توم 238 ـ بەت
بۇرغا ـ 3 ـ بەت 331 ـ بەت
چالغۇ ـ 1 ـ توم 185 ـ بەت
قوبۇز ـ1 ـ توم 473ـ بەت
چاڭ ـ3 ـ توم 487 ـ بەت

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىدە، قوۋۇز ياساش، بورغا ياساش قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاب ياساش كەسپىنىڭ

مەۋجۇتلۇقنى بىلشكە بولىدۇ. بۇ خىل چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر-كەسىپ تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مول-مەزمۇنلۇق، رەڭدار بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ.

## 8. كېمىچىلىك ھۈنەر سەنئىتى

كېمىچىلىك ھۈنەر سەنئىتى-ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش قۇراللىرىنى ياساش جەھەتتىكى يەنەبىر قىممەتلىك يۈكسىلىشى بولۇپ، دەريا-دېڭىز، كۆل بويىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىش قاتناش قوراللىرىنى ياساش جەھەتتىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كېمىچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى كېمىچىلىككە ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كېمىچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ـ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى دەريا (كۆل) بويىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇرۇپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا ناھايىتى يۇقىرى بىر سەۋىيىگە يەتكەن كېمە ياساش ياساش جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كېمىچىلىك ھۈنەر سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

قېيىق ـ 3- توم 496 ـبەت
كۆرەك، قېيىقنىڭ پالقى ـ 1 ـ توم 422 ـ بەت
كېمە ـ 3 ـ توم 323 ـ بەت

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كېمىچىلىك ھۈنەر سەنئىتىدە، قېيىق ياساش، كېمە ياساش كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلشكە بولىدۇ. بۇ خىل كېمىچىلىك ھۈنەر-كەسىپ تۈرلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ دەريا(كۆل) ئىقتىسادىنىڭمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

www.kitaphumar.com

## 9. تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى

تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆز تارىخى-تەرەققىيات جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بويۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن تۆمۈردىن قورال-سايمان ۋە تۇرمۇش بويۇملىرىنى ياساش تۇغرىسىدىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى ـئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تۆمۈرچىلىككە ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى ـئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ يۇغۇلمىسىدىن تەركىپ تاپقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە تۆمۈر تاۋلاش، تۆمۈر قوراللارنى ياساش قاتارلىق تۆمۈر پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۆمۈرچىلىك ھۈنەر سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇخىل ئۆزگىچە تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بويۇملىرى، ئۇلارنىڭ ياسىلىش ھەم ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردا ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

پىچاققا ساپ ياسىلىدۇ ـ 3 - توم300 ـ بەت

زىق ، زىقچە ـ 3 - توم 173 ـبەت

قىڭراق ـ 3 ـ توم 522 ـ بەت

قوڭغۇراق ـ 3 ـ توم 528 ـبەت

يىڭنە تۆشۈگى ـ 68 ـ بەت

www.kitaphumar.com

تۆشۈك تېشىدىغان ئۆشكە ــ 1 ــ توم 63 ــبەت
ئاچقۇچ ــ 1 ــ توم 463 ــ بەت
پىچاق ــ 1 ــ توم 168 ــ بەت
ئوغاق ــ 1 ــ توم 161 ــبەت
ئەگرى پىچاق ــ 1 ـ توم 168 ــبەت
دەزمال ــ 1 ــ توم 93 ــبەت
تۆمۈر پىچاق ــ 1 ــ توم 129 ــبەت
ئوغاق ــ 1 ــ توم 594 ــ بەت
خەنجەر ــ 1 ــتوم 545 ــ بەت
ئۈستۈرا ــ 3 ــ توم 240 ــ بەت
سوقا ــ 3 ــ توم 299 ــبەت
ئىشكنى قۇلۇپلىدى ــ 47 ــ بەت مىس ــ 467ـ بەت
مىس ئاقچا ئىسدى ــ 468 ــ بەت
پىلتە ــ 621 ــ بەت
كان ئوچاق ــ 147 ــ بەت
ئۇ پىچاق دەستىسنى يەملىدى، 3ـ توم 477 ــبەت
كىچىك پىچاق ــ خوتۇنلار يىپنىدا تاقايدىغان ياكى يىپنىدا ئىلىپ يۈرىدىغان كىچىك پىچاق 1 ــ توم 625 ــ بەت
قىلىچ ۋە خەنجەرگە ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىڭ سىپىنى چىگىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىپ قويۇلىدىغان ئىنچىگە تۆمۈر زىقچە 549 ــبەت

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە، خەنجەر-پىچاقچىلىق، سەندەل ياساش،ئۆشكە ياساش، زىقچىلىق، قۇلۇپچىلىق، دەزمالچىلىق، ئوغاق ياساش، كەتمەن ياساش، قايچا ياساش، كەكە-پالتا ياساش، ئۈستۈرا ياساش، مىسگەرچىلىك، قۇيمىچىلىق قاتارلىق تۆمۈر پىشقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي تۆمۈرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي- ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تۇلۇق كۆكۈل بۆلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا تۆمۈر پىشقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بۇنداق كۆپلىكى، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەقىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بالىگىلىك رول ئويناپ كەلگەن دىيىشكە بولىدۇ.

### 10. زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى

www.kitaphumar.com

زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلتۈرگەن مەخسۇس پارقىراق مېتال بۇيۇملاردىن زىبۇ ــ زىننەت ياساش ھۈنەر سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ زىبۇ-زىننەت ياساش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ ئۇۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ــ ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئۇۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدىكى مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن مەخسۇس پارقىراق مېتال بۇيۇملاردىن زىبۇ ــ زىننەت ياساش ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە زەرگەرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى زىبۇ-زىننەت ياساش ھەم ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردا ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

مارجان ــ 3 ـ توم 301 ـ بەت
كۈمۈش ــ 1 ـ توم 481 ــ بەت
ئالتۇن ــ 1 ــ توم 162 ــ بەت
ئۈزۈك ــ 3 ــ توم 22 ــ بەت .............

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى زەرگەرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىدە، ئالتۇن تاۋلاش، كۈمۈش تاۋلاش، مارجان ياساش، ئۈزۈك ياساش قاتارلىق زەرگەرچىلىك ھۈنەر-سەنئەت كەسىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي

www.kitaphumar.com

تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلار گۈزەللىك قارىشىنىڭ ماددىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە  ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىتال بۇيۇملارغا بولغان بىلىشلىرىنىڭ كونكرت ئىپادىسى دېيىش مومكىن.

## 11. ساپالچىلىق ھۈنەر سەنئىتى

ساپالچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ـ ئىنسانلارنىڭ تاش قۇراللارنى ياساش تېخنىكىسىدىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرگەن، تۈپراقتىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش جەھەتتىكى ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىسىنى كۆرستىدۇ. بۇ خىل تېخنىكا ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى خەلقلەردە كەسپلىششكە قاراپ يۈزلىنىپ، ناھايىتى يۇقىرى بىر سەۋىيىگە يەتكەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ساپالچىلىققا دائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ساپالچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ـئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۈپراقتىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش جەھەتتىكى ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىسىنى كۆرستىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

كوزا ( 3 ـ توم ـ 501 ـ بەت)
ساپال قاچا( 1 ـ توم ـ535ـبەت)
تەشتەك(1 ـ توم، 495 ـ بەت )
كۆندۈك(قاچا)( 1 ـ توم 627ـبەت)
ئىدىش ( 1 ـ توم83 ـ بەت)
ئاياق، قاچا (1 ـ توم 114 ـ بەت )
چىنە (1 ـ توم 566 ـ بەت)......

بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ساپالچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە، كوزا ياساش، ئىدىش ياساش، ئاياق-قاچا ياساش، چىنە ياساش قاتارلىق ساپالچىلىق ھۈنەر-سەنئەت كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ساپالچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن

www.kitaphumar.com

كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زوروۇر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ساپالچىلىق ھۈنەر سەنئىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي گۈزەللىك قاراشلىرى ماددىي شەكىلدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بولغان بىلىشلىرىنىڭ كونكرت ئىپادىسى دىيىش مومكىن.

## 12. تاشچىلىق ھۈنەر سەنئىتى

تاشچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ـ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تاش قۇراللارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بولۇپ، تاشتىن پايدىلىنىپ تاش قوراللارنى ياساش، تاش بۇيۇملارنى ئۇيۇش، سىلىقلاش ۋە تاشتىن قۇرۇشلارنى سىلىش قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىسىنى كۆرستىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تاشچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تاشچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تاش قورال ياساش تېخنىكىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، كېيىنكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلغان تاش قوراللارنى ياساش تاش بۇيۇملارنى ئۇيۇش، سىلىقلاش ۋە تاشتىن قۇرۇشلارنى سىلىش قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىلىرىدىن ئىبارەت. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

تۈگمەن تىشنى چەكتى(3 ـ توم 364 ـ بەت )

تۇما ياسدى(3 ـ توم 445 ـبەت)

بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تاشچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىدە، تۈگمەن تىشى ياساش، تۇما ياساش قاتارلىق تاشچىلىق ھۈنەر-سەنئەت كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تاشچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرال-سايمانلىرىنى ياساشنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ھۈنەر-سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى ھىسابلىنىدۇ.

## 13. تامچىلىق ھۈنەر سەنئىتى (قۇرۇلۇش-بىناكارلىق ھۈنەر سەنئىتى)

تـامچىلىق هـۈنەر سـەنئىتى (قۇرۇلـۇش هـۈنەر سـەنئىتى) ـئىنسـانلارنىڭ ئەڭ مـۇھىم ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرى بولغان ئولتۇراقلىشىش ئۆرپ-ئادەتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشـى جەھەتتىكـى ئـۆرپ ـ ئـادەت ۋە تېخـنىكىلار ئاساسـىدا شـەكىللەنگەن تـامچىلىق (قۇرۇلۇش) هۈنەر سەنئەتىنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركىي تىللاردىۋانى» دىكى تامچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تـامچىلىق هـۈنەر سـەنئىتى ـ ئۇيغۇرلارنـىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدىكى ئولتۇراق ئوي قۇرۇلۇش ئۆرپ-ئـادەتلىرى ۋە تېخنىكىلىرى ئاساسـىدا شـەكىللەنگەن تـامچىلىق (قۇرۇلـۇش) هۈنەر سەنئەت ۋە تېخنىكىسىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكـى ئۇيغۇرلارنـىڭ ئەنئەنـىۋي تامچىلىق (قۇرۇلۇش)هۈنەر ـسەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

مەرەپ- ئۇستىگە كىيىم ـ كىچەك ۋە باشقا نەرسلەرنى تىزىپ قويىدىغان لىمتاق(3 ـ توم 60 ـبەت)

قالاق- لاي ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدىغان ئەسۋاب( 3 ـ توم 320 ـبەت)

ئۇچاق (1-توم 88-بەت)

بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋي تـامچىلىق هـۈنەر-سـەنئىتىدە، ئـۆيگە مەرەپ قويـۇش ۋە ئۇچـاق سـېلىش ئادەتلىرىنـىڭ مەۋجۇتلـۇقىنى بىلىشـكە بولىـدۇ. ئۇيغۇرلارنـىڭ ئەنئەنـىۋي تـامچىلىق هـۈنەر سـەنئىتى توغرىسـىدىكى بـۇ خـاتىرىلەر، ئەينـى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىر ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

## 14. كىگىزچىلىك هۈنەر سەنئىتى

كىگىزچىلـىك هـۈنەر سـەنئىتى ـئىنسـانلارنىڭ چـارۋىچىلىق ئىقتىسـادىي مەدەنـىيەت تىپلىرىدا بارلىققا كەلتۈرگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىپ كىگىز باسىدىغان ئۆرپ-ئادەت ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«تـۈركىي تىلـلار دىـۋانى» دىكـى كىگـىزچىلىككە دائىرمەزمۇنلارغـا ئاساسـلانغاندا، ئۇيغۇرلارنـىڭ ئەنئەنـىۋي كىگىزچىلـىك هـۈنەر-سـەنئىتى ـ ئۇيغۇرلارنـىڭ چـارۋىچىلىق ئىقتىسـادىي مەدەنـىيەت تىپـىدىكى ئىقتىسـادىي ئىشـلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمـائىي تۇرمـۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ھايۋانلارنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىپ كىگىز باسىدىغان ئۆرپ-

www.kitaphumar.com

ئادىتى ۋە ھۈنەر سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كىگىزچىلىك ھۈنەر سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرلەنگەن.

كىگىز:1 ـ توم 474ـبەت
كىگىز:كۆرپىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان ۋە يامغۇرلۇق تىكىلىدىغان يۇپقا كىگىز3 ـ توم 243ـبەت
كىگىز: ئوغۇزچە 3 ـ توم 302 ـبەت
قىز ئانىسىغا كىگىز شىرىپ بەردى(2ـتوم 128ـبەت)

بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كىگىزچىلىك ھۈنەر ـسەنئىتىدە، كىگىزنىڭ بىر قانچە تۈرلىرىنىڭ، شۇنداقلا كىگىز بېسىشنىڭمۇ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كىگىزچىلىك ھۈنەر سەنئىتى توغرىسىدىكى بۇ خاتىرىلەردىن، بىز ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولغان ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىپ كىگىز باسىدىغان ئۆرپ ـئادەت ۋە تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى بىر سەۋىيىگە يەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم بىر ئۇچۇر مەنبەسىگە ئىگە بولالايمىز.

## 15. باشقا ھۈنەر ـسەنئەتلەر

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھۈنەر ـسەنئەت كەسىپلىرىدىن باشقا يەنە شامچىلىق، ئارغامچا ئېشىش، كۆكتاتچىلىق، يار ـيىلىمچىلىق، ساتىراچلىق، ئەينەكچىلىك، قاسساپچىلىققا دائىر بىرقىسىم مەزمونلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسلەن:

1) شامچىلىق: چىراق(3 ـ توم 31ـ بەت )، پىلىك ـ چىراق پىلىگى ، ئارغۇچە ( 1 ـ توم 621 ـ بەت)، شامدان(3 ـ توم 516 ـبەت)،
2)ئارغامچا ئېشىش: ئات بەيگىسىدە ۋە چوگەن ئويۇنىدا مەيداننىڭ چېكىگە تارتىلغان ئارغامچا . (1 ـ توم 474ـبەت)
3)كۆكتاتچىلىق : سەۋزە قەشقەردە تېرىلىدىغان تاتلىق ئاق سەۋزە(1 ـ توم 175ـبەت)،
4)يار ـيىلىمچىلىق : شىلىم(3ـ توم، 332 ـ بەت )، يار ـيىلىم(3 ـ توم 29 ـ بەت )
5)ساتىراچلىق :ئۇستۇرا ( 3 ـ توم 240ـبەت)
6)ئەينەكچىلىك :كۆزگۈ( 3 ـ توم517ـبەت)،

www.kitaphumar.com

7)قاسساپچىلىق :قۇشخانا( 1 ــ توم 169 ـبەت)
8)سودىگەرچىلىك: سېتىق (1ـتوم، 485 ــ بەت)؛ تاۋار (1 ــ توم 469 ــبەت)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بۇخاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئىتى ئۇنىۋېرساللىقا ئىگە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تولۇق كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت ئۆرپ-ئادىتى ــئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، بوستانلىق- تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن كۆنىدىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېزەپ ھوزۇرلىنىش ئۆرپ-ئادەت ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت ئۆرپ-ئادىتى، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرلىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، 11-ئەسىرلەردە ناھايىتى گۈللەنگەن بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەن. ھۈنەر سەنئەت كەسىپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بىر قەدەر ئىنچىكە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

## ئىزاھاتلار


[1] خالىدە ئىبراھىم:«ئىبراھىم مۇتىھى ماقالىلەر توپلىمى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990- يىل ، 126-بەت

[2] تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم22 ــ بەت

[3] ۋۇ جۇڭ جۈن:«جوڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى»، شەرقىي شىمال مالىيە ئىقتىساد ئونىۋېرسىتى نەشرىياتى، 2001-يىل، 143-بەت

[4] ۋۇ جۇڭ جۈن:«جوڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى»، شەرقىي شىمال مالىيە ئىقتىساد ئونىۋېرسىتى نەشرىياتى، 2001-يىل، 143-بەت

[5] ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1994 ــ يىل 4 ــ ماي، 3 ــ بەت

[6] جەملە ئابلا، «ئۇيغۇرلار قاشالتىرچىلىق»، (شىنجاڭ تەزكىرىسى) 2003 ــ يىل، 1 ــ سان، 63 ــ بەت

www.kitaphumar.com

[7]  ئەنۋەر سەمەت قورغان «ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋىي كەسپىي ئەخلاق» بـۇلاق 2005 ـ يىل 2 ـ سان، 81 ـ بەت.

بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلىنىڭ 2013-يىللىق 4-سانىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرىغا نەزەر

ئادىل غاپپار كارىزى

(بۇ ماقالە 2004 ـ يىلى يېزىپ تاماملىنىپ، 2005 ـ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇت قەشقىرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغانىدى. يىغىندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ ـ خىل ھەلەكچىلىكىدە بۇلۇپ كېتىپ، بۇ ماقالىنى ئىلمىي مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. يېقىندا ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ ـ رەتلەۋېتىپ قولۇمغا چىقىپ قالدى. شۇڭا، ئىزدىنىشتىكى قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. پايدىلانغانلار ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋە كېلىش مەنبەسى(ئىزدىنىش تورى)نى ئەسكەرتىشنى ئۇنتىمىغاي!)

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 11 ـ ئەسىردە (تەخمىنەن مىلادى 1076 ـ 1077 ـ يىللار ئارىلىقىدا) ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان ئالەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسەر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىلنى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم ـ پەن تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلاش ئارقىلىق قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتىنى باي تىل ماتېرىياللىرى (تەخمىنەن 7500 سۆزلەم) ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىزاھلىق لۇغەت. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا سۆزلەملەرنىڭ مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تۆرلۈك تېمىدا 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە، 200 دىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل بېرىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى كۆرسىتىلگەن. ھەم شۇ دەۋردىكى پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي كۆز قاراشلار يورۇتۇپ بېرىلگەن[1]. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال ـ تەمسىللەردە يەنە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىكى قاراشلىرىمۇ ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن دىكى ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيىلىك قاراشلارنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي

www.kitaphumar.com

قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، فونكسىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم ساھەسىدىكى «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋي ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى» توغرىسىدىكى تەتقىقات بوشلۇقنى بىرقىسىم نەزەرىيىۋي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، نۆۋەتتە رايونىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، رايونىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىيات(ئىلمىي تەرەققىيات)نى ساقلاشتا بەلگىلىك نەزەرىيىۋي ئاساس بولۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

بۇ ماقالىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ماقال-تەمسىللەردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋي ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى، ئېكولوگىيە فولىكلورشۇناسلىقى ۋە ئېكولوگىيە تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال-تەمسىللەردىن «شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قانداق كۆز قاراش ۋە مۇناسىۋەتلەردە بولغانلىقىنى، ئۆز بېشىدىن قانداق تارىخى جەريانلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە تەجرىبە ساۋاقلارغا ئىگە بولغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ ماقاللار ناھايىتىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ماقال-تەمسىللەر مەھمۇت قەشقەرى ياشىغان دەۋردىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىمۇ بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ماقاللار، تارىختا جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا ئەينى زاماندىكى خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كەلگەن ئارزۇ-ئارمىنى، تىلەك-خاھىشى، ئۆرپ-ئادىتى، ئومۇمىي قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن» [2]. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە، ھەرخىل ھايۋانلار، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر، يەر (تاغلار)، سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل، ھاۋا (شامال)، تەبىئەت ھادىسىلىرى (تۆت پەسىل، قار، يامغۇر، چاقماق)، ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش، ئاي) قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. ئېكولوگىيە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر ۋە مەزمۇنلارنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىلىق ئەمەس. بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمىلىيىتى جەريانىدا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى چۈشىنىش، ماسلىشىش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ئېكىلوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋي قاراشلارنىڭ مۇكەممەل ئىزناسى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر مىللەت تىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەندە، شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل مۇھىتنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى بىر تىلنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىلوگىيىسى، گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە

www.kitaphumar.com

دىئالېكتىكىسى قاتارلىقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئوخشاش بىر تۈركىي تىلنى، ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇزدا تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقى، ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان مەنالارنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. دېمەك، 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن ھەرقايسى رايونلار ئېكىلوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئىزنالار «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى لېكسىكا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان ئىسىم، سۈپەت، پېئىل قاتارلىقلاردا، بولۇپمۇ ماقال-تەمسىللەردە بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ ھال بىزگە 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاڭ-ئىدۇلوگىيىسىدە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدا مۇكەممەل كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ئېكولوگىيىلىك قاراشلار-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختا شەكىللەندۈرگەن ۋە بېيىتىپ مۇكەممەللەشكەن تەبىئەتنى چۈشۈنۈش، تەبىئەتكە ماسلىشىش ۋە تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ ئورگانىك بىرلەشمىسى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئاساسلىقى تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ۋە تەبىئەتنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. يەر-زېمىن، تۇپراق قارىشى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن يەر-زېمىن، تۇپراق توغرىسىدىكى قاراشلار ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى بوستانلىق-تېرىم ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تېرىقچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەر-تۇپراق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى ئۇزاق ئىجتىمائىي تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزم، ئەجداد ئېتىقادى ۋە توتېمىزم ئېتىقادىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئېتىقادى قاراشلاردا تۇپراق ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالدى. يەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قاراش سىستېمىسىدا «ئىنسان تۇپراقتىن يارالغان» دېگەن قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا «قەدىمقى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر-سۇب (مۇقەددەس يەر-سىۋ) دەپ ئاتالغان»[3]. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇپراق ئېتىقادىنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، تاغقا چوقۇنۇش ئۇنىڭ مۇھىم بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى يەر-بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى جەريانىدىمۇ، يەر ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسىي ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار ئىدىيە تارىخىدا ئەزەلدىن بار بولغان يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كېلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەر ئىچىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇن ئالغاندى.مەسىلەن:

«تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس، دېڭىزنى كېمە بىلەن بۆككىلى بولماس»(1-توم 136-بەت)

«ھىنگان ئىگرىسا بوتا بوزلار»(1-توم 163-بەت)

«تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر» (2-توم 139-بەت)

«كۆپ سۆزنى چۈشەنگىلى بولماس، تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس» (3-توم 24-بەت)

«يەر باستۇرغى تاغ، خەلق باستۇرغى بەگ» )1 -توم 609 -بەت(

بۇ دەل 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇپراققا چوقۇنۇش» ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، تاغلارنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق يەر-تۇپراققا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەر ئىلاھى سۈپەتلىك ئورنىنى تەدرىجىي يوقىتىپ، ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان تەبىئەت جىسىملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولدى. ئەمما، يەر بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسىي ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار يەرنىڭ بۇ خىل مۇھىم رولىنى يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان «يەرنى

www.kitaphumar.com

قەدىرلەش» تەك ئۆزگىچە يەر قىممەت قاراش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇخىل قاراشلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن: « ھىنگان ئىگرىسا بوتا بوزلار »(1-توم 163-بەت)

«تەسكەيدە قار ئۆكسەمەس، قويدا ياغ ئۆسمەمەس » (1- توم 426-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنىڭ ھاياتلىق كاپالىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا، يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يەر تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسىي ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قىممەت قاراش مايىللىقى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى يەرگە تۇغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە يەرنى ئاسراش تۇغرىسىدىمۇ بىرقاتار كۆز قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇقەددەس ھەقىقەت سۈپىتىدە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«قۇشنىڭ ئەسكىسى سىغىرخان ، ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان،
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان، خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان » ( 1-توم 572-بەت )
«گۆرىستاندا ئۆي بولماس، توپىلاڭ يەردە ئوۋ بولماس» ( 1-توم 671-بەت )

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان، يەر بىلەن ھايۋانلار ۋە يەر بىلەن زىرائەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت تۇغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يەرنى ئاسراش قارىشى ئىپادىلەنگەن. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىق ھاسىل قىلغان، ئوخشاش بولمىغان يەرلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى تۇغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ، بىر خىل ھەقىقەت سۈپىتىدە ناھايىتى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە يەرنى ئاسراش خاھىشلىرىنى ئىپادىلىگەن.

www.kitaphumar.com

2. سۇ توغرىسىدىكى قاراشلار

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن سۇ توغرىسىدىكى قاراشلار ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ساددا پەلسەپۋىي قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىنكاسى. سۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى. «سۇ تەڭرى» ـ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپۋىي قارىشى بولغان تۆت تادۇ (تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت) قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان تۆت تەڭرى (يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ھاۋا تەڭرى، ئوت تەڭرى) نىڭ بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى داستانى «ئوغۇزنامە» دە، ئوغۇز خاقانىنىڭ سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇلغا «دېڭىز» دەپ ئات قويغانلىقى سۆزلىنىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمەت قاراش مايىللىقىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدولوگىيە سىستېمىسىدا سۇ ئىلاھى سۈپەتلىك ئورنىنى بوشۇتۇپ، تەبىئەت جىسىملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «سۇ ئۇزۇپ چۈش كۆرسە، شۇ ئادەمنىڭ گۇناھىي يۇيۇلىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ. سۇغا تۈكۈرسە يامان (گۇناھ) بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، سۇغا بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىماقتا.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان سۇ توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

« (تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس)، دېڭىزنى كېمە بىلەن بۆككىلى بولماس» (1- توم 136-بەت)

«ئىغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۈنەر» (1-توم 89-بەت)

«قايناm دەريا كېچىكسىز بولماس» (1-توم 507-بەت )

«بالا سۇ تۆكەر، چوڭىنىڭ يانپىشى سۇنار» (2-توم 25-بەت)

«نانىنى سۇنىڭ ئايىقىغا تاشلا، بىشىدىن ئىزلە» (2-توم 154-بەت )

«مۇزدىن سۇ تامار» (3-توم169-بەت)

«يىپىنچىلىق ھۆل بولماس، ئېغىزدۇرۇقلۇق چايچىيالماس» (3-توم 350 -بەت)

«بىر-بىرلەپ مىڭ بولار، تاما-تاما كۆل بولار» (3-توم 492-بەت)

«سۇنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما» (3-توم 580-بەت)

www.kitaphumar.com

بۇ ماقال-تەمسىللەردىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، «سۇ ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ» ، «سۇ ھامان پاك ۋە مۇقەددەس »، دەيدىغان ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىنكاسى. شۇنداقلا، سۇنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىدىي تۇرمۇشىنىڭ جان تومۇرى، مول-ھوسۇلنىڭ مەنبەسى، دەپ قارايدىغان سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش ، سۇنى ئاسراش قاراشلىرىنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىنىشى.

### 3. ھاۋا تونۇرىسىدىكى قاراشلار

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ھاۋا توغرىسىدىكى قاراشلار ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا راۋاجلانغان ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ مۇكەممەل بىرىكىشىدىن تەركىپ تاپقان ھاۋانى ئۇلۇغلاش، ھاۋانى قەدىرلەش ۋە ھاۋانىڭ ساپلىقىنى قوغداش قاراشلىرىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ئادەم بىلەن شەيئىلەر، ھاياتلىق بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ھاۋانىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى رولى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا بىر قاتار بىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ ئىشلەتكەنىدى. ھاۋا توغرىسىدىكى بۇخىل قاراشلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار، (ھۆكۈمەت ئىشكىنى پارا ئاچار) »(1-توم 459-بەت)

«تۇتۇشمىغىچە ئارا تۇزەلمەس، شامال چىقمىغۇچە ھاۋا ئېچىلماس» (2-توم 93-بەت)

«ئادەمگە مۇڭ تىگەر، تاغ سىگرىغا يەل تىگەر» ( 3-توم 491-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن، ھاۋانىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى رولى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا بىر قاتار بىلىشلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، ھاۋانى ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### 4. ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ھايۋانلار توغرىسىدىكى ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم ۋە توتېمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار

www.kitaphumar.com

ئوتتۇرىسىدىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ھايۋانلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە تۇتېمىزم ئېتىقادى قارشىلىرىدا مۇھىم چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى قىلىنغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا قۇرت (بۆرە) بەخت تەڭرىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ بۆرە ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى ساقلانغان بولۇپ، «پېشكەللىكتىن ساقلايدۇ» دەپ، سەپەرگە چىققاندا بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ، يەنە بەزىلەر بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى تۇمار قىسىپ ئېسىۋالىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھايۋانلار ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۆرە تۇتېم ئېتىقادىمۇ ئۆزگەرگەن. يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار تارىختا بۆرىدىن باشقا يەنە «ئات»، «لاچىن»، «كالا»، «شىر (ئارسلان)»، «تۆگە (بۇغرا)» قاتارلىقلارغىمۇ چوقۇنغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇخىل قاراشلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«قوش قانتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» (1-توم 48-بەت)

«ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس» (1-توم 167-بەت)

«باتۇرلارنى خار قىلما، يۈگرۈك ئاتنى يېغىر قىلما» (1-توم187-بەت)

«چوررۇق بولسا ئادەم ئۆلمەس، ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس» (1-توم 142-بەت)

«ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە» (1-توم240 -بەت)

«چىقىر كۆز ئىت ئاتقا باراۋەر كېلىپ چىقىر كۆز ئاتا ئېتىقىمۇ باراۋەر كەلمەس» (1-توم471-بەت)

«ئارسلان ھۆكۈرسە، ئات ئايىقى كالىۋالىشىدۇ» (2-توم207-بەت)

«چىپار ئات يۈك كۆتۈرەلمەس» (3-توم204 -بەت)

« ئەندىز بولسا ئات ئۆلمەس » (1-توم 156-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتتىن ئىبارەت بۇ ھايۋاننى ئەتىۋارلايدىغان، ئاسرايدىغان خاھىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا «ئات» قا چوقۇنغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ كونكرېت ۋە ئەينەن ئىنكاسىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىرقىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

« تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە، قوتۇز بولۇر » (1-توم76-بەت)

« ئۆۋچى قانچە يول بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلەر »

« ھىلە بىلەن ئارسلان تۇتىلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس » (1-توم 111¬-بەت)

« غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەر »  (1-توم 140-بەت)

« تاپقۇش ئىسقىرتسا، ئۆلۈم چىقار »  (1-توم 304-بەت)

«بۆك باراقسان سۆگەتكە قوش قونار، چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر»  (1-توم 419-بەت)

« بىلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا »  (1-توم 491-بەت)

« قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز قالماس » (1-توم 554-بەت)

« غاز تويى باشلامچىسىز بولماس » (1-توم 634-بەت)

« تايغاننىڭ يۈگرىكىنى تۈلكە سۆيمەس » (2-توم 20-بەت)

« كىچىكلەر چوڭلارغا تەڭ تۇرالماس، قۇرغۇي شۇڭقارغا قارشى چىقالماس »(2-توم 126 - بەت)

« ھەرىنىڭ چىشىغا تەگسە چاقىدۇ » (2-توم482-بەت)

« ساچراتقۇدىن بىر قېتىم قورققان قۇش قىرىق يىلغىچە ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس » (2-توم 485-بەت)

« يىلان يار پوزدىن قاچىدۇ. ئۇ نەگە بارسۇن، يەنە يارپۈزغا دۇچ كېلىدۇ » (3-توم 52-بەت)

« كىشى سۆزلىشىپ، ھايۋان ھىدلىشىپ »  (3-توم 142-بەت)

« توغرا كەتكەن كىيىكنىڭ كۆزىدىن باشقا يارىسى يوق » (3-توم 207-بەت)

« قوش توزاققا يەم ئۈچۈن ئىلىنەر » (3-توم 409-بەت)

« يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس » (3-توم 524-بەت)

« بۆرە قوشنىسىنى يېمەس »  (3-توم 304-بەت)

« قۇش بالىسى يىرگىچىنلىك، ئىت بالىسى يىقمىلىق »  (3-توم 319-بەت)

« ئارسلان قېرىسا، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنى پايلايدۇ » (3-توم 359-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۈزىتىش ئارقىلىق، دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي يەكۈنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھايۋانلارغا بولغان كۆچلۈك ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىرقىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ھايۋانلار بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردىن يەكۈنلىگەن ئادەت خاراكتېرلىك قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

« ئىبغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئىبرىقتا ئوتى ئۈنەر »  (1-توم 89-بەت)

« ئۆيدىكى موزاي ئۆكۈز بولماس » (1-توم 582-بەت)

www.kitaphumar.com

« تۆگە چوڭ بولسمۇ مايىقى چوڭ بولماس »  (3-توم 230-بەت)

« ئۆي بولدىغان كالا موزاي چىقىدىلا بەلگىلىك » (1-توم 684-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە ئادەتلىرى ناھايىتى كونكرت شەرھلەنگەن بولۇپ، مال-چارۋىلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىرقىسىم  ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم مەدەنىيەت قەدەم قويغاندىن كېيىنكى، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم ھايۋانلار توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . مەسىلەن:

«ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس» (1-توم 167-بەت )

« تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىدىن قورقماس »  (3-توم 385-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى،  ھايۋانلار بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلەردىكى ھايۋانلارنىڭ رولى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ھايۋانلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

5. باغ-ئورمان، ئۆسۈملۈك قارىشى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن باغ-ئورمان، ئۆسۈملۈك قارىشى-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن دەل -دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ مۇھىم بىر ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى. دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ توپلاش پائالىيىتى ۋە ياشاش، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرخىل ئىپتىدائىي دىننى ئېتىقاد پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى  ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ساقلىنىپ قالغاندى.

« ئىگىر بولسا،ئەر ئۆلمەس » (1-توم 75-بەت)

« قوناق بىشىنىڭ سىرەك بولغىنى ياخشى »  (1-توم 499-بەت)

« تاتىنىڭ كۆزگە ئۇر، تىكەنىنىڭ تۈۋىگە » (2-توم 409-بەت)

www.kitaphumar.com

« بۇغداينىڭ بانىسدا قارمۇق سۇ ئىچىپتۇ » (3-توم330-بەت)

« چوغچا تاشتا ئوت بولماس، تارپاقتا ئۈيات بولماس » (3-توم 613-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن. ئورمان بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتلەر ئەڭ ئىخچام شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، دەل-دەرەخلەرنى ئاسراش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، نوقۇل ھالدا تېرىقچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىغا ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە، مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ قىلىش ۋە ھەرخىل باراڭلارنى ياساشتەك يېشىللىقنى سۆيىدىغان قىممەت قاراشلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ خىل قاراشلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

«تىكىلگۈچە ئۈنمەس، تىلمىگۈچە تېپىلماس » (2-توم 27-بەت)

«سۆگەتكە سوللۇك، قىيىنغا قاتتىقلىق يارىشار» (3-توم 184-بەت)

«سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك ،قىيىنغا قاتتىقلىق يارىشار » (1-توم 462-بەت)

«قىيىن قاتتىقلىقى بىلەن » (3-توم206-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىدىنمۇ تەڭ راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئادەت-قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باغ ياساشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باغلارنى ئاسراپ، قوغدايدىغان خاھىشلىرى ئىپادىلەنگەن.

6. تۆت پەسىل (ئاسترونومىيە) قارىشى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن تۆت پەسىل (ئاسترونومىيە) قارىشى ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقاد قاراشلىرى، ساددا ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان ئاسترونومىيىلىك قاراشلار بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش

www.kitaphumar.com

بىلەن ھاۋارايىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان ئىلمىي يەكۈندۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېهتىياجلىرىغا ئاساسەن، ھاۋارايى (مېتورولوگىيە)دىكى خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى كۈزىتىپ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئەنە شۇ ھاۋارايىنى كۈزىتىشتىن چىقىرىلغان يەكۈنلەر خېلى كۆپ سالماقتىنى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن:

« ساپان ۋاقتىدا تالاش-تارتىش بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس » ( 2-توم 307-بەت)

« يازدا قاتتىق ئىسسىسە، قىشتا سۆيۈنەر » (3-توم 218-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۆت پەسىل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرى ۋە ئادەت قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلار تۆت پەسىل توغرىسىدا ئەتراپلىق كۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، مول ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا تۆت پەسىلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىمۇ بىر قاتار قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تۆت پەسىل توغرىسىدىكى بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

« قىشنىڭ زىياپىتى ئوت » (1-توم 433-بەت)

« بىر قاغا بىلەن قىش كەلمەس » ( 2-توم 43-بەت)

« كۈزنىڭ قانداق كېلىشى يازدىن مەلۇم بولىدۇ »

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، پەسىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ھەرقايسى پەسىللەرگە خاس بولغان تۇرمۇش ئادەت-قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

7. تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال-تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى ـ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئادەم ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى

www.kitaphumar.com

مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاراشلىرىدىن ئىبارەت.

تەبىئەت دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوبيېكتىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى «ئىلاھلاشتۇرۇپ» تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇلارنى ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلغانىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال-تەمسىللەردىمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، بەخت-سائادەتكە سىمۋول قىلىدىغان مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

« تولۇنئاي قول بىلەن كۆرستىلمەس » (1-توم 112-بەت)

« ئاي تولۇن بولسا ئەلكىن ئىملەمەس »  (1-توم 112-بەت)

« كۈنگە باقسا كۆز قامشار »  (1-توم 442-بەت)

« ئات قاشقىسى ئاي بولماس » (1-توم 660-بەت)

« كۆككە تۈكۈرسە يۈزگە چۈشەر » (2-توم 107-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاي، قۇياشقا چوقۇنغانلىقىدەك قەدىمكى ئېتىقاد شەكلىنىڭ قالدۇق تەسىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئاي ۋە قۇياشنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يازما مەنبەلەردە ئاي، قۇياش، يامغۇر، بۇلۇت، شامال تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ، تەڭرى ئىلاھىيلىق سۈپىتىدىن قىپ قالغانىدى. قىممەت قاراش مايىللىقىدىكى بۇخىل ئۆزگىرىش، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تىرىكچىلىق ئېقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى  ماقال-تەمسىللەردە بۇخىل قىممەت قاراشلار تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

« يىقىلسىمۇ ياغ ياخشى، كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى » (3-توم 591-بەت)

« چاقماق چىقىلسا ئوت تۇتىشار، سۆز ئاڭلىتىلسا مەقسەت بىلىنۇر » (2-توم 31-بەت)

بۇ ماقال تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلاھىي سۈپەتتە كۆرمەستىن، بەلكى تەبىئەت ھادىسىلىرى دەپ قاراپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى مۇناسىۋەتلەر شەرھلەنگەن. مەسىلەن:

«كىچلەپ يۈرسە كۈندۈزى سۈيۈنەر، كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۈيۈنەر » (3-توم 118-بەت)

www.kitaphumar.com

« تۇندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولار،
تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولار » (1-توم 333-بەت)

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەملىيىتى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئادەم بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسى بولۇپ، بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، ئۇلارنىڭ پايدىسىز تەسىرىدىن ساقلىنىپ، پايدىلىق تەرىپىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال-تەمسىللەردە 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى ياشىغان ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئېكلوگىيىلىك مۇھىتىنى چۈشىنىش، ئۇنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھاتلار :

[1] ئىبراھىم مۇتىئى ماقالىلار توپلىمى، خالىدە ئىبراھىم. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل ، 126-، 127-بەت

[2] «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2- قىسىم، 1983- يىل، 270- بەت.

[3] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنىڭ نەشىر قىلىش ھوقۇقى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا تەۋە. ھەر قانداق شەخسنىڭ ئاپتورنىڭ روخسەتسىز بۇ ماقالىنى باشقا توربەتلەرگە كۆچۈرۈپ چاپلاشقا ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىشىغا روخسەت قىلىنمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشى ئەقلى مۈلۈك ھوقوقى قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار

**ئادىل غاپپار كارىزى**

ئەمدىلا كىرگەن 21 ـ ئەسىرنى ئېكولوگىيە ئەسىرى دەپ ئاتىۋالدۇق. چۈنكى «نەچچە ئەسىرلىك سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئېلىپ كەلگەن يەرشارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن، ئاللىقاچان يەرشارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كوتۇرۇشچانلىق چېكىگە يېقىنلىشىپ، پۈتكۈل ئىنسانلار يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان ھەم ئۆرتاق كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا تېگىشلىك بىر ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالدى»[1]. «ماكرو جەھەتتىن قارىغاندا، بۈگۈنكى دۇنيا تۆت چوڭ توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان تۆت چوڭ ئېكولوگىيە كرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ توقۇنۇش ۋە كرىزىسلار: ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئەت ئېكولوگىيە كرىزىسى، ئادەم بىلەن باشقا ئادەملەرنىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمىيەت ئېكولوگىيە كرىزىسى، ئادەم بىلەن ئۆزلۈكىنىڭ توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى ئېكولوگىيە كرىزىسى، ئادەم بىلەن مەدەنىيلىك (مەدەنىيەت)نىڭ توقۇنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىيەت ئېكولوگىيە كرىزىسى»[2]دىن ئىبارەت. «مەنىۋى ئېكولوگىيە بىلەن مەدەنىيەت ئېكولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەبىئەت ئېكولوگىيە كرىزىسى بىلەن مەدەنىيەت ئېكولوگىيە كرىزىسى بىر قاتار مەنىۋى مەدەنىيەت كرىزىسلىرىنىڭ زەنجىرسىمان ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»[3].«چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى ئۆزلۈكسىز ماسلىشىشنىڭ نەتىجىسى. ئىنسانلار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇھىتقا ماسلىشىش ھەم ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن»[4].«ئېكولوگىيە قۇرۇلىشى ۋە مۇھىتنى قوغداش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە بۆسۈش نۇقتىسى. غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلىشنى ۋە مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»[5]. چۈنكى غەربىي رايونلاردىكى بۇلۇپمۇ ، رايونىمىزدىكى سۇنىڭ كەمچىللىكى، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر بولۇشى، يايلاق ۋە ئورمانلىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى قاتارلىق مەسىلىلەر، رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە سۈرئىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

www.kitaphumar.com

« ئېكولوگىيىلىك سىستېما بولسا جانلىقلار بىلەن ئۇنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىغىندىسى. بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئىچىدە ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇۋاپىقلاشقاندىلا، ئاندىن ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. ئەمما تەڭپۇڭلۇق ھەممىشە نىسپىي، ۋاقىتلىق بولۇپ، ھەرقانداق بىر شەيئى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى تەشكىل قىلغۇچى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ ھەرقانداق ئۆزگىرىشى، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ»[6]. ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ بۇخىل تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، شۇخىل ئېكولوگىيە مۇھىت سىستېمىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىنسانلار مەدەنىيىتىگىمۇ ناھايىتى ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى «تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلار ئۆرۈپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن كۆرىنەرلىك چەكلەش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە»[7]. «ئىنسانلار بېقىنىپ ياشاۋاتقان يەر يۈزىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاشۇ ئالاھىدە ھاياتلىق ماكانى ئىچىدە ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش تەلىپى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم بار بولغان ئالاھىدە مەدەنىيەتكە تايىنىپ، ھاياتلىق ماكانىنى ئۆزگەرتكەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بۇ شۇ مىللەتلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق شارائىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە شۇ مىللەتلەرنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان»[8].ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي(生态民俗学) نۇقتىسىدىن قارىغاندا، « ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۆرۈپ-ئادەت ئەنئەنىسى، تەپەككۇر قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن كۆپ تەرەپتىن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىۋاستە رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا يەن-تېخنىكىنىڭ جەمىيەتتە قوللىنىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە چەكلەپ تۇرىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت قارىشى مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، ئېكولوگىيە مەسىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ»[9]. دېمەك ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماكانىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەركىبى قىسىملىرى ئىچىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تۈزۈملەر بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بۇ خىل تۈزۈملەر كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق مەدىنىيەت ئامىللىرى ئىچىدە كۈچلۈك مەجبورلاش ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدىغان ئىدىيىۋي-كۆزقاراش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاڭ-ئىدولوگىيە سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان بۇ قاراشلار، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي

www.kitaphumar.com

فولكلور ساھەسىدىكى ئىتقاد ئادەتلىرى ۋە سەنئەت فولكلورىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. سەنئەت فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان « خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە داۋاملىشىشى، ئىنسانلارنىڭ بىرخىل «مەنىۋى ئېھتىياجى»، بۇخىل «مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش» شۇبھىسىزكى بىرخىل مەنبە ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ ئىزناسىنى ئېلىپ يۈرىدۇ»[10]. ماقال-تەمسىللەر ئەنە شۇ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم بىر مەھسۇلى. بۇ ماقالىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەنئەت فولكلورىغا تەۋە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«ماقال-تەمسىل خەلق تىلىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، ئەمما ئۇ خەلقنىڭ ئاددىي تىلى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئىنتايىن ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار تىلدۇر. ماقال-تەمسىل كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدىكى قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق تەجرىبە-ساۋاقلار كىشىلەرنىڭ بىۋاستە ۋە قايتا-قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىرخىل ئۆلمەس ھەقىقەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوبرازلىق پەلسەپىسىدۇر»[11]. چۈنكى « خەلق ماقال-تەمسىللىرى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن نۇرغۇن ھېس-تۇيغۇ ۋە تەجرىبىلىرىنى مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ، بۇلار ئەمگەك، ئۆگىنىش، كۆزىتىش، ھېس قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان بولۇپ، ھەممىشە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەلۇم خىل خۇسۇسىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ خۇلاسىلەيدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈنلەيدۇ »[12].

«ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى-ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەييەن ئىدىيىۋى كۆز قاراش ئىپادىلەنگەن، مەزمۇنغا باي، روشەن ئادەت خاركتېرگە ئىگە، تۇراقلىق جۈملىلەردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى-كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي، تارىخىي كۈرەش، ماددىي-مەنىۋى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەكۈنى، ئەجدادلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇنىڭدا خەلق جانلىق تىلىدىكى ئۆزىگە خاس خاركتېر، ئورتاقلىققا ئىگە خۇسۇسىيەت، ئىخچام قۇرۇلما، جانلىق ئوبراز، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان ئۆزگىچە بىر خىل تىل شەكلى ئارقىلىق كۆپ تەرەپلىك مەزمۇنلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرۈپ-ئادەتلىرى، ياشاش(ئېكولوگىيىلىك) مۇھىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئائىلە-نىكاھ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، ھېيت-ئايەم، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق

www.kitaphumar.com

مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى، ئۆتكۈر پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ساۋاقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن»[13].

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار- ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختا شەكىللەندۈرگەن ۋە بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش ۋە تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ ئورگانىك بىرلەشمىسى. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك رايونلار ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپلىرى جەريانىدىكى ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، قانۇنىيەتلىرىگە بولغان بىلىشلىرىنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان يەكۈنى. بۇ يەكۈنگە چوڭقۇر دىنىي ئەقىدە قاراشلىرى ھەم پەلسەپىۋى قاراشلار سىڭگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال، بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئاڭ-ئىدولوگىيە سېستىمىسىدا ئۇزاق مەزگىل داۋاملىشىش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا، بەلگىلىك قىممەت قاراش مايىللىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە قوزغالماس ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساس بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن.

مەدىنىيەت جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ، يەنى يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلەشمە جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، « ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى قويۇق يايلاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە»[14].« ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت كاتېگورىيىسىدە، بوستانلىق تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان قىممەت قاراش مايىللىقىغا ئىگە. بوستانلىق تېرىم مەدەنىيىتى ئېكولوگىيىلىك

www.kitaphumar.com

مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بىلەن جەمئىيەت مەنپەئىتىنىڭ بىرلەشمىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئەسلىدە بار بولغان ئېكولوگىيىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى جەريانىدا، يېڭى ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. تارىختىن بويان بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىدىدا قۇمنى توسۇش، كەلكۈندىن مۇداپىيىلىنىش، ئورمان بەرپا قىلىش، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس»[15]. ئىقتىسادىي مەدىنىيەت تىپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوۋچىلىق مەدەنىيەت تىپى، پادىچىلىق مەدەنىيەت تىپى، بوستانلىق-تېرىم مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كوپ قىرلىق مەدەنىيەتتۇر. ھەر بىر خىل ئىقتىسادىي مەدىنىيەت تىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ھەربىر خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنى باشتىن كەچۈرگەندە، شۇ خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ماركسىمۇ بۇ توغرىسىدا «ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي تۇرمۇش ھەم مەنىۋي تۇرمۇشنىڭ ئومومىي جەريانىنى بەلگىلەيدۇ»[16]دېگەنىدى. دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ۋە ئادەتلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بويان، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزىم ۋە تۇتېمىزىم قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارغا ۋە شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر قەدەر سىستېمىلاشقان دىنلارغا ئېيىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار ھەر بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە، شۇ دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىدىيىۋىي سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇ دىنىنىڭ ھەر خىل ئۆرۈپ-ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرۈپ-ئادەتلىرى بىلەن بىللە دۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىدە، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشتەك ھالەت شەكىللەندى. ئېكولوگىيىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا،«ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا ئايرىلالمايدىغان مەنىۋي باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئۆرۈپ-ئادەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىلگىرى سۈرۈلىشى،

www.kitaphumar.com

تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز قۇراشتۇرۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ»[17]. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى چوڭقۇر ئېكولوگىيىلىك قاراشلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار مەنىۋىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئاساسلىقى تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ۋە تەبىئەتنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ قاراشلانى تۆۋەندىكىدەك يەتتە كونكرېت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## I. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى يەر-زېمىن، تۇپراق قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى يەر-زېمىن، تۇپراق توغرىسىدىكى قاراشلار- ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ساددا پەلسەپىۋىي قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى بوستانلىق مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تېرىقچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. بۇ قاراشلار تارىختىن بويان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى يەرنىڭ رولىنى توغرا تونۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەرنى قەدىرلەش ۋە ئاسراشقا دەۋەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەر-تۇپراق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە.« ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرى ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئېلىپ بارغان بىلىش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، ئانىمىزىم تەبىئەت قاراشلىرى ئۇلىدا، تەدرىجىي يوسۇندا پۈتكۈل زېمىن ۋە كائىناتتىكى ھەممە شەيئىيلەرنىڭ تۆپ زاتى توغرىسىدا بىر قەدەر روشەن پەلسەپىۋىي بىلىشكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئىنتىلىدى»[18]. «ئانىمىزىملىق، ئەجداد ئېتىقادچىلىق ۋە تۇتېمىزىملىق قاراشلار راۋاجلىنىپ،«تۆت زات»(تۆت تادۇ)-تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت قارىشىنى روياپقا چىقاردى[19]. تۇپراق-دۇنيانىڭ ئاساسلىق بىر ئامىلى دەپ قارىلىپ، «يەر بىلەن سۇ قوشۇلۇپ، ئاتا تەڭرى كۆكتەڭرىگە تەققاس قىلىنغان ئانا تەڭرى «omay katun» (ئوماي ئانلاھە) ئوبرازىدا كەڭ ئىستىمال قىلىندى»[20]. «ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يەر بىلەن سۇ ئىلاھى نەرسە بولماستىن، بەلكى بايات(تەڭرى) ياراتقان تەبىئەت جىسىملىرى دەپ قارىلىشقا باشلىغان»[21]بولسىمۇ، ئەمما يەر- بوستانلىق تېرىم

www.kitaphumar.com

ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار ئىدىيە تارىخىدا ئەزەلدىن بار بولغان يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدىنمۇ بەلگىلىك ئورۇن ئالدى.

1. يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى: يەرگە چوقۇنۇش –ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىدىن بىرى.«ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىسى ئۇلارنىڭ تۇپراققا ئېتىقاد قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ»[22]. «دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي مىفلىرىدا «ئىنسانلار تۇپراقتىن يارالغان» دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر سىستېمىسى ئەكس ئېتىدۇ»[23]. ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشكۇر مۇھەممەتئىمىن « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا» توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ:«ئۇيغۇر ۋە مەركىزى ئاسىيا قەدىمقى خەلقلىرىدە ئانىمىزىملىق قاراشلار تەدرىجىي يىغىنچاقلىنىپ، تۆپزات ۋە ئاساسى ئىلاھلار يۈنىلىشىنى بويلاپ راۋاجلاندى. نەتىجىدە خاس مەھەللىي ۋە مىللىي ئورگىناللىقا ئىگە ئالەم «روبائىيىسى»(فارابى سۆزى)–تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت تۆت تادۇ قارىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ھاۋا تەڭرى، ئوت(كۆن)تەڭرى تۆت ئىلاھىيەت قارىشى شەكىللەندى»[24]. شۇڭلاشقا « قەدىمقى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر-سۇب»(موقەددەس يەر-سۇ)دەپ ئاتالغان»[25]. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەر-تۇپراق ئېتىقادىنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ بۇخىلدىكى مەزمونلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: «ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر» بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇپراقتىن يارالمىش» ئىدىيۋىي كۆزقارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، يەر-تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ۋە قەدىرلەش قارىشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

يەنە بەزى مەنبەلەردە، «‹يەر ئانا›قارىشى ئىنسانلا ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كىرگەن دەۋرلەردە پەيدا بولغان»[26] دېيىلىدۇ. چۈنكى يەر تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، يەرنىڭ ھاياتلىق تىرىكچىلىكىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئىلگىرىكى يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقاد-قارشلىرى ئاساسىدا، يەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئومای ئانا» (يەر ئانا) قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۈستۈنكى پارلاق ماكان(ئاسمان–جەننەت) بىلەن ئاستىنقى قارڭغۇ ماكان(يەرئاستى–دەۋزەخ) نىڭ

www.kitaphumar.com

ئارىسدا «ئوماي ئانا» (يەر ئانا) بار دەپ قارالغان. « تارىم ۋادىسىنىڭ تۈرۈكلىشىشى» ۋە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراش مايىللىقىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدولوگىيە سىستېمىسىدا، يەر ئىلاھى سۈپەتلىك ئورنىنى تەدرىجىي بوشۇتۇپ، تەبىئەت جىسىملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولدى. ئەمما يەر- بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى جەريانىدا، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار يەرنىڭ بۇ خىل مۇھىم رولىنى ئۆز ئىدىيە تارىخىدا ئەزەلدىن بار بولغان يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن بىر لەشتۈرۈپ، تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان «يەرنى قەدىرلەش»تەك ئۆزگىچە يەر قىممەت قاراش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇردۇ.

مەسلەن:

« يەر-دېھقاننىڭ جېنى، (سۇ-يەرنىڭ قېنى ) »

«يەر ئالتۇن قوزۇق غاجىلاپ يېسەڭ تۈگىمەس»

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنىڭ ھاياتلىق كاپالىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە تۈگىمەس غەزىنە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشۈنۈش ئاساسىدا، يەرنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇردۇ.

2. يەرنى ئاسراش قارىشى : ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يەر تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قىممەت قاراش مايىللىقى بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى يەرگە بولغان چۈشەنچىلەر ئاساسىدا، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىمۇ بىر قاتار كۆز قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆرۈپ-ئادەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، مۇقەددەس ھەققەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. مەسلەن:

«ئادەم يەرنى باقسا، يەر ئادەمنى باقىدۇ»،

«ئادەم يەرنى ئالدىمىسا، يەر ئادەمنى ئالدىمايدۇ»

« يەر تويمىغىچە، ئەر تويماس»،

«يەرنىڭ غېمى ئوغۇت،(ئانىنىڭ غېمى تۇغۇت)»

www.kitaphumar.com

بۇ ماقال-تەمسەللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى يەر بىلەن ئادەم، يەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كۆچلۈك بولغان يەرنى ئاسراش قارىشى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە:

«زىغىر تېرىغان يەر-كېزىك بولغان ئەر»، «يەرنى ئوت باسقىنى-ئىگىسىنى نەس باسقىنى» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان، يەر بىلەن زىرائەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يەرنى ئاسراش قارىشى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان، ئوخشاش بولمىغان يەرلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ، بىر خىل ھەقىقەت سۈپىتىدە ناھايىتى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە يەرنى ئاسراش خاھىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

«سېغىز يەر-مېغىز يەر، شورىيەر-پور يەر، قۇم يەر-شۇم يەر»

## II. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى سۇ توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى سۇ توغرىسىدىكى قارىشلار- ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقاد ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى كۆپ خىل ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن سۇنى ئۇلۇغلاش ، سۇنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ئىنكاسى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بويان، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ماكان ۋە زامانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا، كىشلەرنى سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش، سۇنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا دەۋەت قىلىپ كەلمەكتە.

«سۇمۇ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى. سۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان بېقىنىشى ھەرقانداق بىر تەبىئىي بويۇمنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى سۇ ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم داۋاملىششى ئەڭ ئۇزۇن بولغان تەبىئەت ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى»[27]. «سۇنىڭ ئىنسان

www.kitaphumar.com

تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورنى ۋە ئۇنىڭ پاكلىقى، بەزىدە كەلكۈن، بەزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسىدە «سۇ ئىلاھى»نىڭ كارامىتى دەپ قارالغان. نەتىجىدە سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل، بۇلاق، يامغۇر...)نى مۇقەددەس بىلىپ، كۆپ خىل سۇ ئىلاھلىرىنى ياراتقان»[28]. «سۇ تەڭرى»ـ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپۋىي قارىشى بولغان تۆت تادۇ(تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت) قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان تۆت تەڭرى(يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ھاۋا تەڭرى،ئوت تەڭرى )نىڭ بىرى ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار خەلقىنىڭ تارىخى داستانى «ئۇغۇزنامە»دە، ئۇغۇز خاقانىنىڭ سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇلغا «دېڭىز» دەپ ئات قويغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «سۇ ئۇزۇپ چۈش كۆرسە، شۇ ئادەمنىڭ گۇناھى يۇيىلىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ. سۇغا تۆكۈرسە يامان(گۇناھ) بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، سۇغا بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. بۇنداق سۇنى ئۇلۇغلايدىغان، سۇنى مۇقەددەس بىلىدىغان قاراشلار، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسلەن:

«سۇسىز ھايات بولماس، (ئەمگەكسىز راھەت بولماس»،

«تامچە سۇدا تال كۆكىرەر»

«سۇ يەتتە يۇملىسا ھالال »،

«سۇ ئىچكەن كۆلگە تۆكۈرمە»

بۇ ماقال ـ تەمسىللەردىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، «سۇ ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ»، «سۇ ھامان پاك ۋە مۇقەددەس» دەيدىغان ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى قەدىرلەش، سۇنى ئاسراش خاھىشلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىدىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان سۇ توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. سۇ ـ بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى جەريانىدا، ھاياتلىقنىڭ ئاساس كاپالىتى ۋە تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جان تومۇرى ئىدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدولوگىيە سېستىمىسىدا، سۇمۇ يەرگە ئوخشاشلا ئىلاھى سۈپەتلىك ئورنىنى تەدرىجىي بوشىتىپ، تەبىئەت جىسىملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغانىدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراش سېستىمىسىدا، بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى

www.kitaphumar.com

قەدىرلەش، سۈنى ئاسراش ۋە ئۈنىگدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىش قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا ئۇچرايدۇ. مەسلەن:

« (يەر دېهقاننىڭ جېنى)، سۇ يەرنىڭ قېنى »،

« دان سۈيى ــ جان سۈيى »

« يىلتىز سۇدا بولمىسا، هوسۇلدىن ئۈمۈد كۈتمە »،

«سۈيۈم كۆلدە، ئېشىم چۆلدە»

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار سۇنى تىرىكچىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ جان تومۇرى، مول ـ هوسۇلنىڭ مەنبەسى، تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، سۇغا بولغان هۆرمىتىنى ۋە ئۇنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

## III . ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى هاۋا توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى هاۋا توغرىسىدىكى قاراشلار ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا راۋاجلانغان ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى هەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ مۇكەممەل بىرىكىشىدىن تەركىپ تاپقان هاۋانى ئۇلۇغلاش، هاۋانى قەدىرلەش ۋە هاۋانىڭ ساپلىقىنى قوغداش قاراشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراش قەدىمدىن بويان، ئۇيغۇرلار ئاڭ ـ ئىدىئولوگىيە سىستېمىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىگە ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى مۇهىتنىڭ هەممە تەرەپلىرىگە تولۇق ئەهمىيەت بېرىدىغان بىر قاتار ئۆرۈپ ـ ئادەت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇهىم رول ئوينىغان كەلدى.

«قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى هاۋا بىلەن هاياتلىقنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇلارچە، هاياتلىقنىڭ دەسلەپكى خۇسۇسىيىتى نەپەس ئېلىش(abden) بولۇپ، نەپەس جان ۋە روهىيەت بىر پۈتۈن دەپ قارالغان»[29]. بۇ قاراش كېيىنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۇپىزات ــ تۇپراق، سۇ، هاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ قارىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان يەر تەگرى، سۇ تەگرى، هاۋا تەگرى، ئوت(كۆن) تەگرى قاتارلىق ئىلاهىيەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇهىم بىر ئامىل بولغان. ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئادەم بىلەن شەيئىلەر، هاياتلىق بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، « هەر خىل كېسەللەر هاۋا ، شامال، نەپەس بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان»[30]. بۇ خىل قاراشلار هازىرمۇ

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئادەتتە شامان باخشىلىرى بىرقىسىم كىسەل كىشىلەرگە دىئاگنوز قويغاندا، «شامال دارىپتۇ» دەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ھاۋا بىلەن ھاياتلىق ۋە سالامەتلىكنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر قىسىم مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«(كۆڭۈلنى ياشناتقان ناۋا)، ھاياتنى ياشناتقان ھاۋا »

«ساپ ھاۋا- تەنگە داۋا »

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن، قەدىمكى دەۋرىدىكى « ھاۋا ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، ساپ ۋە پاكىز ھاۋا بارلىق كېسەللەرنىڭ شىپاسى» دەپ قارايدىغان ھاۋانى ئۇلۇغلاش، ھاۋانى قەدىرلەش ۋە ساپ ھاۋانى ئاسراش قاراشلىرى ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن.

## IV. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قارىشلار-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد(ئانىمىزم ۋە تۇتېمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمىلىيتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى ئەمىلىيىتىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

ھايۋانلارغا چوقۇنۇش- ئىنسانلارنىڭ ئۇۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «ھايۋانلارغا ئېتىقاد قىلىش -دۇنياۋى ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى. بۇ ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە كۆزگە چېلىقىدۇ»[31]. « ھايۋانلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۇتېم پۈتۈنلەي بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ناھايىتى كەڭ چۈشەنچىدۇر. تۇتېمىزم بولسا ئۇرۇق دەپ ئاتالغان ئىنسانلار گورۇھىنىڭ (جەمىيەت) ئەزالىرىنى مۇقەددەس بىلىپ، بەزى مەخلۇقلارغا ياكى شەيئىلەرگە باغلىغان ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى. ئەنە شۇنىڭدىن تۇتېم ئېتىقادى كېلىپ چىققان»[32].تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا قۇرت( بۆرە ) بەخت تەڭرىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ بۆرە ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى ساقلانغان

www.kitaphumar.com

بولۇپ، «پېشكەللىكتىن ساقلايدۇ» دەپ، سەپەرگە چىققاندا بۆرىنىڭ ئۇشۇقىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ، يەنە بەزىلەر بۆرىنىڭ ئۇشۇقىنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالىدۇ.

«جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ ھايۋانلار ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆرە تۇتېم ئېتىقادىمۇ ئۆزگەرگەن»[33]. يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار تارىختا بۆرىدىن باشقا يەنە « ئات»، « لاچىن»، «كالا»، «شىر(ئارسلان)»، «تۆگە(بوغرا)» قاتارلىقلارغىمۇ چوقۇنغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىدا، «ئات قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ھايۋان دەپ قارىلاتتى. چۈنكى، ئات قولغا كۆندۈرۈلگەندىن باشلاپلا، خەلق خوجىلىقىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىغانىدى، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاتقا تايىناتتى؛ قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا غەلبە قىلىش-قىلالماسلىق ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا ئاتقا بولغان سىغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئۇرۇق-قەبىلىلىرى ئاتنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش تەڭرىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان»[34]دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قەبرىسىگە ھەمدە ئوخشىمىغان زىيارەت ئېتىزلىرى ۋە ئۈزۈم تاللىرىغا «كۆز تەگمىسۇن»دەپ، ئارزۇلاپ ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانماقتا ». ئاتنى ئۇلۇغلايدىغان بۇخىل قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسلەن:

« ئات ـئەرگە قانات »،

«ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق سال»

« ئېتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىگىچە، يەم بىلەن ھەيدە »

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتتىن ئىبارەت بۇ ھايۋاننى ئەتىۋارلايدىغان، ئاسرايدىغان خاھىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا « ئات »قا چوقۇنغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ كونكرېت ۋە ئەينەن ئىنكاسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ دەرىجە پەرقىمۇ ناھايىتى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسلەن :

« لاچىن قاراپ تاپىدۇ، تۈلكە ماراپ تاپىدۇ، بۆرە يۈراپ تاپىدۇ »

« باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس »

www.kitaphumar.com

بۇ ماقال-تەمسەللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىدىكى تۇرمۇشى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق، دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي يەكۈنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھايۋانلارغا بولغان كۆچلۈك ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن. بىر قىسىم ماقال-تەمسەللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىدىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ھايۋانلار بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردىن يەكۈنلىگەن ئادەت خاراكتېرلىك قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەسلەن: «مالنى كېپەككە ئال، باققۇچىنى ئالتۇنغا ئال»

بۇ ماقال-تەمسەللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىدىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە ئادەتلىرى ناھايىتى كونكرېت شەرھلەنگەن بولۇپ، مال-چارۋىلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال-تەمسەللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم ھايۋانلار توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسلەن:

«مۈشۈكنى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى ساق»،

«بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ ياخشى»

«قارغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ، ( قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ)»

بۇ ماقال-تەمسەللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ھايۋانلار بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەردىكى ھايۋانلارنىڭ رولى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ھايۋانلارنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## V.ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسەللىرىدىكى باغ-ئورمان، ئۆسۈملۈك قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسەللىرىدىكى باغ-ئورمان، ئۆسۈملۈك قارىشى- ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد(ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى دەل-

www.kitaphumar.com

دەرخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىساددىي مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-تويلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەملىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام ئەكسى ئەتتۈرۈلىشى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بويان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەملىيىتى جەريانىدا، بوستانلىق تېرىم ئىقتىساددىي مەدەنىيەتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى قوغداشتا ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«دەل-دەرخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ تويلاش پائالىيىتى ۋە ياشاش، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل ئېتىقاد پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان قەدىمىي ئېتىقاد بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمونى ۋە ئىپىپ بېرىلىش شەكلى ھەممە خەلقلەردە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ»[35]. قەدىمكى ئىنسانلار «ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا، دەرەختىن نەپ ئالغانلىقى، دەرەخنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرگەن زور پايدىسى، ياخشىلىقى ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلاردا دەرەخكە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى قوزغىسا، دەرەخلەردىكى سىرلىق كۈچ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان»[36]. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئىنسانلاردا دەل-دەرخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقادى شەكلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ قالدۇق تەسىرى ھازىرمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىرقىسىم رىۋايەتلەردە، « ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلمىغان ئىكەن،...« esca »دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغانىكەن»[37] دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپوسى « ئۇغۇزنامە » دە، ئۇغۇزخاننىڭ دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ، «يەتتە تۈپ ئۈژمە تىككەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدىغان قاراش ئومۇملاشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇرلار قەدىمدە «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دەيدىغان ئانىمىزىملىق ئېتىقادلارغىمۇ ئىشەنگەچكە، بۇ خىل روھ ئېتىقادىنىڭ ئىزلىرى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان. مەسلەن، « سېدە، قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخلەردە جىن بولارمىش»[38]. بۇ خىل قاراش ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەسلەن: « دۈشمىنىڭنى ئۆيۈڭگە يۈلاتما، قارىياغاچنى بېغىڭغا يۈلاتما »

www.kitaphumar.com

بـۇ ماقــال-تەمســەلدىن، ئۇيغۇرلارنــىڭ ئــانىمىزملىق ئېتىقــاد قارىشــىدا دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىكى روھلارنى ياخشى ۋە يامان دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئۆزىگە نەپ بېرىــدىغان، پايــدىلىق دەل-دەرەخ، ئۆســۈملۈكلەردە ياخشــى روھ بولىــدۇ، نەپ بەرمەيــدىغان (قارىياغاچقــا ئوخشاش كۆرۈمسىز) دەرەخلەردە يامان روھ بولىدۇ دەپ قارىغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ قاراشلار كېيىنچە، ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىدىكى ئاساسىدىكى باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرى بىلەن ماس ھالدا بىرىكىپ ۋە تاھازىرغىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، باغ-ئورمان بەرپا قىلىش، بۇ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئەكس يۇنىلىشلىك تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىدىغان ئادەت-قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ خىل ئادەت-قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

«دەرەخ تىكسەڭ ساقلار تۇپراقنى، مۇنبەت قىلار بىنەم، ئوتلاقنى»

«تىكىۋەرسەڭ كۆچەتنى بىكار جايغا، ئايلىنىسەن پات ئارىدا كاتتا بايغا »

« بىرنى كەسسەڭـ ئوننى تىك »، «ئۆستەڭ يارىشقى تال، (قىز يارىشقى خال)»

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلىگەن، ئورمان بىلەن تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتلەر ئەڭ ئىخچام شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بويانقى دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، دەل-دەرەخلەرنى ئاسراش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، نۇقۇل ھالدا تېرىقچىلىق بىلەنلا شوغۇللانماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-تويلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىدىغا ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىــك ئىقتىســادىنى بارلىققــا كەلتــۈرگەن. بۇنــىڭ، ئۇيغۇرلارنــىڭ ئىقتىســادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ تىكىپ باغ ياسايدىغان، ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە مەھەللە، ھويلا-ئارالارغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى

www.kitaphumar.com

تىكىدىغان ئادەتلەر شەكىللەندى. بىر تەرەپتىن باغۋەنچىلىك، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىدىنىڭ قوشۇمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر تۈلۈقلىمىسى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىلىماتى قۇرغاق ۋە ئىسسىق رايونلاردا، يازدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى سالقىن سايە ۋە كۆركەم بېزەك بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدە باراڭ مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇھال ئۇيغۇر خەلقىدە مۇئىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ قىلىش ۋە ھەرخىل باراڭلارنى ياساشتەك پىششىللىقنى سۆيىدىغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇ خىل قىممەت قارىشى ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدىكى ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ ئومۇمىي قاراش بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ئۈژمە سايىسى»دېگەن چۆچەك، بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

« كۆچەت تىكسەڭ بىغىڭغا، ھەسەل تامار تىلىڭغا» ،

« ئاۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت »

« باغنى باقساڭ باغ بولۇر، پاتمان-پاتمان ياغ بولۇر »

« بىقىسىز باغ تاغ بولۇر، يۇرك باغرىڭ داغ بولۇر»

« بىخىلنىڭ بىغى كۆكەرمەس »،

« باغنىڭ ھۆسنى ــ باغۋەندە »

« شاپتۇلدا باغ قىما »،

«ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە تىك»

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىدىنىمۇ تەڭ راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئادەت-قاراشلىرى ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باغ ياساشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باغلارنى ئاسراپ، قوغدايدىغان خاھىشلىرى ئىپادىلەنگەن.

## VI. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى تۆت پەسىل (ئاسترنومىيە) قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى تۆت پەسىل(ئاسترنومىيە) قارىشى- ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقاد قاراشلىرى، ساددا ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋىي قاراشلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان ئاسترنومىيىلىك قاراشلار بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي

www.kitaphumar.com

تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھاۋارايىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان ئىلمىي يەكۈندۇر. ئۇيغۇرلار تارىختىن بويان، بۇ ئىلمىي يەكۈنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش كالېندارىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغانىدى.

«ئىنسانلار تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى بىلمىگەن ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋەھىمە تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ساددا خىيالىدا ئاخىرسىز سىرلىق تەبىئەت شەكلى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ ئاجايىپ كوسمولوگىيىلىك مىفلار بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى.بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا كىشىلەر قەلبىدە، تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىش بارلىققا كەلدى. ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ، يىل، ئاي، پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى(قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، پلانېتلار)دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى»[39]. « ئۇزاق ئەسىرلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئاددىي كۆز بىلەن تەكرار كۆزىتىپ، ئاسمان پلانېتلىرىنىڭ يۆرجىلىق ۋاقتىنى( يىللىق ھەرىكەت دەۋرىنى ) مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېساپلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىقسىز كالېندارى( يۇلتۇز كالېندارى ) پەيدا بولدى. دېھقانلار ۋە مال-چارۋىچىلار مۇشۇ كالېندار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىنى بەلگىلىدى»[40].

قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن، ھاۋارىي (مېترولوگىيە) دىكى خىلمۇ-خىل مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن. بۇ ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، مۇئەييەن قانۇنىيەتلىك ھۆكۈمگە ئايلانغان.ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ،... پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ ۋاقىت-كۈن ھېسابىنى بەلگىلىگەن،... شۇ ئاساستا تېرىقچىلىق پەيتىنى بەلگىلەش ۋە تەكشەش، ئۇزاقتىن بويان خالق ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىۋاتقان مۇھىم ئادەتلەرنىڭ بىرى ئىدى»[41]. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ ئەنە شۇ ھاۋارايىنى كۆزىتىشتىن چىقىرىلغان يەكۈنلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن:

« ئىش قىلساڭ پەسىلگە باق، (ئادەم تالالساڭ ئەسلىگە باق) »

« ھۇت_ كەتمەن سىپىنى تۇت »،

« يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»

www.kitaphumar.com

« كۈندىن قالدىڭ، يىلدىن قالدىڭ »،
« قەشقەرنىڭ سوغۇقى ئاز، قىشى ئەتىياز »
« قىش غېمىنى يازدا يە، ياز غېمىنى قىشتا يە »،
« يازدا ئۇخلىغان، قىشتا مۈزلار »
« يازدا ئېرىنچەك بولساڭ، قىشتا دۈمچەك بولىسەن »

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىساددىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۆت پەسىل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرى ۋە ئادەت قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دېمەك ئۇيغۇرلار تۆت پەسىل توغرىسىدا ئەتراپلىق كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، مول ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشكەن، شۇنداقلا تۆت پەسىلنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىمۇ بىر قاتار قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تۆت پەسىل توغرىسىدىكى بۇ خىل قاراشلار، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرىگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمونلاردا ئۇچرايدۇ. مەسلەن:

« ياز يول يۈر تاڭ ئاتماستا، قىش يول يۈر كۈن چىققاندا»
« يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر، قىشتا ئۇزۇقڭنى ئېلىپ يۈر»
« قىشنىڭ كۆزى قارغۇ »،
« ياز ــ دۆلەت، قىش ــ مەينەت »
« قىشنىڭ سوغۇقى يانىدىن ئۆتەر، ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جانىدىن ئۆتەر»

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، پەسىللەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ھەرقايسى پەسىللەر خاس بولغان تۇرمۇش ئادەت-قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## VII. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى– ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد(ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئادەم ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۇغۇرۇلمىسىدىن تەكىپ تاپقان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ

www.kitaphumar.com

پايدىلىق رولىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش قاراشلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بويان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى ئىقتىساددىي تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىدا، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«تەبىئەت دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئىپتىدائىي ئوبيېكتىدۇر. بۇ نۇقتىنى بارلىق دىنلار، بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى»[42]. «ئىلىم-پەن ئۇيقۇغا چۆككەن ۋە مەدەنىيەت باشلانمىغان پەيتتە، ئىپتىدائىي ئېتىقادلار دائىم « ئۆز كېپىنى يورغىلىتىش» بىلەن ئالەمدىكى ھەرخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى يېشىپ، دۇنيانى چۈشەندۈرگەن. بۇ دەل ئىپتىدائى تەبىئەت ئېتىقادى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئەقىدە قىلغان بىرىنچى ئېتىقاددۇر» [43]. « ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى «ئىلاھلاشتۇرۇپ» تەسەۋۋۇر قىلغان»[44]. « كۆككە چوقۇنۇش-ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، بوران، شامال،يامغۇر، قار، چاقماقلارغا بولغان ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[45].

«بۇلۇت قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئېتنوگىنىزى ئاساسلىرىدىن بولغان ئارىئانلارنىڭ مۇھىم بىر ئىلاھى دىيىلەتتى»[46].« ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا كۆككە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان « يامغۇر تىلەش مۇراسىمى»دا، كىشىلەر « كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ كۆككە قاراپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىش ئادىتى بار» [47]. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، بەخت-سائادەتكە سىمۋول قىلىدىغان مەزمونلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

« يامغۇر ياغدى_ ياغ ياغدى، قار ياغدى_ نان ياغدى »

« يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى، ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى»

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قار، يامغۇرغا ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىقتىساددىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت-ئامەت، باياشاتلىق ئاتا قىلىدىغان ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يازما مەنبەلەردە يامغۇر، بۇلۇت، شامال تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ، تەڭرى ئىلاھىيلىق سۈپەتتىن قالغان»[48]. قىممەت قاراش مايىللىقىدىكى بۇخىل ئۆزگىرىش، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تېرىقچىلىق ئىقتىساددىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە، بۇخىل قىممەت قاراشلىرى تۆۋەندىكى مەزمونلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

« ھوسۇلۇڭ كەم بولسا، ھاۋادىن كۆرمە »، « پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە »

www.kitaphumar.com

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلاھىي سۈپەتتە كۆرمەستىن، بەلكى تەبىئەت دەپ قاراپ، تىرىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە، بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل پائالىيەتلەر بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى مۇناسىۋەتلەر شەرھىلەنگەن. مەسىلەن :

« يامغۇردا يەپ يات، بوراندا دۈم يات »،

« قاردا پولو، يامغۇردا شوۋا، بوراندا ئۇيقۇ »

« شار-شار يامغۇر ياندىن ئۆتەر، سىم-سىم يامغۇر جاندىن ئۆتەر»

بۇ ماقال-تەمسىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئادەم بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ ئومومىي خۇلاسىسى بولۇپ، بۇخىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، ئۇلارنىڭ پايدىسىز تەسىرىدىن ساقلىنىپ، پايدىلىق تەرىپىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتى ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىپتىدائىي(تەبىئەت) ئېتىقاد قاراشلىرى بىلەن تىرىكچىلىك ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ خىل قاراشلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرى، بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆزگىچە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ماسلىشىپ بىرىكىشى ئاساسىدا تەدرىجىي بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ،ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا بەلگىلىك رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلارنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، رولى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

www.kitaphumar.com

# ئىزاھاتلار:

[1] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003 ـيىل368ـبەت

[2] جاڭ گاۋ:«يەرشالىشش تىل مۇھىتىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەنقىد»، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى(خەنزۇچە)،2001ـيىل 12 ـئاينىڭ 25 ـكۈنى

[3] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003ـيىل،368ـبەت

[4] ۋاڭ نىڭشېڭ:«مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەكشۈرۈشى»(خەنزۇچە)،مەدەنىيەت بۇيۇملىرى نەشرىياتى،2002ـيىل،50ـبەت

[5] «گوۋۋيۈەننىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشنى يەنىمۇ ىرقەدەم ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى»،شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى(خەنزۇچە)،2004ـيىل3ـئاينىڭ23ـ كۈنى،10ـبەت

[6] ۋاڭ نىڭشېڭ:«مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەكشۈرۈشى»(خەنزۇچە)،مەدەنىيەت بۇيۇملىرى نەشرىياتى،2002ـيىل،56ـبەت

[7] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003ـيىل3ـبەت

[8] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003ـيىل17ـبەت

[9] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003ـيىل19ـبەت

[10] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003ـيىل227ـبەت

[11] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989ـيىل، 448ـبەت

[12] خوك فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003ـيىل237ـبەت

[13] ئابلىز ئەمەت:« ئۇيغۇر خەلق ماقال ـتەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى »(ئۇيغۇرچە)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001ـيىل، كىرىش سۆز 1ـبەت

www.kitaphumar.com

[14] ملك چى بېي:«يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى»(خەنزۇچە) ،خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى،1999-يىل، 1-توم
[15] ئارسلان:«شىنجاڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى »(خەنزۇچە)، 2004-يىل،16-بەت
[16] «ماركسىزم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇق»(خەنزۇچە)،خەلق نەشرىياتى،2003-يىل،93-بەت
[17] خوڭ فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003-يىل227-بەت
[18] زارىپ دولات:« شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە-ئەدىبە تارىخىدىن ئوچېرىكلار»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ,31-بەت
[19] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل 1-سان، 63-بەت
[20] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،66-بە
[21] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،67-بەت
[22] گۈلنار ئىسمايىل«ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى توغرىسىدا » ، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1998-يىل 3-سان، 78-بەت
[23] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،460-بەت
[24] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،68-بە
[25] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،461-بەت
[26] لىن خۇي شىياڭ:« مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى »(خەنزۇچە)،شاڭ ۋۇ نەشرىياتى،2000-يىل93-بەت
[27] خوڭ فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي»(خەنزۇچە)، خېيلۇڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003-يىل283-بەت

www.kitaphumar.com

[28] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،454-بەت
[29] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،69-بەت
[30] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،67-بە
[31] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،457-بەت
[32] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،459-بەت
[33] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،464-بەت
[34] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،530-بەت
[35] راھىلە داۋۇت:« قەدىكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا »(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل 1-سان، 78-بەت
[36] راھىلە داۋۇت:« قەدىكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا »(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل 1-سان، 83-بەت
[37] «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل، 92-بەت
[38] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،530-بەت
[39] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،461-بەت
[40] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،530-بەت
[41] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،454-بەت

www.kitaphumar.com

[42] فېيرباخ:«دىننىڭ ماھىيىتى»،سەن لىيەن كىتاپخانىسى نەشرى،1962-يىل، 2 - توم، 459-بەت
[43] خوڭ فەن:«ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي»(خەنزۇچە)، خېيلوڭجىياڭ خەلق نەشرىياتى،2003-يىل،276-بەت
[44] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،460-بەت
[45] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،461-بەت
[46] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،66-بەت
[47] ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،459-بەت
[48] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل1-سان،68-بەت

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1.ئابلىز ئەمەت:« ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى »(ئۇيغۇرچە)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001-يىل،
2.«يەكەن خەلق ماقال-تەمسىللىرى»(ئۇيغۇرچە)، يەكەن ناھىيىلىك « ئۈچ تۇپلام » تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1989-يىل
3.«ئۈرۈمچى تىيانشان رايۇن خەلق ماقال-تەمسىللىرى »(ئۇيغۇرچە). شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994-يىل
4.« تۇرپان خەلق ماقال-تەمسىللىرى »(ئۇيغۇرچە)، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىيات تۇپلاملىرى ھەيئىتى تۈزگەن، 1992-يىل
5.گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ: « قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە » (ئۇيغەرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى،1980-يىل
6.«يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1986 ,-يىل، 92-بەت

www.kitaphumar.com

7.ئابدۇكېرىم راخمان:«ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى نەشرىياتى، 1989-يىل،
8.ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى، 1990-يىل 1-سان

شىنجاڭ پىداگوگىكا ئونۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلىدىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.com

# مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ۋە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ھەققىدە ئىزدىنىش

**ئادىل غاپپار كارىزى**

(بۇ ماقالە 2004-يىلى يېزىپ تاماملىنىپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى 2006-يىلى 2-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. شۇڭا، بىر قىسىم پىكىرلەر كونىراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدى پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.)

## 1. مۇقەددىمە

مەملىكىتىمىزدە مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى شەكىللىنىپ، مائارىپ ساھەسىدە قوللىنىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، مىللىي مائارىپ ئاتالمىسى ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا «ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى»نى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇمغا ئايلاندى. گەرچە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى ۋە مائارىپچىلىرى بۇنۇقتىنى روشەن تونۇپ يېتەلمىگەنلىكتىن، تاھازىرغىچە بىرەر ئۇيغۇر مائارىپ تەتقىقاتچىسى ياكى مائارىپچىسى ئۆز ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا ‹ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى›غا ئەتراپلىق تەبىر بېرىپ باقمىدى. ئەكسىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى ئومۇمىي مىللىي مائارىپ (جۇڭگودىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مائارىپ) ئۇقۇمىغا بەرگەن ئېنىقلىمىلارنى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى قاتارىدا ئىستىمال قىلىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مائارىپى ۋە مائارىپچىلىرى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ يېتەلمەي، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ سۈپىتى «خەنزۇلار رايونى ياكى مەملىكەتلىك ئورتاق سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى خېلىلا ئارقىدا» [1] قېپ قالدى. مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىلار، مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىغا بېرىلگەن ئومۇمىي خاراكتېرلىق ئېنىقلىما. ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ خاس مائارىپىغا بېرىلگەن تۇراقلىق ئېنىقلىما ئەمەس، بەلكى دەۋرىيلىككە ۋە ئىلاستىكىلىققا ئىگە ئامبىاب ئېنىقلىمىدۇر. شۇڭا مىللىي

www.kitaphumar.com

مائارىپ ئۇقۇمغا بېرىلگەن ئېنىقلىمىنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكىدىن جانلىق پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئاساس قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ خاس مىللىي مائارىپ ئۇقۇمغا ئىلمىي، ئەتراپلىق ۋە توغرا تەبىر بېرىپ، ئۆز مىللىي مائارىپىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىدۇر. مىللىي مائارىپىنىڭ بۇخىل ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىي يورۇتۇپ بېرىلگەندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز مائارىپىنى توغرا تەرەققىيات يولىغا باشلاپ، ئۇنى مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ.

نۆۋەتتە، ئېنىق بولغان مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇقۇم تەپەككۇرنىڭ ئاساسى. توغرا، ئىلمىي بولغان ئۇقۇم شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن نېمىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. « ‹مىللىي مائارىپ› تىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمغا ئېنىق تەبىر بېرىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئاساس بولۇش ئەھمىيىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نەزىرىيىۋى تەتقىقاتتىمۇ ئەھمىيىتى بار» [2]. يەنى- مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مىللىي مائارىپنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور يېتەكچىلىك قىلىش ئەھمىيىتى بار. گېيك جىن شىڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، مىللىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماھىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئۇقۇم-پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم سىياسەتلەرنى بەلگىلەشنىڭ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈشنىڭ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ، مىللىي مائارىپ ئورگانلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ مىللىي مائارىپقا بولغان توغرا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي» [3]. شۇڭا مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، مىللىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماھىيىتىنى توغرائەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېنىقلىمىنى تېپىپ چىقىپ، ئوتتۇرىغا قويۇش - «مىللىي مائارىپنىڭ ئورنىنى توغرا بېكىتىشكە، مىللىي پەرقكە توغرا قاراپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشكە ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز-ئارا ياردەم قىلىپ ۋە ئۆگىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشكە پايدىلىق» [4]. مانا بۇ مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىدۇر.

www.kitaphumar.com

## 2. چەتئەللەرنىڭ مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى

«مائارىپ-مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى نېگىزلىك مەسىلىدۇر» [5]. شۇڭا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ مائارىپ مەسىلىسى ئۈستىدە خېلى بۇرۇنلا ئويلىنىشقا باشلىغان. مىللىي مائارىپ مەسىلىسى مىللىي ۋە ئىرقىي مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، خەلقئارادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىپ ، ھۆكۈمەتلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىلىم ساھەسى بەس-بەس بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى-مىللىي مائارىپ مەسىلىسىدىكى ھالقىلىق مەسىلە بولغانلىقتىن، تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ نۇقتا ئۈستىگە مەركەزلەشتى. دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى مەسىلىسىدىمۇ خەلقئارادا خىلمۇخىل قاراشلار بارلىققا كەلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆۋەندە چەتئەللەردە قوللىنىۋاتقان ۋە ئىلىم ساھەسى ئېتىراپ قىلغان ئاساسلىق مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىدىن بىرقانچە خىل بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، يەككە مىللىي مائارىپ تەلىماتى ( ) ETHNIC EDUCATION) (单一民族教育说

ياپونىيە «بۈيۈك قامۇسى»دا مىللىي مائارىپقا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىلگەن. «مىللىي مائارىپ-ئورتاق مەدەنىيىتى بولغان گۇرۇھنىڭ مىللەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئاكتىپ ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىساد ، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ كويىدا بولىدىغان (قوغلىشىدىغان) پوزىتسىيىگە ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قىلىدىغان مائارىپنى (تەلىم-تەربىيەنى) كۆرسىتىدۇ» [6].

بۇ ئېنىقلىما ياپونىيە ئۆز خەلقىگە، يەنى داخىي مىللەتكە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مائارىپقا قارىتىلغان . مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يەككە مىللەت مائارىپى-مەلۇم بىر مىللىي مەدەنىيەت تۈپىنىڭ مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىپ بېرىش ئوبيېكتى ۋە سوبيېكتىدىن قارىغاندا، ئاساسەن ئوخشاش بىر مىللەت ئەزالىرىنى ئاساس قىلىدۇ. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. قوغلىشىدىغان نىشانىدىن قارىغاندا، بىر ئورتاق تىل، ئورتاق رايون، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەن ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن ئورتاق پسىخىك ساپادىن ئىبارەت تۆت خىل

www.kitaphumar.com

ئالاھىدىلىكىنىڭ تۇراقلىق ئومۇمىي گەۋدىسىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە ئورتاق گەۋدە ئەزالىرىنى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش ھەم ئۆز مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيلەشتۇر. يۇقارقى تەھلىلىمىزگە ئاساسلانغاندا، يەككە مىللەت مائارىپى-مەلۇم خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بىرلا مىللەتنىڭ ئۆز ئەزالىرىغا ئېلىپ بارىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەربىيسىدۇر. گەرچە بۇ خىل ئېنىقلىما، ياپونىيىگە ئوخشاش بىرلا مىللەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەت ۋە رايونلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، مىللىي مائارىپنىڭ خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىز ۋە رايونىمىزغا ئوخشاش كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا تۇلۇق ماس كەلمەيدۇ.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ تەلىماتى( CROSS-CULTURAL EDUCATION 跨文化教育论)

«مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ-ئادەتتە ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە كۆپ خىل مەدەنىيەت مائارىپى (多种文化教育) ۋە غەيرىي مەدەنىيەت مائارىپى (TRANS-CULTURAL EDUCATION 异文化教育) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەككە قاتلاملىق مىللىي مائارىپ ئارقا كۆرۈنىشى ئاساسىدا غەيرىي مەدەنىيەت مائارىپىنى يولغا قويىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆچمەنلەر مائارىپى ، مۇستەملىكە مائارىپى، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار مائارىپى، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ۋە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ» [7].

مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپنىڭ ئەمىلىيتى ئىنسانلار تارىخىدا خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بۇنداق بىر جەمئىيەت ھادىسىگە نىسبەتەن ئېلىپ بارغان بىر قەدەر سىستېملىق ئىلمىي تەتقىقاتى ئالدىنقى ئەسىردىن باشلانغان. بولۇپمۇ ئامېرىكا قاتارلىق غەربتىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ھەرقايسى ساھەدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدە باشلاپ، مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ مەسلىگە نىسبەتەن كەڭ-كۆلەملىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى ھەم ئوخشاش بولمىغان مەيدان، مەقسەت ۋە ئىلمىي نۇقتىلاردىن، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇرغۇنلىغان نەزىرىيە مەزھەپلىرىنى شەكىللەندۈردى. بۈگۈنكە قەدەر، مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ تەتقىقاتى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېيىن، كانادا، روسىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھەم جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ مەسىلىسىنى بەس-بەس بىلەن قىزىقىپ تەتقىق قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇخىل مائارىپ دۆلەت

www.kitaphumar.com

ئىچىدىكى مىللىي ۋە ئىرقىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارالغان. مائارىپ ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى مەلۇم خىل بەلگىلىك مەدەنىيەت ئاساسىي ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. مائارىپ بولسا مەدەنىيەت يەتكۈزۈشنىڭ ۋاستىسى، شۇنداقلا ئادەم تەربىيلەيدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. بۇ پائالىيەت جەريانىدىكى ھەربىر ئادەم مەلۇم خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مائارىپمۇ مەلۇم مىللەتنىڭ مائارىپى بولۇپ، ئۇ بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى مائارىپنىڭ بۇ خىل مىللىيلىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى يەككە مەدەنىيەت مائارىپى ۋە مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ دەپ ئىككىگە بۆلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئالدىنقىسى بولسا تەربىيلەنگۈچىلەر ئالىدىغان تەلىم-تەربىيە ئاساسىي جەھەتتىن بىرلا مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن چەكلىنىپلا قالماستىن بەلكى يەنە يەككە مىللىي خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىلگىرىكى ئامرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ مىللىي مائارىپى قاتارلىقلار. كېيىنكىسى بولسا ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئوتتورىسىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيەت، يەنى دۆلەتتە سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنى ئىگەللىگەن ياكى سان جەھەتتىن كۆپ بولغان مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى. يەنە بىرى بولسا تارماق مەدەنىيەت، يەنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياكى كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى. مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ مانا مۇشۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى تارماق مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئاساسىدا، ئاساس ئېقىم مەدەنىيەت تەربىيىسى يەنى غەيرىي مەدەنىيەت تەربىيىنى ئاساس قىلىدىغان تەلىم-تەربىيە ھادىسىدۇر. بۇ خىل مائارىپنىڭ مەقسىدى شۇكى، تارماق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللەت ئەزالىرىنى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى (多元文化教育MULTI-CAULTURAL EDUCATION )

كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى-«ئادەتتە كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە خىلمۇخىل مىللىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشنى ساقلاپ قىلىش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە كۆچمەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى باراۋەر بولغان تەلىم-تەربىيە پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ» [8]. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك مۇلاھىزىچىسى ئامرىكىلىق جامىس ئا. بانكىس(James A .Banks). ئۇ «كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ تۈپ نىشانى-ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ئىرق، دىن،

www.kitaphumar.com

جەمئىيەت قاتلىمىغا تەۋە بولغان گۇرۇھلارنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشنى ئۆگىنىپ، بىللە ياشاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش»[9]دەپ قارايدۇ

كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60ـ70ـيىللىرىدىكى ئامرىكىلىق قاراتەنلىكلەرنىڭ مىللىي ھوقۇق ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، 1915ـيىلى ئامرىكىلىق ئالىم گرانتى ئوتتۇرىغا قويغان «مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قىرلىشىش ئېقىمى»ئۇقۇمى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت نەزەرىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ خىل قاراش بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك بولسىمۇ، ئەمما نىشانىدىن قارىغاندا، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى مەقسەت قىلغان بولماستىن بەلكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرىنىپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئامرىكا ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيەت جەمئىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمما شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتۋە ئوخشا ش بولغان كىشىلەر كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپىغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە چۈشەندۈرۈش پوتونلەي ئوخشاش ئەمەس. ئەنگلىيىلىك كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپ نەزەرىيىچىسى جامىس لىنچ (James Lynch)نىڭ قارىشىچە ، «كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى-كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتتە، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىوپى ياكى يەككىلىكنىڭ مەدەنىيەت، ئاڭ، ئۆز-ئۆزىنى باھالاش جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر مەيدان مائارىپ ئىسلاھات ھەرىكىتى. ئۇنىڭ مەقسىدى بارلىق ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر تىپىنىڭ قانداق قىلىپ كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت جەمئىيىتىدە، تۇرمۇشقا ئاكتىپ ماسلىششىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش، تىوپلار ئارىسىدىكى تەلىم-تەربىيە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ تەكپۈزلۈقىنى ساقلاش ھەمم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پەرقىنى ئويلاشقان ئاساستا ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە كەڭ قورساق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش» [10]تىن ئىبارەت. « ياپونىيە غەيرىي مەدەنىيەت مائارىپشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان كىيۇشۇ ئۇنىۋىرسىتېتىدىكى جىياڭ يۇەن يىگۇڭ مۇنداق دەپ قارايدۇ. كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى دېگىنىمىز، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە، خىلمۇخىل مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان ياش-ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن، بولۇپمۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە كۆچمەن قاتارلىق شارائىتى بىرقەدەر ناچار بولغان ئىجتىمائىي گورۇھلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى باراۋەر تەلىم-تەربىيە پۇرستى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ مىللىتى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت»[11].

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى شەكىللىنىشى، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي رېئال ئەھۋالىدىكى خىلمۇخىل پەرقلەر سەۋەبىدىن، گەرچە بۇخىل مائارىپ ئوخشاشلا كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنى ، ئۇ

www.kitaphumar.com

كۆرسىتىدىغان ۋە قوغلىشىدىغان نىشاندىن تولىمۇ يىراقتا قالىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى سىياستى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئوخشىمىغان ئەھۋاللارنى ئايرىپ، كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بېرىش بىر قەدەر ئىلمىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

## 3.مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى

جۇڭگودا «مىللىي مائارىپ» تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ-يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان، كونىرىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلىم ساھەسىدە تا ھازىرغىچە بۇ ئۇقۇم توغرىسىدا ئىلمىي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، جۇڭگو مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان، بىرلىككە كەلگەن ئېنىقلىما تېخى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. ئەمما مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىقاتى جەريانىدا ئىلىم ساھەسىدە، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئېنىقلىمىلار بارلىققا كەلدى. تۆۋەندە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئېنىقلىمىلاردىن بىرقانچىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، «جۇڭگو بۈيۈك قامۇسى، مىللەتلەر تومى» دا، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىلگەن. «ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى بولسا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇسى ئاز بولغان مىللەتلەرگە نىسبەتەن يولغا قويۇلىدىغان تەلىم-تەربىيىدۇر. قىسقارتىلىپ، مىللىي مائارىپ دېيىلىدۇ. جۇڭگودا خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن يولغا قويۇلىدىغان تەلىم-تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ»[12].

«مائارىپ چوڭ لوغىتى، مىللەتلەر تومى» دا ، مىللىي مائارىپقا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن. «مىللىي مائارىپ-جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بولۇپ، خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا 55 مىللەتكە نىسبەتەن يولغا قويىلىدىغان مائارىپنى كۆرسىتىدۇ» [13]دېيىلگەن.

ئىككىنچى، مەملىكىتىمىز مىللىي مائارىپ تەتقىقاتچىسى گېڭ جىنشېڭ ئەپەندى 1991-يىلى بىر پارچە ماقالىسىدا، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن. « مىللىي مائارىپ ئازسانلىق مىللەت مائارىپى دېمەكتۇر ئاتىلىدۇ. ئۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل، رايون، ئىقتىساد، تۇرمۇشىدا ئەكس ئەتكەن ھەمدە ئورتاق مەدەنىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئورتاق پىسخىك ساپا جەھەتتىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئادەم تەربىيلەيدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى»[14].

ئۈچىنچى، مىللىي مائارىپ نەزىرىيە تەتقىقاتچىسى ۋاڭ تىيې جى ئەپەندى 1996-يىلى بىر پارچە ماقالىسىدا، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن. «ئازسانلىق

www.kitaphumar.com

مىللەتلەر مائارىپى قىسقارتىلىپ، مىللىي مائارىپ دېيىلىدۇ. ئۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، نوپۇسى ئاز بولغان مىللەت ئەزالىرىنى مەخسۇس ياكى ئاساسلىق تەربىيەلەش ئوبيېكتى قىلىپ، تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكى بولغان تەلىم-تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ مىللىتىدىن باشقا 55 ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن يولغا قويۇلىدىغان مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. »[15].

تۆتىنچى، مەملىكىتىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مىللىي مائارىپ تەتقىقاتچىسى تېڭ شىڭ ئەپەندى 2001-يىلى مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى» ناملىق كىتابىدا، مىللىي مائارىپقا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «مىلىي مائارىپنى كەڭ مەنىدىكى مىللىي مائارىپ ۋە تار مەنىدىكى مىللىي مائارىپ دەپ ئىككىگە بۆلىشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىكى مىللىي مائارىپ-ئورتاق مەدەنىيىتى بولغان مىللەت ياكى مەدەنىيەت تىپىدىكى مىللىي گۇرۇھنىڭ بۇ مىللەت ياكى مىللىي گۇرۇھنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن مەدەنىيەت سىڭدۈرۈش ۋە تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن ھازىرقى ئاساسىي ئېقىم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، شەخسلەرنى تېخىمۇ ياخشى ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشتۈرۈشنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مىللىتىنىڭ ياكى ئۆز مىللىي گۇرۇھىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى مىللىي مائارىپ يەنە ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى دېمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە نوپۇسى ئاز بولغان مىللەت ئەزالىرىغا يولغا قويۇلىدىغان ئارلاشما مىللەت تەلىم-تەربىيىسى يەنى كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپنىڭ مەقسىدى: بىر تەرەپتىن ئازسانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي ئېقىم جەمئىيىتىگە ماسلىشىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، شەخسنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش»[16].

بەشىنچى، مەملىكىتىمىزدە مىللىي مائارىپشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان لىڭ شاۋچۇڭ ئەپەندى 2004-يىلى 9-ئايدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئاساسىي قائىدىلىرى» ناملىق كىتابىدا، مىللىي مائارىپقا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن. «مىللىي مائارىپ ئاساسلىق قىلىپ، خەنزۇ مائارىپىدىن ياكى ئىچكىرىدىكى رايونلار مائارىپىدىن پەرقلىنىدىغان ھەم ئاساسلىق ئازسانلىق مىللەتلەرگە ياكى ئازسانلىق مىلەتلەر رايونلىرىغا قارىتىلغان تەلىم-تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ» .[17]

www.kitaphumar.com

يۇقىرىدىكى بەش خىل ئىنقىلمىدىن قارىغاندا، تەتقىقاتچىلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردا تۇرۇپ، مىللىي مائارىپقا تەبىر بەرگەن. گەرچە ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي ئاساسى باربولسىمۇ ،ئەمما مەلۇم نۇقسانلاردىمۇ خالىي بولالمىغان. يۇقىرقى ئىنقىلمىلارنى مائارىپ نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا،تۆتىنچى خىل ئىنقىلمىدىن باشقا خىلدىن ئىنقىلمىلارنىڭ ھەممىسى مىللىي مائارىپقا تار دائىرىدىكى مائارىپ نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەربىر بەرگەن. يەنى مىللىي مەكتەپلەر مائارىپنى ئاساس قىلغان. مائارىپ تار ۋە كەڭ مەنىلەرگە ئىگە. شۇنداقلا مائارىپ يەنە مىللىيلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، مىللىي مائارىپمۇ تار ۋە كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولىدۇ.  تۆتىنچى خىل ئىنقىلما مىللىي مائارىپقا كەڭ ۋە تار مەنىدىكى مائارىپ نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەربىر بەرگەن. تەلىم-تەربىيە ئوبيېكتىدىن قارىغاندا، تۆتىنچى خىل ئىنقىلمىدىن باشقا خىلدىكى ئىنقىلمىلارنىڭ ھەممىسى تار دائىرىدىكى مىللىي مائارىپ نۇقتىدا تۇرۇپ، مىللىي مائارىپنىڭ ئوبيېكتىنى بىكىتكەن بولۇپ، نوپۇسى كۆپ بولغان مىللەتلەرنىڭ شۇنداقلا خەنزۇ مىللىتىنىڭ مائارىپى مىللىي مائارىپ كاتىگورىيىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان. مىللىي مائارىپنى ئازسانلىق مىللەت مائارىپىغا باراۋەر دەپ قارىغان. تەلىم-تەربىيە مەقسىدىدىن قارىغاندا، ئىككىنچى خىل ۋە تۆتىنچى خىلدىكى ئىنقىلمىدىن باشقا خىلدىكى ئىنقىلمىلار مىللىي مائارىپنىڭ مەقسىدىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. گەرچە ئىككىنچى خىلدىكى ئىنقىلما مىللىي مائارىپنىڭ مەقسىدىنى ئوتتۇرغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، بۇخىل ئىنقىلما يەككە مىللەت مائارىپ كاتىگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ. تۆتىنچى خىلدىكى ئىنقىلما مىللىي مائارىپ مەقسىدىنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسلانغان ھالدا، ناھايىتى ئېنىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئوتتۇرغا قويغان. تەلىم-تەربىيە ۋاستىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇچىنچى خىل ئىنقىلمىدىن باشقا خىلدىكى ئىنقىملارنىڭ ھەممىسى مىللىي مائارىپنىڭ ۋاستىسى (تەلىم-تەربىيە  مەزمۇنى، ئۇسۇلى، تىل ئىشلىتىشى ۋە ئۇسكۈنە قاتارلىقلار) نى نەزەردىن ساقىت قىلغان.

يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، مەملىكىتىمىزدە مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بىرقاتار تارىخى جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تەدرىجىي مۇكەممەللىششىكە قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مەلۇم نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان. يۇقارقى مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدىن تېپىك شىڭ ئەپەندىنىڭ كەڭ مەنىدىكى مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ئىنقىلمىسىنى ھازىرقى ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر مۇۋاپىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تار مەنىدىكى مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا بەرگەن ئىنقىلمىسىغا تۈۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈش مۇمكىن. تار مەنىدىكى مىللىي مائارىپ يەنە ئازسانلىق مىللەت مائارىپى دېيمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىر كۆپ مىللەتلىك

www.kitaphumar.com

دۆلەتتە نوپۇسى ئاز بولغان مىللەت ئەزالىرىنى تەربىيلەش ئوبىكتى قىلىنغان، تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىرىكمە مىللىي مائارىپنى، يەنى كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ مەقسىدى: بىر تەرەپتىن ئازسانلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي ئېقىم جەمئىيىتىگە ماسلىشىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتىرىشكە ياردەم بېرىپ، شەخسنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش.

بۇنداق تۈزۈتۈش كىرگۈزۈشتىكى ئاساس شۇكى، ئۇقۇم ئوبىكتىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تەپەككۇر شەكلى. شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قۇرۇلما ئوخشاش بولمىسا، پائالىيەتنىڭ مەقسىدى ۋە ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەرقانداق بىرئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى سوبىكت، ئوبىكت ۋە پائالىيەت ۋاستىسى قاتارلىق ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. مائارىپ بىرخىل ئادەم تەربىيلەيدىغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ تەربىيلىگۈچى بىلەن تەلىم-تەربىيە مەقسىدى(سوبىكت)، تەلىم-تەربىيە ئوبىكتى ۋە تەلىم-تەربىيە ۋاستىسى ( تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى، ئۇسۇلى، سورۇن ۋە ئۈسكىنە) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. تېڭ شىڭ ئەپەندىنىڭ تار مەنىدىكى مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىسىدا تەلىم-تەربىيە سوبىكتى-(مەقسىدى) ۋە ئوبىكتى( ئازسانلىق مىللەت ئەزالىرى) ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەمما تەلىم-تەربىيە ۋاستىسى (تەلىم ، تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى) دىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئامىل نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. مىللىي مائارىپنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپىدىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تەلىم-تەربىيە ئوبىكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا، مىللىي مائارىپ ئاساسلىق ھەرخىل ئازسانلىق مىللەت ئەزالىرىنى تەربىيلەيدۇ. تەلىم-تەربىيە ئوبىكتىنىڭ بۇنداق ئوخشاش بولماسلىقى، تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىدىمۇ ئۆزگىچىلىكنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئۆزگىچىلىك مىللىي مائارىپنى باشقا مائارىپتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر مۇھىم ئامىل. شۇنداقلا بىر ئاساسىي بەلگە. شۇڭا، مىللىي مائارىپ مانا بۇ خىل بەلگىنى دائىم ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك.

## 4.جۇڭگو مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشى

www.kitaphumar.com

«ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مائارىپى بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق مائارىپ مىللىي مائارىپتۇر» [18]. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مىللىي مائارىپ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپلا پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەت ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن، جەزمەن ئۆز مىللەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىنى يەنى تىل-ھەرىكىتى، ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەكلى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراقلىشىش ۋە ھەرخىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يەتكۈزىدۇ ۋە تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. مەيلى قانداق ماكان ۋە زاماندا بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق تەربىيىگە ھامان مىللەت تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. تار دائىرىدىكى مائارىپ ئوقۇمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مىللىي مائارىپ-بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى يەتكۈزىدىغان مەكتەپ ياكى مەدرىسلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان دېيىش مۇمكىن. ئەمما مىللىي مائارىپنىڭ پەيدا بولۇشى، مىللىي مائارىپ ئوقۇمىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مىللىي مائارىپ ئوقۇمىنىڭ پەيدا بولۇشى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تارىخى جەريانىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئىلگىرى كېيىنلىككە، مەنا ۋە ماھىيەت جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

يۇقارقى بايانلاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ مىللىي مائارىپ ئوقۇمىمۇ بىر قاتار ئىجتىمائىي تارىخى جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ تەدرىجى شەكىللىنىشكە باشلىغان. «جۇڭگو تارىخىدىكى سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسىدە مىللىي مائارىپ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما ئېنىق بولغان ئازسانلىق مىللەت  مائارىپ ئوقۇمى تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ ئوقۇمىنىڭ شەكىللىنىشى، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا «مىللەت» سۆزى مەملىكىتىمىزگە كىرىپ، كىشىلەردە مىللىي مەسىلىگە نىسبەتەن ئىلمىي تونۇش بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى ئىش ئىدى»[19]. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ  ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى» دېگەن بۇ ئىلمىي ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ تارىخىدىن يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى»[20]. 1931-يىلى جۇڭخۇا بولشۋىكلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى تۈزگەن:«جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار لاھىيىسى» دە، «دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىلەتلەر ئۈچۈن پۈتۈنلەي مىللىي تىل يېزىقنى ئىشلىتىدىغان مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش زۆرۈر»[21]دەپ كۆرسىتىلگەن. 1938-يىلى 10-ئايدا، ماۋزېدۇڭ پارتىيىنىڭ 6-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتىدىمۇ «ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

www.kitaphumar.com

مەدەنىيتى، دىنىي ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى خەنزۇ تىل يېزىقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىماسلىق كېرەك، بەلكى ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تىل يېزىقنى ئىشلىتىدىغان مەدەنىيەت مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك»[22]دەپ كۆرسەتكەنىدى. 1950-يىلى جۇئىنلەي مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ يىغىنىدا، «بىزنىڭ مائارىپىمىز بولسا مىللىيچە، مىللىي ئۇسلۇبتا بولىشى كېرەك. ئومۇمىي ھەقىقەت شۇكى، ھەرقايسى مىللەتلەر ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان، ئەمما ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ئىپادە شەكلى بولىشى كېرەك. مەملىكىتىمىز كۆپ مىلەتلىك دۆلەت. ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىغا دىققەت قىلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئۆز-ئارا بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىدىغان بولۇشى كېرەك»[23]دېگەنىدى. 1951-يىلى 11-ئايدا مائارىپ مىنىستىرى ماشۇلۈن بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ يىغىنىدىكى دوكلاتىدا، ئېنىق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئۇقۇمى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ ئومۇمىي فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى يېڭى دېموكراتىزملىق مەزمۇندا بولىشى ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرلىشىگە ئۇيغۇن بولغان مىللىي ئۇسلۇبىنى قوللىنىشى كېرەك»[24] دەپ كۆرسەتتى. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تارىخىي جەريانلار مابەينىدە، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى جۇڭگودا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شۇندىن باشلاپ، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئىدى.

يۇقارقى بايانلاردىن بىز مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنىڭ جۇڭگودىكى شەكىللىنىشى جەريانىنى بىلىۋېلىش بىلەن بىرگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئوقۇمىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولىنى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا بولغان ئاساسىي تونىشى ۋە تەشەببۇسىنى كۆرۈۋالالايمىز. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشەببۇس قىلغان مىللىي مائارىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرىدىغان، مىللىي ئىزىش ۋە كەمسىتىشكە قارشى تۇرىدىغان ، مىللىيچە، ئىلمىي، ئاممىباب مائارىپتۇر. ئۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى، دىنىي ئېتىقادىي، ئۆرپ-ئادىتى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان مائارىپ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى قوللىنىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى، مەيلى ئۇقۇم جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئەھمىيىتى جەھەتتىن بولسۇن ئىلگىرىكى چىگرا مائارىپىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا نۆۋەتتە چەتئەللەر تەشەببۇس قىلىۋاتقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت مائارىپى، قوش تىل مائارىپى قاتارلىقلاردىنمۇ پەرقلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپى دۆلەت مائارىپ سېستىمىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى.

www.kitaphumar.com

مىللىي مائارىپ ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بىلەن بىردەك، ئۇ مىللىي ئىقتىساد ، مىللىي مەدەنىيەت قاتارلىق ئۇقۇملار بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ، مەملىكىتىمىز مىللىي خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى»[25]. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، جۇڭگو مىللىي مائارىپى ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى جۇڭگو مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا بىرىلىدىغان ئېنىقلىمىنىڭ خاراكتېر يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بەرگەن. شۇڭا، مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى جۇڭگو مىللىي مائارىپىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، ئىلمىي، ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، توغرا، ئېنىقلىما بولۇش كېرەك.

## 5.ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى

مىللىي مائارىپنى ئۇنىڭ ئومومىي خەلق مائارىپىدىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولغان، تەلىم-تەربىيە ئوبيېكتىنى ئاساس قىلىپ تۈرگە بولىدىغان بولساق، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مائارىپ 56 خىل يەككە مىللەت مائارىپىغا بۆلىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپمۇ ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىي بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مائارىپتۇر.

ئۇيغۇر مىللىي مائارىپنى قىسقارتىپ، ئۇيغۇر مائارىپى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر مائارىپى-مىللىي مائارىپنىڭ شەكىللىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىشى بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇيەردە دېيىلىۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپى كەڭ مەنىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىدۇر. بۇ خىل مائارىپ مەكتەپلەر مائارىپى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى قاتارلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى بارلىق تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلەر مائارىپى بولسا تارىختا ئۇيغۇرلار يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. ئۇيغۇر مائارىپ تەتقىقاتچىسى ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۇچىرىكلار» ناملىق ئەسىرىدە « مىلادى 5-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئېلىپبەلىك يېزىقى يىنسەي (رونىك) ئېلىپبەسى ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۇرخۇن ئېلىپبەسى ئىشلىتىلگەن» [26]دەپ يازىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادى 5-ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغان. مائارىپ تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئېلىپبەلىك يېزىق ئىشلىتىشنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلاردا ئاشۇ دەۋرلەردىلا خېلى مۇكەممەل مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن

www.kitaphumar.com

قارىغاندا، ئۇيغۇر مەكتەپلەر مائارىپى مىلادى 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىش مۇمكىن. ئۇيغۇر مائارىپى ئەنە شۇنداق ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، تارىخى تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تارىخى جەريانلارنى ئۇچۇشلۇق بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاساس بولالىغان. شۇڭا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى قېزىپ چىقىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا تەدبىقلاش ھەم قوللىنىش - ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنى توغرا تەرەققىيات يولىغا باشلاپ، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر.

مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىشتە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى بىردەك مىللەت ۋە مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل جەمئىيەت ھادىسىسىنى ئانالىز قىلىشتىن باشلاش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان، ئىلمىي، ئەتراپلىق ۋە توغرا ئېنىقلىما بېرىشتە، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا جەمئىيەت ھادىسىسى بولغان مائارىپنى ھەرتەرەپلىمە ئانالىز قىلىشتىن باشلاش كېرەك.

مىللەت تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، دەسلەپكى ئۇيغۇر ئىپتىدائىي توپىنىڭ تەدرىجىي ھالدا قانداشلىق جەمەتكە، ئۇرۇقداشلىققا، ئۇرۇق قەبىلىسىگە، قەبىلە ئىتپاقىغا تەرەققىي قىلىشى ھەم مۇشۇ ئاساستا، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ دەسلەپكى« تەبئىي شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدىسى» بولغان ئىپتىدائىي ئۇيغۇر مىللىتى(گەرچە ئۇيغۇر مىللىتى ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ) ـ ئىنسانلار تارىخىدىن ئىلگىرىكى ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ۋە ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ھەم ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرلىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئۇيغۇر مىللىتى تەدرىجىي ھالدا قەدىمقى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئۆزگەرگەن دەپ قاراش مۇمكىن. «مىللەت بىر تارىخى كاتىگورىيە»[27]. مەيلى ئىپتىدائىي ئۇيغۇر مىللىتى، قەدىمقى ئۇيغۇر مىللىتى ياكى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەربىر تارىخى باسقۇچتا ئوخشاش بولمىغان مەناغا ئىگە. ستالىننىڭ مىللەت ئۇقۇمىغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا شەكىللەنگەن بىر ئورتاق تىل، ئورتاق تېرىتورىيە،ئورتاق ئىقتىساددىي تۇرمۇش ھەم ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ئورتاق پىسخىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئورتاق گەۋدە دەپ قاراش مۇمكىن.

مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىشى بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

www.kitaphumar.com

ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئوموملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. مەدەنىيەت جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ، يەنى يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلەشمە جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى قويۇق يايلاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە»[28]. ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتي ئوۋچىلىق مەدەنىيەت تىپى، پادىچىلىق مەدەنىيەت تىپى، بوستانلىق-تېرىم مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان ئۆزگىچە ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدۇر. دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ھەم ئادەتلىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختىن بويان، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزىم ۋە توتېمىزىم قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارغا ۋە شامان دىنىي، ئاتەشپەرەسلىك دىنىي، نىستۇرىيان دىنى، مانى دىنىي، بۇددا دىنىي، ئىسلام دىنىي قاتارلىق بىر قەدەر سىستېمىلاشقان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار ھەر بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە،شۇ دىنىنىڭ ئەقىدە-قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىدىيىۋىي سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇ دىنىنىڭ ھەر خىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن بىللە دۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىدە، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشتەك ھالەت شەكىللەنگەن.

تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆز ئانا تىلى بىلەن بىرلىكتە كۆپ خىل تىللارنى بىرلىكتە ئىشلەتكەن ۋە ئۆز ئانا تىلىنى كۆپ خىل يېزىقلاردا ئىپادىلەپ قوللانغان. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، « ئۇيغۇرلار مىلادى 5-ئەسىردىن باشلاپ ئورخۇن-يېنسەي(تۈرۈك-رونىك) يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا يارىتىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە تۇخار يېزىقى(كۇچا يېزىقى) ۋە خوتەن يېزىقىنىمۇ قوللانغان»[29].ئۇيغۇرلار غەربىكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە ھىندى يېزىقىنىمۇ قوللانغان، ئەرەب ئىسلام ئىستىلاسىدىن كېيىن بولسا ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى بىرلىكتە قوللانغان. تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە، «ئۇزاق كومراجىۋا دەۋرىگە كەتمىسەكمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مائارىپىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇ چاغلاردا

www.kitaphumar.com

گەرچە ‹قوش تىللىق مائارىپ› دەيدىغان تېرمىن مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتىكى ئىلىم-ئېرپان ھاياتىدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇئەييەن سالمىقىنى ئىگەللەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز»[30]. دېمەك، ئۇيغۇرلار تىل ئىشلىتىش جەھەتتە كۆپ تىللىق بۇلۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. يۇقارقىلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى- كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەتتۇر.

‹مائارىپ›تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ گەرچە ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان پەنلەرنىڭ مائارىپ ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىسى ئوخشاش ئەمەس. مائارىپشۇناسلارنىڭ قارىشىچە:«① مائارىپ ئەبەدىيلىككە ئىگە. چۈنكى تەلىم-تەربىيە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئەمگىكىنى باشلىنىش مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى، ئىنسانلار جەمىيىتىدە باشتىن-ئاخىر مەۋجۇت بولىدىغان، ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك كاتېگورىيىسى. ② مائارىپ تارىخىيلىققا ئىگە. بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە سىياسى، ئىقتىساددىي ئەھۋالىنىڭ ئىنكاسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئەكس رول ئوينايدۇ» [31]. « ‹مائارىپ› ئاتالغۇسى لاتىنچەeducare سۆزىدىن كەلگەن مەنىسى ‹باشلاپ چىقماق› بولۇپ، يىتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ياش ئەۋلادلارنى جىسمانىي ۋە پىسخىك جەھەتتىن تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش دىگەن مەنىدە»[32]. شۇڭا مائارىپشۇناسلار ئادەتتە، مائارىپ بولسا بىرخىل ئادەم تەربىيلەيدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت دەپ قاراپ، بۇنىڭغا ئاساسەن مائارىپ ئۇقۇمىنى كەڭ ۋە تار مەنىلەرگە بۆلىدۇ. «كەڭ مەنىدىكى مائارىپ-ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، جىسمانىي- پىسخىك ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋىي ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق پائالىيەتلەر، يەنى جەمئىيەت تەربىيىسى، مەكتەپلەر مائارىپى ۋە ئائىلە تەربىيىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى مائارىپ بولسا مەخسۇس مەكتەپلەر مائارىپىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تەربىيلىگۈچىلەر بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي- پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تەربىيلەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ بارىدىغان بىرخىل مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا بىلىم- تېخنىكا يەتكۈزىدىغان، ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرىدىغان، ئەقلىي قابىلىيەت ۋە جىسمانىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانپائالىيەت. ئۇنىڭ مەقسىدىتەربىيلەنگۈچىلەرنى بەلگىلىك جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان كىشلەردىن قىلىپ يىتىشتۇرۈشتىن ئىبارەت»[33].

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، «مائارىپ-ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت يەتكۈزۈش شەكلى بۇلۇپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىك جەمىيىتىدە، مەكتەپلەر

www.kitaphumar.com

مائارىپى ئىنسانلار مەدەنىيەتنى يەتكۈزىدىغان ئاساسى يولدۇر»[34]. شۇڭا ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى مەكتەپلەر مائارىپىنى ئاساسلىق تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەت يەتكۈزۈشنىڭ باشقا يوللىرى بولغان ھەرخىل شەكىلدىكى ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى قاتارلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ: « ھەربىر جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت يەتكۈزۈش مەزمونى ۋە ئۇسۇلى بولىدۇ. مەدەنىيەت يەتكۈزۈش- مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى مىللەت توپىنىڭ ھەركىتى، شۇنداقلا بۇ جەمئىيەت ياكى مىللەت يەككىلىكىنىڭ ھەركىتى. مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى مۇشۇ خىل توپ ياكى يەككىلىكنىڭ ھەركىتى ئارقىلىقلا ئەجداد ۋە ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا يەتكۈزۈشكە ئېرىشەلەيدۇ»[35]. شۇڭا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە« مەدەنىيەت يەتكۈزۈش- ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر مەدەنىيەت جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر تەلىم-تەربىيە جەريانىدۇر»[36].

مائارىپ ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، « مائارىپ- بىرخىل مەدەنىيەت سىڭدۈرۈش جەريانىدۇر»[37]. مەدەنىيەت سىڭدۈرۈش دىگەن بۇ ئۇقۇمنى ئەڭ دەسلەپتە ئامرىكىلىق ئىنسانشۇناس خېرسكوۋىتس( M .J .Herskovits ) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەدەنىيەت سىڭدۈرۈش ئۇقۇمىنىڭ يادروسى- ئادەم ھەم ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش ۋە يەتكۈزۈش فونكسىيىسىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، « مەدەنىيەت ئادەملەر تەرىپىدىن يارىتىلغان، مەدەنىيەت بىر ئېرق ياكى مىللەتنى باشقا ئېرق ياكى مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسى بەلگە. ئىنسانلار ئىككى خىل يەتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. بىر خىلى فىزولوگىيىلىك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى، يەنى ئىنسانلارنىڭ فىزولوگىيىلىك كۆپىيىشى. يەنە بىر خىلى بولسا ھايۋانلار بىلەن ئوخشىمايدىغان ھەم ئۆزگىچە بولغان، مەدەنىيەت ئۆگىنىش ۋە يەتكۈزۈش، شۇنداقلا مەدەنىيەت سىڭدۈرۈشتۇر. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسى يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەلىم-تەربىيىسىدۇر»[38].

مائارىپ جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، «مائارىپ -ئادەم تەربىيلەيدىغان بىرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. ھەرقانداق بىر تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى بىرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ، تەلىم-تەربىيە ساھەسىدىكى بارلىق ھادىسە ياكى جەريانلارنىڭ ئاساسى ئامىللىرى ياكى ‹ھۆجەيرىلىرى›نىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ ئاساسى ئامىللىرىدۇر»[39]. جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، « ئادەم بىلەن ھايۋانلارنىڭ پەرقى-ئادەم ئىككى قېتىم تۇغۇلىدۇ، بىرىنچى قېتىملىق تۇغۇلۇش بولسا ئادەمنىڭ تەبئىي تۇغۇلۇشى بولۇپ، تەبئىي ئادەم دىيىلىدۇ.ئىككىنچى قېتىملىق تۇغۇلۇش بولساـئادەم ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىنىشىدۇر، بۇچاغدا ئادەم ئىجتىمائىي ئادەم دىيىلىدۇ»[40].

فىرانسىيىلىك ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناس ئالىم ئېمىل دۇركھېم( Emile Durkheim， 1858—

www.kitaphumar.com

1917ــ ) «ئەخلاق تەربىيىسى» ناملىق كىتابىدا مائارىپقا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن.« مائارىپ- ياشانغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە تېخى تولۇق تەييارلىقى بولمىغان يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىشىدۇر. مائارىپنىڭ مەقسىدى-باللاردا بەلگىلىك مىقداردا جىسمانىي قابىلىيەت، ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەخلاقى ھالىتىنى ئۆيغۇتۇپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل سىياسىي جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ھەم باللار كەلگۈسىدە تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇھىتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش»[41]. ئۇ يۇقارقى ئېنىقلىمىدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى يەكۈنلەپ چىققان:« مائارىپ-ياش بىر ئەۋلادنىڭ سىستېمىلىق ھالدا ئىجتىمائىيلىششى جەريانىدۇر »[42]. ئۇيەنە « مائارىپ تۈزۈمىنىڭ فونكسىيىسى- سىستېمىلىق ، نىشانلىق ھالدا ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىششىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىيلىششىنىڭ شەكلى ئاساسلىقى بەلگىلىك جەمئىيەتكى مەدەنىيەت فورمىسى ھەم ئىجتىمائىي قىممەت سىستېمىسىنىڭ يەككىلىكنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىدە ئىچكى رول پەيدا قىلىپ، يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىششىنى يېتىلدۈرۈش»[43] دەپ قارايدۇ.

مائارىپ مەدەنىيەتشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، « مائارىپ-بىر خىل ‹مەدەنىيەت پائالىيىتى›، يەنى ‹ مەدەنىيەت جەريانى › بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا پەيدا بولغان ھەم تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. مائارىپنىڭ ماھىيىتى- مەدەنىيەت يەتكۈزۈش بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ باشقا ئاتىلىشى»[44]. مائارىپ مەدەنىيەتشۇناسلىرى مائارىپ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ. «①مائارىپ مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، يەنى مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇچىسى ۋە يەتكۈزگۈچىسى. ②مائارىپ مەدەنىيەت يەتكۈزۈش جەريانىدا مەدەنىيەتكە نىسبەتەن تاللاش ۋە تەشكىللەش ئېلىپ بارىدۇ. ③مائارىپ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ④مائارىپ-ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرلىتىش، ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى، يەنى مەدەنىيەنى كونترول قىلىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال. ⑤مەدەنىيەتنىڭ زىددىيىتى ، كىرزىسى مائارىپ ئىسلاھاتى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ»[45].

مائارىپ توغرىسىدىكى يۇقارقى چۈشەنچىلەردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن.

بىرىنچى، مائارىپ ئەبەدىيلىككە ۋە تارىخىيلىققا ئىگە بولغان، ئادەم تەربىيلەيدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت.

ئىككىنچى، مائارىپ-يەككىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىششىدىكى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى يەتكۈزۈشتىكى بىردىنبىر يول ۋە ۋاستە.

ئۈچىنچى، مائارىپ-مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەدەنىيەت بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان ھەم مەدەنىيەت بىلەن بىرگە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

www.kitaphumar.com

تۆتىنچى، مائارىپ-بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر مائارىپ بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ مائارىپى، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت بەلگىلىك مىللەتنىڭ مەدەنىيەتى. شۇڭلاشقا ھەرقانداق بىر مائارىپ بەلگىلىك بىر مىللەتنىڭ مائارىپىدۇر. يۇقارقى مائارىپ توغرىسىدىكى يەكۈن بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىگە بەرگەن تەبىرنىۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئۇيغۇر مائارىپى-ئەبەدىيلىككە ۋە تارىخىلىققا ئىگە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەزالىرىنى تەربىيەلەيدىغان بىرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەت.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مائارىپى-ئۇيغۇر مىللىتى ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىششىدىكى ھەم كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەتكۈزۈشتىكى بىردىنبىر يول ۋە ۋاستە.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر مائارىپى-كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن ھەم بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر مائارىپى-كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ ئاساستا ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مائارىپى-تارىختا شەكىللەنگەن ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەزالىرىغا ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى (مەزمۇنى، ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلى) بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە، كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە لايىقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيەلەيدىغان بىرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەت.

بۇ ئېنىقلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماھىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ ئېنىقلىما ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئەنئەنىۋى مائارىپ ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ دەپ قاراش مۇمكىن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى رايون ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەت

www.kitaphumar.com

ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مائارىپ ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن تازا ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى رايون ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا خەلق جەمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ رايوندا ، ئۇيغۇر مىللىتىدىن باشقا يەنە 12 مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياشايدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ مىللەتلەر جايلىشىش جەھەتتە، ئۆز ـ ئارا گىرەلىشىپ، ئارلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتى ياشاۋاتقان بۇ رايون كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ھەرقايسى جەھەتتە قويۇق ئالاقە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇخىل مۇناسىۋەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

جەمئىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى جۇڭگو جەمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئوخشاشلا بىر خىل زامانىۋىلىشىش باسقۇچىدا، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرماقتا. ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەتلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، ئەنئەنىۋىلىك ھازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئىستىخىسىز ھالدا زامانىۋىلىققا يۈزلەنمەكتە. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇخىل زامانىۋىلىشىش ھادىسىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، بىر خىل زامانىۋىلىشىش باسقۇچىغا سۆرەپ كىردى.

مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى زامانىۋىلىشىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتتە، ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم زامانىۋىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئىلگىرىكى ئەنەنىۋىي كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ھازىرقى زامانىۋىي كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە. مەدەنىيەتتىكى بۇخىل يۈزلىنىش، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىدا غايەت زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلقى زامانىۋىلىشىش جەريانىدا، ئىقتىساددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، جەمئىيەتتىكى ئاممىۋىي تەشۋىقات ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەنەنىۋىي تۇرمۇش ئۇسۇلى زامانىۋىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا، بىكىنمە قىممەت قاراش سىستېمىسى يېڭىچە، زامانىۋىي قىممەت قاراش سىستېمىسىغا ئۆزگەرمەكتە. تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قاراش سىستېمىسىدىكى بۇخىل ئۆزگىرىش، ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلارغا، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا، جەمئىيەتتە

www.kitaphumar.com

پۈتكۈل ئجتمائىي تۈپنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ مەزمۇنىغا يېڭىچە تۈس قوشماقتا.

مائارىپ ئەمەلىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئاز بولمىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يېڭى ئەسىردىكى ئىلىم-پەن، تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئىلىم-پەننىڭ بىرخىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئابستىراكتلىقتىن كونكرېتلىققا، ئاممىبابلىقتىن كەسپىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى ۋە دۇنيادىكى ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن ئىشلىرى ياراملىق ئىقتىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا مۇھتاج بولىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، دۆلەت مائارىپ ساھەسىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل ئىسلاھاتلارنىڭ تەسىرىدە ،ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىمۇ ئۆزىنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى ۋە ۋاستىلىرى، مائارىپ مەقسىدى ۋە نىشانى جەھەتتە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرگە ئېرىشتى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋىي مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئورنىنى زامانىۋىي مائارىپ ئىدىيىسى ئالدى. كونا، بىرلا خىل، تۇراقلىق تەلىم-تەربىيە مەزمۇنىنىڭ ئورنىنى يېڭى، زامانىۋىي، كۆپ خىل ئۆزگىرىشچان تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى ئالدى. ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋىي تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئورنىنى يېڭى، زامانىۋىي تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرى ئالدى. مائارىپ مەقسىدى ۋە نىشانى ئىلگىرىكى تار دائىرىدىكى مىللىيلىقتىن ھازىرقى كەڭ دائىرىدىكى دۇنياۋىيلىققا قاراپ ئۆزگەردى. بۇخىل ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنى ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋىي مىللىي مائارىپتىن ھازىرقى زامانىۋىي مىللىي مائارىپقا قاراپ يۈزلەندۈردى.

يۇقارقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى بىر خىل ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرماقتا. مائارىپ بىر خىل جەمئىيەت ھادىسىسى ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلما ۋە مەزمۇنىدىمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىش بولماقتا. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا يېڭىچە ئېنىقلىما بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى. يۇقىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جەمئىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مائارىپ توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىغا تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمىنى مائارىپشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، كەڭ مەنىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ۋە تار مەنىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەزەلىرىگە نىسبەتەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىنى (سىڭدۈرۈش) يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى (ھازىرقى زامان)

www.kitaphumar.com

زامانىۋىي پەن ـتېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ، بىر تەرەپتىن ھازىرقى ئاساسىي ئېقىم(جۇڭگو) جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان ئاڭغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدىغان تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل تەلىم-تەربىيە ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپلەر مائارىپى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى قاتارلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بارلىق تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى-ئاساسلىق ئۇيغۇر مەكتەپلەر مائارىپىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن، ئەنئەنىۋىي تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرى بىلەن زامانىۋىي تەلىم-تەربىيە ۋاستىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت تەربىيىسى ئاساسىدا، زامانىۋىي ئىلىم-پەن، تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئاساسىي ئېقىم (جۇڭگو) جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشىدىغان ئىز باسارلاردىن قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدىغان تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مائارىپ ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، «① مائارىپ بەلگىلىك بىر مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، دۇنيادا بارلىق مەدەنىيەتكە ماس كېلىدىغان مائارىپ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق بىر مائارىپ ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ② ئادەم باشتىن ئاخىر مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى ئەمەس. شۇڭا دۇنيادا ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان مائارىپ يوق، بەلكى پەقەت ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىكى ئادەملەرنى تەربىيىلەيدىغان مائارىپ بار. ③ مائارىپ جەزمەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، ئىسلاھ قىلىنىدۇ ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدۇ»[46].بۇنىڭدىن كۆرىشكە بولىدۇكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ياكى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مائارىپى بولىدۇ. بۇ خىل مائارىپنىڭ تەلىم-تەربىيە ئوبيېكتى، مەزمۇنى، ۋاستىسى ۋە مەقسىدى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە بولىدۇ ھەم ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىمۇ ئۆزىنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا ھەقلىق. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئوقۇمىغا بېرىلگەن يۇقارقى ئېنىقلىما، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ دەپ قاراش مۇمكىن. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى بۇ نەزىرىيىۋىي ئاساسنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىسا ئەجەپ ئەمەس.

www.kitaphumar.com

## 6. خۇلاسە

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر بەس-بەس بىلەن زامانىۋىلىشىش رىقابىتىگە چۈشكەن بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، ھەرقانداق مىللەتنىڭ جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدىغان بىر ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرماقتا. بۇنداق ئۆتكۈنچى دەۋردە ئىپادىلىنىپ چىققان ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى دەۋر خارەكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ھادىسۋى ئالاھىدىلىكىدۇر. مەيلى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇمغا بېرىلگەن ئېنىقلىما بولسۇن ياكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇمغا بېرىلگەن ئېنىقلىما بولسۇن، ھەممىسى دەۋر خارەكتېرىگە ئىگىدۇر. ئۇنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مەنىسىگە شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان ۋە روھىي ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدىكى چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما بۇخىل جەمئىيەت ھادىسىسىنىڭ يەنە ئۆزگەرمەس ئىچكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكمۇ بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ھەرقايسى تارىخى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە مەزمۇندا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ ماقالىدىكى مىللىي مائارىپ ئۇقۇملىرىنىڭ ئېنىقلىمىسىنى ھازىرقى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش بىر قەدەر مۇۋاپىق. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئۇقۇمغا نەزىرىيە جەھەتتىن يۇقارقىدەك ئېنىقلىما بېرىلدى. بۇ ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى توغرىسىدىكى بۇ قاراشلار ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىسە ھۆكۈملىرىمىز توغرا ۋە ئىلمىي بولغان بولىدۇ.

## ئىزاھاتلار:

[1] دىلمۇرات ئۆمەر: «مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە مىللىي مائارىپ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى، 1998-يىل 1-سان.
[2] تېڭ شىڭ، خا جىڭ ۋېي:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومومىي نەزەرىيىسى» (خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 2-بەت

www.kitaphumar.com

[3] گېڭ جىن شېڭ :« مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ۋە مىللىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى، 1991-يىل 2-سان
[4] ۋاڭ تىيې جىڭ:« مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل2-سان، 6-7- بەت
[5] دىلمۇرات ئۆمەر: «مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە مىللىي مائاپ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى، 1998-يىل 1-سان
[6] تېڭ شىڭ، خا جىڭ ۋېي:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزىرىيىسى» (خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 2-بەت
[7] ۋاڭ جاڭ:« دۇنيادىكى مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ نەزىرىيىۋى ئېقىملىرى ئۈستىدە ئومۇمىي بايان»(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1999-يىل 3-سان
[8] ۋاڭ جاڭ:« دۇنيادىكى مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ نەزىرىيىۋى ئېقىملىرى ئۈستىدە ئومۇمىي بايان»(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1999-يىل 3-سان
[9] تېڭ شىڭ، سۇخۇڭ:«كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت جەمىيىتى ۋە كۆپ قىرلىق بىر گەۋدىلەشكەن مائارىپ»(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1997-يىل1-سان، 28-بەت
[10] تېڭ شىڭ، سۇخۇڭ:«كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت جەمىيىتى ۋە كۆپ قىرلىق بىر گەۋدىلەشكەن مائارىپ»(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1997-يىل1-سان، 28-بەت
[11] تېڭ شىڭ، سۇخۇڭ:«كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت جەمىيىتى ۋە كۆپ قىرلىق بىر گەۋدىلەشكەن مائارىپ»(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1997-يىل1-سان، 28-بەت
[12] تېڭ شىڭ:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزىرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 1-بەت
[13] ۋاڭ تىيې جىڭ:« مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل2-سان، 4- بەت
[14] [3] گېڭ جىن شېڭ :« مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى ۋە مىللىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى، 1991-يىل 2-سان
[15] ۋاڭ تىيې جىڭ:« مىللىي مائارىپ ئۇقۇمى توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل2-سان، 6-7- بەت
[16] تېڭ شىڭ، خا جىڭ ۋېي:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزىرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 2-بەت
[17] لىڭ شاۋچۇڭ:«مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئاساسىي قائىدىلىرى»(خەنزۇچە) ،مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004-يىلى 9ئاي

www.kitaphumar.com

[18] دىلمۇرات ئۆمەر:«مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە مىللىي مائارىپ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى، 1998-يىل 1-سان
[19] ۋاڭ تيېي جىژ:« مىللىي مائارىپ ئۆزگىچە توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل،2-سان، 6- بەت
[20] ۋاڭ تيېي جىژ:« مىللىي مائارىپ ئۆزگىچە توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل،2-سان، 6-بەت
[21] ۋاڭ تيېي جىژ:« مىللىي مائارىپ ئۆزگىچە توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل،2-سان، 6-7- بەت
[22] ۋاڭ تيېي جىژ:« مىللىي مائارىپ ئۆزگىچە توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل،2-سان، 7- بە
[23] ۋاڭ تيېي جىژ:« مىللىي مائارىپ ئۆزگىچە توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل،2-سان، 7- بەت
[24] جۇڭگو مائارىپ تور بېتى(خەنزۇچە)، http://www.edu.cn.com
[25] ۋاڭ تيېي جىژ:« مىللىي مائارىپ ئۆزگىچە توغرىسىدا مۇلاھىزە »(خەنزۇچە)، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى ، 1996-يىل،2-سان، 6-7- بەت
[26] ئابدۇللا تالىپ :« ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل، 18-بەت
[27] لىن ياۋ خۋا:« مىللەتشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى »(خەنزۇچە)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998-يىل
[28] ئارسلان:«شىنجاڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى »(خەنزۇچە)، 2004-يىل، 16-بەت
[29] ھاجى نۇرھاجى : «قارا خانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »(ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل، 1-بەت
[30] ئابدۇروپ پولات تەكلىمانى: « مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىندىن مەئارىفۇل لۇغەتەيىنگىچە» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژورنىلى، 2002-يىل6-سان، 18-بەت
[31] تېلڭ شىڭ:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 4-بەت
[32] تېلڭ شىڭ:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 4-بەت
[33] تېلڭ شىڭ:« مىللىي مائارىپشۇناسلىق ئومۇمىي نەزەرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 5-بەت

www.kitaphumar.com

[34]تېلك شلك:« مللىي مائارىپشۇناسلىق ئومومىي نەزىرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 2-بەت

[35] تېلك شلك:« مللىي مائارىپشۇناسلىق ئومومىي نەزىرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 2-بەت

[36] تېلك شلك:« مللىي مائارىپشۇناسلىق ئومومىي نەزىرىيىسى»(خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 2-بەت

[37] فىلك زىلك جۇن: «مائارىپ ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2000-يىل 200 بەت.

[38] فىلك زىلك جۇن: «مائارىپ ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)،جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2000-يىل 200 بەت.

[39] شىيىي ۋېي :« مائارىپ پائالىيىتىدىكى جەمئىيەتشۇناسلىق ئانالىزى» (خەنزۇچە) مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2000-يىل، 6-بەت

[40]تېلك شلك، خا جىلك شىيۇك:« مللىي مائارىپشۇناسلىق ئومومىي نەزىرىيىسى» (خەنزۇچە)، مائارىپ ئىلمىي نەشرىياتى، 2001-يىل، 5-بەت

[41]ئېمىل دۇركھېم: «ئەخلاق تەربىيىسى»(خەنزۇچە) شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 309-بەت.

[42]ئېمىل دۇركھېم: «ئەخلاق تەربىيىسى»(خەنزۇچە) شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 309-بەت.

[43] ئېمىل دۇركھېم: «ئەخلاق تەربىيىسى»(خەنزۇچە) شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 309-بەت.

[44] جېلك جىن جوۋ:«مائارىپ مەدەنىيەتشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، خەلق مائارىپ نەشرىياتى، 2003-يىل، 57-58-بەتلەر.

[45] جېلك جىن جوۋ:«مائارىپ مەدەنىيەتشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، خەلق مائارىپ نەشرىياتى، 2003-يىل، 59-60-62-64-65- بەتلەر.

[46] فىلك زىلك جۇن: «مائارىپ ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2000-يىل، 164- بەت.

www.kitaphumar.com

# كارىز بويىدىكى تاكىراڭخانىلار

ئادىل غاپپار كارىزى

**ئىلاۋە**: بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى تۇلۇقسىز ئارگىنالى «مىسرانىم» تورىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان تورداشلار ئەسەر تىلىنىڭ تۈز ۋە قوپاللىقى ھەم ئەسەرنىڭ سەلبى تەسىرى ھەققىدە تەنقىد-پىكىرلەرنى بېرىپ، بەزى مەزمونلارنى گەپ ئەگىتىپ يېزىشنى تەۋسىيە قىلدى. يەنە بەزى يۇرتداشلار ۋە يازغۇچى ئۇستازلار «يۇرتنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان» بۇنداق ماقالىنى يازماسلىق ھەم ئېلان قىلماسلىق ھەققىدە تەنقىد-تەربىيە بەردى.

مېنىڭچە، بۇ خىل جىنسى بۇزۇقچىلىقلار ۋە ناشايان قىلمىشلار يۇرتىمىدىكى ئىللەت ، مىللىتىمىزدىكى ئاپەت، خەلقىمىزدىكى يامان سۆپەتلىك ئۆسمە. بىزدە «كېسەلنى يۇشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە» دېگەن ماقال بار. بۇ يامان سۆپەتلىك ئۆسمىنى چوقۇم ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئېلىۋېتىش كېرەك، بولمىسا خەلقنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ.

ئەمما، بۇ ماقالىدىكى مەزمونلار يۇرتداشلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرىشى بىلەن، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خېلى ياخشى ئىجابىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماي، تورپان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ ئەمەلىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانىدى. بىرىنچىدىن، تور ئەھلى ئارىسىدا «تاكىراڭخانا» ۋە «تاكىراڭ» ئۇقۇمى كەڭ ئوموملىشىپ، ھەممە چۈشىنىدىغان، مۇناسىۋەتلىك ئىجادى ئەسەرلەردە ۋە مۇلاھىزە-مۇنازىرىلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان ھالەت شەكىللەندى. «توختۇر» دېگەن ئېلان قىلغان «دۇڭگۇەندىكى پاكىزلەشتىن ئويلىغانلىرىم» ([url]http://bbs.izdinix.com/thread-57171-1-1.html]) ناملىق تېمىسى ۋە يېزىلغان ئىنكاسلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئىككىنچىدىن، ماقالە تورپان رايونىدىكى قېرىنداشلار ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا ۋە مۇنازىرە قوزغاپ، تاكىراڭخانىلاردىن يىرگىنىدىغان، تاكىراڭلارنى رەت قىلىدىغان ۋە چەكلەيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بۇ ئەسەرنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ئىجابىي تەسىرىنىڭ زور بولغانلىق سەۋەبىدىن، ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى، مەزكور مۇنبەردە( 2013-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى) ئېلان قىلغان «بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئاپەتلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىنىڭ «جىنسى بۇزۇقچىلىق ۋە ئەيدىز» ھەققىدىكى مەزمونىنىڭ دەۋامى سۈپىتىدە، «ئىزدىنىش» تورىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھوزورىغا سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. ماقالىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن تورداشلارنىڭ تەنقىدى-پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.kitaphumar.com

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنىڭ نەشر قىلىش ھوقۇقى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا تەۋە. ھەر قانداق شەخسنىڭ ئاپتورنىڭ روخسىتىسىز بۇ ماقالىنى باشقا توربەتلەرگە كۆچۈرۈپ چاپلاشقا ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئەقلى مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## 1.باشلانما

بىرىنچى، بۇ تېمىنى تاللاشنىڭ سەۋەبى. ئەيدىزگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، 2012-يىلى 11-ئايغىچە، شىنجاڭدىكى يۇقۇملانغۇچىلار سانى 40285 كە يەتكەنىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار %80.2نى، خەنزۇلار %7.2نى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر قالغان قىسمىنى ئىگەللەيدىكەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ۋە ستاتىيستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئەيدىزنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تومۇردىن زەھەر چېكىش ئارقىلىق ئاساسلىق يۇقۇش يولى نۆۋەتتە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يۇقۇشقا ئۆزگەرگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 20 ياشتىن 39 ياشقىچە بولغان ئەر-ئاياللار بولۇپ، يۇقۇش نىسبىتى ئۆرلەش ئىدى، شۇنداقلا ئاساسلىق جىسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقۇملانغانلىقى بايقالغانىدى. يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى ۋە رايونلاردىكى تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن رەتكە تىزغاندا، ئاقسۇ (كۇچار ۋە باشقا ناھىيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) رايونى بىرىنچى ئورۇندا، تۇرپان(پىچان ۋە توقسۇن) رايونى ئىككىنچى ئورۇندا، ئۈرۈمچى ئۈچىنچى ئورۇندا، ئىلى رايونى تۆتىنچى ئورۇندا، قەشقەر بەشىنچى ئورۇندا، خوتەن ئالتىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

يۇقارقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئەمەدىكى ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار نۇقۇل ھالدىكى زەھەر چېكىشتىن يۇقۇملانغان بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتتە ئىمان-ئىنسابنىڭ يوقلىقى، ئەخلاقى بۇزۇلۇشنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ يىمىرلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنسى بۇزۇقچىلىق سەۋەبىدىن يۇقۇملانماقتا ئىدى. جىنسى بۇزۇقچىلىقلار شەھەرلەردىن يېزىلارغا كۆچىۋاتىدۇ. غەيرى دېھقان ئەھلىدىن ئۇيغۇرنىڭ يىلتىزى بولغان دېھقانلارغا كۆچىۋاتىدۇ. چوڭلاردىن ياشلارغا ھەم كىچىكلەرگە كۆچىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ پاكىزە جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇيىمىزغا مۇخالىپ بىر ھادىسە. شۇڭا، بۇنداق ھادىسىلەرنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش تولىمۇ زۆرۈر بوپ قالدى. شۇڭا، مەزكۇر تېما ئۈستىدە جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كەلدى.

www.kitaphumar.com

1-ھېكايە: 2009-يىلى 7-8-ئايلاردا، مەن تورپانغان بېرىپ ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرگە ھەمكارلىشىپ ئۈزۈم سودىسى قىلدىم. مەن مەھەللىدىكى 20 نەچچە ياش بالا(چوڭى 36 ياش، كىچىكى 17 ياش)غا كۈنىگە 100 يۈەندىن پۇل بېرىپ ساندۇققا ئۈزۈم قاچىلاتتىم. كەچتە، ئۇلار مەندىن ئىش ھەققىنى ئالاتتى-دە، ‹ئوينىغىلى بارىمىز› دەپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئەتىسى سەھەردە ۋاقتىدا ئىشقا چىقمايتتى. مەن سۈرۈشتە قىلسام، ئۇلار ئاخشىمى مەندىن پۇلنى ئېلىپلا تاكاراڭخانىغا يۈگۈرىيدىكەن. ئۇ يەرگە بېرىپ، قىزلار بىلەن ھاراق ئىچىشىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىشىپ، كۈندۈزى تاپقان پۇلنى كېچىسى سورىۋېتىپ قايتىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى مەن كەچتە پۇل تارقاتقىچە، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ‹پۇلنى جاپا تارتىپ، ھالال ئىشلەپ تاپقاندىن كېيىن، ئۇنداق ھارام ئىشلارغا سەرپ قىلماي، ئائىلىنى، تۇرمۇشنى قامداشقا ياكى باشقا ئىشقا دەسمايە سېلىشقا ئىشلىتىڭلار، ئىش ھەققىنى ھەر 10 كۈندە ياكى ئايدا بىرلا تارقىتاي› دېدىم. ئارىدىن ياشقا چوڭراق بىرى، ‹بىز كۈنلۈك ئىشلىگەندىن كېيىن، كۈندىكىنى كۈندە ئالىمىز› دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ كۈنىمۇ ئۇلار پۇلنى ئېلىپلا، مەھەللىدىن يوقالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئائىلىسى ۋە بالىسى بار، بەزىلىرى تېخى توي قىلمىغان، ھەتتا توي قىلىش يېشىغىمۇ يەتمىگەنىدى. بۇ ئىشلارنى توسۇپ، توسۇپ بولالمىدۇق. گەرچە، ئۇلارغا نۇرغۇن قېتىم قاتتىق يۇمشاق نەسىھەتلەرنى قىلغان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ‹ھەئە، ماقۇل› دەپ قويۇپلا، ئۇلار يەنە شۇ مەينەتچىلىككە قاراپ يۈگۈرىشەتتى.

ئىككىنچى، بۇ ماقالىنى يېزىشنىڭ سەۋەبى. گەرچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەيدىز ۋە جىنسى مۇناسىۋەت توغرىلىق نۇرغۇنلىغان تەتقىقات تۈرلىرى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تىببىي ساھەدىكى تەتقىقات بولۇپ، كەسپچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى، تىلى ۋە مەزمونى ئاممىباب ئەمەس ئىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بولسا، ناشايان تېمىدىكى سېرىق مەزمونلار دەپ قارىلىپ، خەلقىمىزگە سۇنۇلمىدى. 2005-يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونۋېرستىتىنىڭ پىرافىسسورى دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى ۋە پىرافىسسور سۈي يەنخۇ ئەپەندىلەر تۇنجى قېتىم «جوڭگو-ئاۋستىرالىيە ھەمكارلىقىدىكى شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات» تۈرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىگە نىسبەتەن جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ باھالاش تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلىدى. گەرچە بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە فىلىم قىلىپ ئىشلىنىپ جەمئىيەتكە تارقىتىلغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى دىگەندەك ياخشى بولمىدى. 2005-يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە، تۇرپان ژورنىلىدا تۇرپاندىكى تاكىراڭخانىلار، ناشايان قىلمىشلار ۋە ئەيدىز توغرىلىق بىر قانچە پارچە ھىكايە،

www.kitaphumar.com

ئوبزور ۋە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. دەسلەپتە، بۇ ماقالىلەر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا بىر ئاز ئەجەبلىنىش قوزغىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى.

2008-يىلىلاردىن باشلاپ، بىر قىسىم تور ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى «پاھىشە قىزنىڭ مۇھەببىتى»، «مېنىڭ سۆيگىنىم ئەيدىز»...دىگەندەك بىر قاتار تور ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئېشىپ، تورغا چىققان ۋە مۇنبەرگە كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان تېمىغا ئايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاۋازلىق نۇسخىسى ئېلان قىلىندى. بۇ تورغا چىقىشنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ئادەملەرمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئاۋازلىق ئەسەرلەرگە ئايلاندى. كىشىلەرنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشى ۋە ئاڭلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، بۇ ئەسەرلەر مەتبۇئات چەكلىمىلىكىگە ئۇچرىمىغاچقا، تېما ۋە مەزمون جەھەتتە ناھايىتى ئەركىن بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانلىرى ۋە پېرسۇناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ئىنچىكە ۋە ئۇچۇق يېزىلغاندى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا جىنسىيەت ئەزەلدىن يېپىق تېما بولۇپ كەلگەچكە، بۇ ياشلىرىمىزغا نىسبەتەن تولىمۇ يېڭىلىق ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلدى. ئەمما، بۇ ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا، نۇرغۇن مەقسەت ۋە كۆز قاراشلار ھېسسىيات ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئەگىتىپ دىيىلگەندى. كىشىلەر بۇنىڭدىن زوق ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجابىي تەربىيەمۇ ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئەسەرلەردىكى جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت ئىنچىكە ۋە ئۇچۇق مەزمونلار بىر قىسىم ياشلاردا بىر خىل شەھۋەتپەرەسلىككە قىزىقىش تۇيغۇلىرىنىڭ بىخلىنىشىغا تۈرتكە بولدى ۋە سەلبىي تەسىرنىڭ قۇربانى بوپ كەتتى.

2011-يىلى 4-ئايدا تورپانلىق ياغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇتنىڭ «ئازغان كۆكۈل» ناملىق رومانى نەشىر قىلىندى. بۇ ئەسەردە تورپاننى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، دەۋرىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ خىرۇئىن چېكىشى، «تاكىراڭخانا» دەپ نام بېرىلگەن يۇقۇملۇق كېسەل تارقىتىش ئورۇنلىرى بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى پاھىشىخانىلارغا دۇم چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى، ئاخىرىدا ئازغان كۆكۈللەرنىڭ خار-زارلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا نەپرەت ياغدۇرۇپ، كۆكۈللەرنىڭ ئازماسلىقى ئۈچۈن سىگنال چېلىنغان، چوقان كۆتەرگەن تورپان، تارىم، تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى ئېچىنىشلىق كومېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان ئەيدىز تىراگېدىيەسى تەسۋىرلەنگەندى. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە خېلى ياخشى تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئەمما، بۇ يەنىلا ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا، دىيىلىشكە تېگىشلىك بەزى كۆزقاراش ۋە ئىدىيىلەر يەنىلا بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەر ئىچىگە يوشۇرۇپ كىشىنى ئويلاندۇرۇشقا يېتەكلەيتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ، مەلۇم ئىجابىي تەربىيىلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىتاب ئوقۇمايدىغان ۋە ئوقۇسىمۇ چۈشەنمەيدىغان،

www.kitaphumar.com

ئىجادىي تەپەككۇر قىلمايدىغان كىشىلەر يەنىلا بۇ ئەسەرنىڭ ئىجابىي تەربىيىسىگە نائىل بولالمىدى.

يۇقىرقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئەمدى يۈز-خاتىرە قىلماستىن ھەق گەپنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇدۇل ۋە تۈز دېيدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. بىزدە «ھەقىقىي دوست يىغلىتىپ ئېيتار» دېگەن ماقال-تەمسىل بار. ئەمما تارىختىن بۇيان، تىل گۈزەللىكى ۋە ئەدەبىي زوقنى قوغلىشىپ، ھەقىقىي تارىخلىرىمىزنىمۇ ئەپسانە، شېئىرىي ۋە ھېكايە شەكلىدە يېزىپ كەلدۇق. چەتئەللەردە، ئەپسانە-رىۋايەتلەرمۇ تارىخ سۈپىتىدە، ئارخولوگىيە ئىلمىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىدۇ. بىزدە بولسا، ئەدەبىي ئەسەر ۋە ۋەسىقە سۈپىتىدە، تىل ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز خالاس. دېمەك، بىلمەسلەرنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، بۇ ئەسەرلەر تارىخ دەپ قارالمىدى ياكى تارىخى ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىدى. ئەمدىلىكتە، ئۆز تارىخىنى بىلمەيدىغان ياكى تارىخ توغرىلىق نوپۇزلۇق بىر ئېغىز گەپ قىلالمايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

شۇڭا، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بۇ مەسىلە ۋە تېما ھەققىدە راست ۋە ھەق گەپ قىلىش، راستنى ۋە ھەقىقەتنى گەپنى ئەگىتمەي، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئەڭ ئاممىباب تىل بىلەن دېھقانلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇسىمۇ چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ، تۈز ۋە ئۇدۇل يېزىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشتا، شجاڭ بويىچە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تۇرپان رايونى ئەۋرىشكە سۈپىتىدە ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ تاللاندى. شۇنداقلا، 2000-يىلدىن 2011-يىلغىچە توپلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا، مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ماقالە يېزىشقا كىرىشتىم.

2-ھېكايە: 2000-يىلى 7-ئاينىڭ باشلىرى، مەن ئالىي مەكتەپتىن تەتىل قىلىپ، يۇرتقا باردىم. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، تۇلۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر نەچچە ساۋاقدىشىم بىلەن شەھەر ئىچىدىكى بىر كەچلىك بازادا يىغىلىپ ئىچىملىك ئىچكەچ سالقىنداپ ئولتۇردۇق. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، چاچلىرى بۇدرە، قېنىق گىرىم قىلغان، قىسقا يەڭ كۆڭلەك كەيگەن بىر قىز يېنىمىزدىن ئۆتتى، ئۇ كىيلىشى بىلەن تەڭ بەدىنىدىن قۇيۇق ئەتىرنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ساۋاقداشلاردىن بىرى، «XXتاكاراڭ، دېگەن مۇشۇ شۇ!» دېدى. مەن بۇ گەپنى چۈشەنمەي، «تاكاراڭ دېگەن نىمە گەپ؟» دەپ سورىدىم. بۇنى بىلىدىغان ساۋاقداشلىرىم، ماڭا بەس-بەس بىلەن چۈشەندۈرگىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تاكاراڭ دېگەن گەپ «بۇزۇق، ***، پاھىشە» دېگەن گەپكەن. مەن ئۇلاردىن، «نىمىشقا بۇنداقلارنى ‹بۇزۇق، ***، پاھىشە› دېۋەرمەي، ‹تاكاراڭ› دېيىسلەر؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار ماڭا تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى. «‹تاكاراڭ› دېگەن بۇ گەپنى بىز دەۋالغان

www.kitaphumar.com

گەپ ئەمەس، ھازىر چوڭلار شۇنداق ئاتايدىكەن. ھازىر شىڭزەن(تۇرپاندىكى يېڭى بىكەن)دە ‹XX ئارامگاھ› ۋە ‹XX ئارامگاھ› دەيدىغان ئاشخانىلار ئېچىلىپتۇ. نۇرغۇن ئايرىمخانىلىرى باركەن، ھەممە تاماق چىقىدىكەن، تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچسە بولىدىكەن. مېھمانلار ئايرىمخانىغا كىرىپ بولغۇچە، ئايال خوجايىن مېھمانلاردىن نەچچىسى(قىز) كېرەك؟ دەپ سورايدىكەن. مېھمانلار ئۆيەرگە قىزلارنى دەپلا بارىدىكەن. تاماقلار چىقىپ بولغۇچە قىزلار كىرىپ، ھەر بىر مېھماننىڭ يېنىدىن بىر قىز ئورۇن ئالىدىكەن. تاماقلار چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ھاراق-تاماكىلارنى بويرۇتۇپ، مېھمانلار قىزلار بىلەن بىللە ئىچىشىپ-چېكىشىدىكەن. بىرەر-ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن، قىزلار تارتىنماستىنلا مېھمانلارنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدىكەن. قىزلارنىڭ مەقسىدى مېھمانلار كۆپرەك ھاراق ئىچكۈزۈپ، مەس قىلىپ، بۇ يەردە كۆپرەك پۇل خەقلىتىپ، خوجايىننىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشكەن. مېھمانلارنىڭ مەقسىدى قىزلار بىلەن بىللە ھاراق ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىشكەن. سورۇن ئاخىرلاشقاندا، خوجايىنلار بىلەن باھادا كېلىشىپ، قىزلارنى(بۇزۇقچىلىق قىلغىلى) ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇيەردىكى قىزلار ئۇچتە ھەمراھ قىزلاركەن. شۇڭا كىشىلەر، بۇنداق جايلارنى ‹تاكاراڭخانا› دەيدىكەن. شۇ يەردىكى قىزلارنى ‹تاكاراڭ› دەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ‹تاكاراڭخانا› دېگەن شۇ پاھىشەخانا دېگەن گەپ.»

مەن جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىكى، بۇ خىل قاراڭغۇ-مەينەت ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلالماي، ئۇلارغا، «ۋاي، بۇ ئۇچۇقتىن-ئوچۇق سولامچىلىقكەنغۇ؟!!! ھۆكۈمەت، قانۇن ئورۇنلىرى بۇنى چەكلىمەمدىكەن؟!!!» دەپ سورىسام، ئۇلار ماڭا جاۋابەن مۇنداق دېدى. «ئاڭلىساق، ئۇ يەرگە شۇ XX ئورۇندا ئىشلەيدىغانلار كۆپ بارىدىكەن. بەزى تاكاراڭخانا خوجايىنلىرى بۇ يەرنى قانۇنسىز دەپ تاقىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرگە خوشامەت قىلىپ، دائىم ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ مېھمان قىلىدىكەن. ئەڭ دەسلەپتە تاكاراڭخانا ئاچقان بىر ئايال كىشىكەن، ئىسمى ‹xxخان›كەن، ھازىر چوڭلار ئارىسىدا ‹XX تاكاراڭ› دېسە تونۇمايدىغىنى يوقكەن. ئاڭلىساق، ئۇ ئايالنىڭ ئارقا تىرىكى باركەن، شۇڭا قورقماي يۈرەكلىك ئېچىۋېرىدىكەن. تاكاراڭخانا ئېچىپ تاپقان پۇلغا ھەممىگە بېرىپ كېلىپ، ھازىر ‹xxخان ھاجىم› بولىۋاپتۇدەك. ئۇ خوتۇن باشقىلارغا، ‹مەن نۇرغۇن يول تاپالمىغان، ئاچ-يالىڭاچ قالغان، يېتىم-يېسىر قىزلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ياخشىلىق قىلىپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغاچقا، خۇدايىم ماڭا ھەممىگە بېرىشنى نېسىپ قىلدى› دەيدىكەن.»

بۇ ھېكايىلەر كىشىگە، جەمئىيەتتىكى قانۇن بىلەن قانۇنسىزلىق، ئەخلاق بىلەن ئەخلاقسىزلىق، ساۋاب بىلەن گۇناھ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھالال بىلەن ھارام ئارلىشىپ كەتكەن، مۇدھىش ھادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قەدىمدىن تارتىپ، قەلبى ۋە پىكىرلىرى كارىز سۈيىدەك سۈزۈك، مېھرى ئاتەش، مەردلىكىنى، ئىززگۈلۈكنى ئەلا بىلىدىغان

www.kitaphumar.com

تۇرپان خەلقى ئارىسىدا مەينەتلىك يامراپ، روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن بۇلغىنىۋاتقانلىقى كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، تېما تەتقىقاتىنىڭ ئەھمىيىتى. بۇ تېمىنىڭ يېزىلىشى نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي جەھەتلەردىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مۇھىم ئەھمىيەتلەرگە ئىگە.

(1) گەرچە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جەمئىيەتشۇناس ئالىملار بۇ تېمىدا كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەتقىقات ماقالىسى تېخى يېزىلىپ باقمىغانىدى. بۇ ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇ تەتقىقات ئەسەرىمىزنىڭ مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا بەلگىلىك ياردىمى بولىشى مۇمكىن.

(2) بۇ تەتقىقات تېمىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جىنسى بۇزۇقچىلىق ۋە ناشايان قىلمىشلار ھەققىدىكى تۇنجى سىستېمىلىق تەتقىقات بولۇپ، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە بىرقىسىم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. بەلكىم بۇ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتلارغا نىسبەتەن نەزىرىيىۋى ئاساس بولۇپ، تەتقىقات ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش ئۇسلۇبى ۋە بىر قىسىم كۆز قاراشلار بىلەن تەمىنلەشتە بەلگىلىك رولى بولىشى مۇمكىن.

(3) بۇ ماقالىدە تۇرپان رايونىدىكى تاكىراۋخانىلار(جىنسى بۇزۇقچىلىق ئورۇنلىرى ۋە پاھىشىخانىلار) ئۈستىدە جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئومۇمي ئەھۋالى، پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى، مۇلازىمەت شەكلى، خاركتېر ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي تەسىرى ھەققىدە ئونۋېرسال مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلدى. بۇ تۇرپان رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تاكىراۋخانىلارنىڭ ئاپەت خاراكتىرلىك زىيىنى ۋە جەمئىيەتتە كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋىي كىرزىسلارنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىشىغا ۋە بىلىشىگە پايدىلىق بولىشى مۇمكىن.

(4) تۇرپان رايونى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ۋە شىمالى شىجاڭ ۋە جەنۇبى شىجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غول تۈگۈن بولغاچقا، ماقالىدە تۇرپان رايونىدىكى تاكىراۋخانىلار(جىنسى بۇزۇقچىلىق ئورۇنلىرى ۋە پاھىشىخانىلار) ھازىرقى ھەر قايسى رايون ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جىنسى بۇزۇقچىلىق ۋە ناشايان قىلمىشلارنىڭ تىپىك ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەۋرىشكىسى سۈپىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. بۇ ئارقىلىق ھازىرقى ھەر قايسى يۇرت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جىنسى بۇزۇقچىلىق ئورۇنلىرى ۋە پاھىشىخانىلارنىڭ ئومۇمي ئەھۋالى، پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى، مۇلازىمەت شەكلى، خاركتېر ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي تەسىرى ھەققىدە بەلگىلىك بىلىشكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

www.kitaphumar.com

(5) ئەڭ مۇھىمى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىشىغا يارىمى بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى، ئەگەر سىز گۈلدەك ئائىلىڭىز بار ئەر ياكى ئايال بولسىڭىز، ھالال جۈپتىڭىزنىڭ سىرتلاردا ناشايان ئىشلارنى ۋە جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىپ، ئەيدىز يۇقۇملىنىپ كېلىپ، سىزنى ھەم ئۆزىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، بالىلانى يېتىم قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گۈلدەك كەلگۈسىنى ئىگە-چاقىسىز قالدۇرىشىنى خالامسىز؟

ئىككىنچى، ئەگەر سىز ئاتا-ئانا بولسىڭىز، بالىلىرىڭىزنىڭ ناشايان قىلمىشلار ۋە جىنسىي بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان جەمئىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ-يېتىلىشىنى خالامسىز؟ ئەگەر بالىلىرىڭىز ئاشۇ خىل مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولۇپ، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىپ، باشقىلار تەرىپىدىن ‹مەينەت كېسەل بوپ قاپتۇ›، ‹ئەيدىزكەن› دېيىلىپ جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشىنى خالامسىز؟

ئۈچىنچى، ئەگەر سىز تېخى بىر توي قىلمىغان قىز ياكى يىگىت بولسىڭىز، بىردەملىك ھېسسىي ھاياجانىڭ كەينىگە كىرىپ، ناشايان قىلمىشلارنى ۋە جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىپ، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىپ، گۈلدەك كەلگۈسىڭىزنى نابۇت قىلىپ، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمان بولغاچ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشنى خالامسىز؟

تۆتىنچى، ئەگەر سىز بىر بەچچىۋاز ياكى ھەمجىنىس بولسىڭىز، بىردەملىك فىزولوگىيىلىك ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ناشايان قىلمىشلارنى ۋە يامان جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىپ، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىپ، ئائىلىڭىزنى، ھەمراھلىرىڭىزنى، كەلگۈسىڭىزنى نابۇت قىلىپ، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمان بولغاچ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشنى خالامسىز؟

بەشىنچى، ئەگەر ئەيدىز ۋابادەك يامراپ پۈتۈن مىللەت يۇقۇملانسا، ئەتراپىڭىزدىكىلەر ۋەھىمە ھېس قىلىپ، ھەممىمىزنى چەتكە قېقىپ، نورمال مۇئامىلە قىلماي، خارلىسۇنمۇ ياكى بىر-بىرلەپ ئۆلۈپ قىرىلىپ تۈگىسۇنمۇ؟

ئالتىنچى، ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا، جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟

## 2. تاكىراڭ ۋە تاكىراڭخانا ئۇقۇمى

تاكىراڭ دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا تۆمۈر، مىس، قاڭالتىر قاتارلىق مېتال بۇيۇملاردىن چىققان ئاۋازنى ئىپادىلەيدىغان تەقلىد سۆز بولۇپ، ئوكيان لوغىتىدە تاكىراڭ دېگەن سۆزگە «ئات، ئېشەك قاتارلىق تۇم تۇياق ھايۋانلارنىڭ بىر خىلدا يۈگۈرۈشىدىن چىققان ئاۋاز» دەپ ئىزاھات بەرگەن. مەسىلەن، بىر نەرسە يەرگە چۈشۈپ تاكىراڭلاپ كەتتى. سەن ئۇنى تولا

www.kitaphumar.com

تاكىراڭشىتمىغىنا! ئۇنى ئۇرسا تاكىراڭ ـ تاكىراڭ قىلىپ ئاۋاز چىقىدىكەن. ئاتلارنىڭ تاقىسىنىڭ يەرگە تەككىشى تىگىشىدىن چىقىۋاتقان تاكىراڭ ـ تاكىراڭ قىلغان ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. تۇرپان رايۇنىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بۇ تەقلىد سۆز ئىسىم بوپ كەلسە ياكى ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كەلسە، ئىستىمال مەنىسى «بۇزۇق، ***، پاھىشە، پاھىشىۋاز، پاھىشىخانا» دىگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: پالانچى تاكىراڭ دىگەن سۆز پالانچى بۇزۇق،پالانچى ***، پالانچى پاھىشە، پالانچى پاھىشىۋاز دىگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاكىراڭخانا دىگەن گەپ بۇزۇقلار بار جاي، ***خانا، پاھىشىخانا، پاھىشىۋازلار بارىدىغان جاي دىگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تاكىراڭ دىگەن بۇ سۆزنى تۇرپان رايۇنىدا كىم، قاچان، قەيەردە، نىمە سەۋەبتىن «بۇزۇق، ***، پاھىشە، پاھىشىۋاز، پاھىشىخانا» دىگەندەك مەنىلەردە ئىشلەتكىنى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئەمما، ئىلگىرىمۇ تۇرپان رايۇنىدا، تاكىراڭ لەقەملىق كىشىلەر بولۇپ، پالانچى تاكىراڭ، پۇستانچى تاكىراڭ دەپ لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنىدى. تەكشۈرۈشىمىزچە، 1998 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۆزۈمچىلىك يېزىسىنىڭ بىلىق كۆل دىگەن يېرىدە يەنى بۈيلۇق بىلەن 312 ـ نۇمۇرلۇق دۆلەت تاشيولى كېسىشىدىغان تۆت كوچا ئېغىزىنىڭ باغرى مەھەللىسىگە قاراپ ماڭغان يۇنىلىشىنىڭ ئوڭ تەرپىدە «يەتتە ئىقلىم» دىگەن نام بىلەن پاھىشىۋازلىق ۋە ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان بىر ئاشخانا ئېچىلغانىدى. شۇ يېزىدىكى كىشىلەر ۋە ياشلار بۇ يەرگە ئۆگىنىۋېلىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغاچقا، كىشىلەر بۇ ئىشلارنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىنكاس قىلغانىدى. شۇ چاغلاردىكى، يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئۆزى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئىگەلىگەندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرىغا يىغىن ئاچقاندا، تۇنجى قېتىم تاكىراڭخانا دىگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەنىكەن، يەنى ئاشۇ ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان ئاشخانىنى تاكىراڭخانا دەپ ئاتىغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ سۆز كەنت كادىرلىرى ئارىسىدا مودا گەپكە ئايلانغان ۋە كېيىنچە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خەلق ئارىسىدا ئاشۇنداق ناشايان قىلمىشلارنى قىلىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسى تاكىراڭخانا دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى. شۇ يەردە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان قىز ـ چوكانلار ۋە دائىم شۇ يەرگە بېرىۋالىدىغان ئەرلەر بولسا تاكىراڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىدى.

تاكىراڭ دىگەن بۇ سۆزنىڭ نىمە ئۈچۈن «بۇزۇق، ***، پاھىشە، پاھىشىۋاز» دىگەن مەنىدە ئىستىمال قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرىشى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزىلەرنىڭ قارىشى مۇنداق: تاكىراڭخانىلار ئاشخانا ۋە ئارامگاھ دەپ ئىسىم قويۇپ ئېچىلغىنى بىلەن، ئۇ يەردە بۇزۇقچىلىقتىن باشقا ئىش يوق. ئەمەلىيەتتە بۇ يەرلەر قۇرۇق داسقا ئوخشاش قوپقۇرۇق، قۇرۇق داستقا تىگىپلا كەتسە، تاكىراڭشىغانغا ئوخشاش، بۇ يەرگە

www.kitaphumar.com

كـېـپـلا قالسا، ئـاھ-ئۇھلـغـان بـۇژۇقچـلـىقنىڭلا ئـاۋازى چىقـىدۇ. شـۇڭا، كـىشـلـەر ئـوخشـىتىپ تاكىراڭخانـا دەپ ئـىسىم قويۇشـقانـدى. يەنە بەزىلەرنـىڭ قارىشـى مۇنـداق: بـىزدە «ئىـشـكـى ھاڭرىغان، توخىقى تاڭگىرىغان يەردە يۇرۇش» دىگەن گەپ بار. بۇ گەپنىڭ ئەسلى مەنىسى «قوڭى قويقان...لارنىڭ يېنىدا يۇرمەك» دىگەنلىك. توخماقلار تىگىشسە، تـاكىراك-تـاكىراك قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ. شۇڭا، كىشلەر بۇژۇقچىلىق قىلشقان ئىشلارنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ، بۇژۇقچىلىق قىلىدىغان جايلارنى تاكىراڭخانا دەپ ئاتىدىغانىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشى مۇنداق: تاكىراڭخانىدىكى پاھىشە-***لار كۈنىگە ئاز دىگەندە 4-5 پاھىشۋازنى، كۆپ دىگەندە 10 نەچچە پاھىشۋازنى ئۈزىتىدۇ.... خۇددى داس-چېلەككە تىگىپلا كەتسە تاكىراڭشىغانغا ئوخشاش، كىملا كەلسە، قاچانلا كەلسە، تىگىپلا كەتسە قويۇپ تۇرىدۇ... شۇڭا، كىشلەر ئۇلارنى تاكىراك دەپ ئاتىغانىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشى مۇنداق: تاكىراڭخانىدا ئىشلەۋاتقان قىز-چوكانلار ئاياللىق جىسمىدىن باشقا ھېچقانداق دەسمايىسى يوق. ئـۇلار پـۇل تېـپىش، جىنسى تۇرمۇشتىن باشقا ھېچنىمىنى ئويلىمايدۇ. ئۇلارنـىڭ روھـى خـۇددى قـۇرۇق داسقا ئوخشاش قۇيۇقـۇرۇق. شـۇڭا، ئۇلارغا يېقىنلاشسا يـاكى تـىگـىپلا كەتسە، پـۇل ۋە جىنسى تۇرمۇشىنىڭ تاكىراڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا، كىشلەر ئۇلارنى تاكىراك دەپ ئاتىغان.

3-ھېكـايە: مەنمۇ بـۇرۇن تاكىراڭخانـا دىگەنـنـى ئـاڭلاپ باقمىغـان. 99-يىلـى يـازدا، مەھەللىدىكى باللار بىلەن بازاغا چىقىپ، كەچلىك بازادا ئىچىشتۇق. بىز باشتا پـىۋا ئىشـتۇق، ئاقىدىن ھاراق ئىشتۇق، ھەممىمىزلا مەست بوپ كېتىپتىمىز. ئارىمىزدا توي قىپ بولغان بىر بالا بار ئىدى. ئۇ مەن سىلەرنى ئالامەت بىر يەگە ئاپىرىمەن، دىدى. بىز مەستچىلىكتە، چاتاق يوق دەپ ماڭدۇق. سىڭزەندىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق، بۇ ئاشخانىلارنىڭ چىراقلىرى غـۇۋا، ئىچى بىر خىل سېسىق پۇراپ تۇرىدىكەن. ئايرىمخـانىلار تـوشـۇقكەن، بـىر ئـايال سـاقلاپ تـۇرۇڭلار دىـدى. ئەتراپتىكـى ئايرىمخـانىلاردا ئەرلەرنـىڭ-ئاياللارنـىڭ خىلمۇ-خـىل ئـاۋازلىرى چىقىپ تۇرىـدۇ. بـىز سـاقلىغاچ، ئايرىمخانىلارنـىڭ يۇچۇقلىرىـدىن قارىساق، كىچىـك-كىچىـك قىـزلار ئاتىسىدەك ئادەملەرنىڭ قوچىقىغا چىقىپ، تاماكىلارنى چېكىپ، ھاراقلارنى ئىچىۋاتقان، ئەرلەر قۇچىقىدىكى قىزلارنىڭ قوينىغا قولىنى تىقىپ... سۆيۈپ ئولتۇرغان. بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى كـۆرۈپ باقمىغاچقـا، كـۆزىمىزنى ئـۈزەلمەي قالـدۇق، ھەممىمىزنـىڭ شـۆلگەيلىرى ئېقىـپ، نەپسلىرىمىز تاقىلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىزنى باشلاپ كەلگەن ئاغىنىمىزدىن بۇ قانداق يەر دېسەك، تاكىراڭخانا دىگەن يەر مۇشۇ دىدى...

## 3. كارىز بويىدىكى تاكىراڭخانىلارنىڭ ئومومي ئەھۋالى

www.kitaphumar.com

تاكىراڭخانىلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم يازما ۋەسىقىلەرنى ئاختۇرۇش ۋە پېشقەدەم تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا، تارىختىمۇ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان تۇرپان رايونىدا، تاكىراڭخانى(پاھىشىخانا)لارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بەزىبىر تەپسىلاتلار بايقالدى. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىگە، بىر دېھقاننى بىر پاھىشىخانىغا ساتقانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەت پۈتۈلگەنىدى. دېمەك، تارىختىن بۇيان پاھىشىخانا ۋە تاكىراڭخانا بۇ رايوندا مەۋجۇت بولۇپ، سۇ بېشىدىن لاي ئىدى...

ئىگەللىشىمىزچە، ھازىرقى تۇرپان رايونىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تاكىراڭخانىلار 1994-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1995-يىللارنىڭ باشلىرىدا، تۇرپان شەھەر سودا شەھەرچىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھازىرقى ئەلقەم پىششىق گۆش دۇكىنىنىڭ جەنۇبى يان تەرىپىدىكى چوڭ-كىچىك ئاشخانىلاردىن باشلانغانىكەن. بۇرۇن بۇ ئاشخانىلارنى ئاچقانلارنىڭ كۆپىنچىسى قىمارۋازلار، قىمارۋازلارنىڭ ئاياللىرى ۋە تول قالغان چوكانلار ئىكەن. بۇ ئاشخانىلارغا دائىم كېلىپ تاماق يەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك ياكى سىرتتىن كەلگەن قىمارۋازلار ئىكەن. بۇ ئاشخانىلارنىڭ ئايرىم خانىلىرىدا تاماكا(نەشە) چېكىپ، ھاراق ئىچىسمۇ بولاتتىكەن. ئاشخانا ئاچقان چوكانلار قىماردا ئۇتتۇپ خوش بوپ كەتكەن ياكى قىماردا ئۇتتۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولغان دائىملىق خېرىدارلارغا ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىپ بېرىدىكەن. بەك كەچ بوپ كەتسە، شۇ ئاشخانىدىلا يېتىشىپ قالىدىكەن ياكى ياتاقخانىلارغا بىللە كېتىشىپ قالىدىكەن. بۇ مۇلازىمەتنى پەقەت ئاشخانا خوجايىنى ئۆزىلا قىلىدىكەن. ئۇلار ئاساسەن ئوتتۇرا ياش يەنى 35-55 ياشلار چامىسىدىكى خېرىدارلارغىلا ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىكەن. ياش باللارنىڭ تەلپىنى رەت قىلىدىكەن ياكى ئۇلارغا ئاشخانىدا تاماقتىن باشقا نەرسە بەرمەيدىكەن. ئاشخانا ئاچقان ئاياللار بىلەن قىمارۋازلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئاشخانا دەسمايىسىنى قىمارۋازلار سېلىپ بەرگەنىكەن. بەزىدە، قىمارۋازلار ئۇتتۇرۇپ قويسا، ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرىدىكەن. قىمارۋازلار ئۇتۇۋالغاندا، ئۇلارغا قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ، چوڭ-چوڭ سودىلارنى قىلىپ بېرىدىكەن ياكى زىبۇ زىننەت ئېلىپ بېرىدىكەن. ئەگەر قىمارۋازلار بۇ چوكانلاردىن ئالغان قەرزنى قايتۇرالمىسا، قەرزنى قايتۇرغىچە ئەرلەرنى ئۆيىگە قايتىشقا يول قويمايدىكەن ۋە ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشقا قىستايدىكەن...كېيىنچە، بۇنداق ئاشخانىلار كۆپىيىپ، ئادەتتىكى ھاراقكەش، زابويلارمۇ بۇ يەرگە ئۆگىنىۋېلىپتۇ. جەمئىيەتتىكى مۇشۇنداق پاسقلارنىڭ ئېھتىياجى كۆپىيىۋەرگەنلىكتىن، بۇ كىچىك ئاشخانىلارمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بۇ پاسقىلقلار نۇرغۇن ئەرلەرنى يولدىن چىقىرىپ، ئىناق ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا، ئۇماق سەبىي باللارنىڭ يېتىم قېلىشىغا، كىشىلەرنىڭ نىجىس جىنسى كېسەللەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىغا ۋە تارقىتىشىغا سەۋەبچى بوپتۇ.

www.kitaphumar.com

ئۆز ئەرلىرىنىڭ يۇقارقى قىلمىشلىرىنى بىلگەن بىر قىسىم ئاياللار، بۇ ئىشلارنى يا ھېكىمگە تىنالماي، نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالماي، يالغۇز ئۆيدە جايناماردا ئولتۇرۇپ دەريا-دەريا يىغلاپ، ئاللاھتىن ئۆز ئېرىگە ئىنساب بېرىشنى تىلىشىپتۇ. يەنە بىر قىسىم ئاياللار باللىرىنى سۆرىشىپ، ئېرىنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ بېرىپ، نەق مەيداندا تۇتىۋېلىپ، ھېلىقى شەرمەندە ئاشخانا خوجايىنلىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ-ئۇرۇشۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ، نەتىجىدە يەنىلا ئېرىنى قايتۇرۇپ كېتەلمەي، دەرت يۇتۇپ، ئانا-بالا قان-قان يىغلاپ، ئۆيىگە قايتىشقا مەجبۇر بولۇشۇپتۇ. يەنە بەزىلىرى تەشكىلگە يەنى ئاھالىلەر كومىتېتىغا، كەنت مۇدىرى، سېكرېتارلىرىغا ۋە قانۇن ئورۇنلىرىغا يەنى پەيچۇسوغا بېرىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىشىپتۇ. نەتىجىدە، بۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ بۇ خىل جەمئىيەت مەسىلىسىنى تۈزەشكە تازا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەپتۇ. يەنە بىر قىسىم ئاياللار ئېرىنى يامان يوللاردىن ياندۇرۇپ، كېلىش ئۈچۈن بىرقىسىم دىنىي ئۆلىما، موللام، باخشى-پېرىخون دىگەندەك كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، نەسىھەت قىلدۇرۇپتۇ ۋە بىر قىسىم مۇراسىم-پائالىيەتلەر ئارقىلىق بۇ ئىشقا سەۋەب قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يۇقارقى مەسىلىلەر جەمئىيەتتە غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. بىر قىسىم ساقچىلار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە دىنىي ئۆلىمالار بۇ ئاشخانا ئاچقان چوكانلارغا قاتتىق ۋە يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن نەسىھەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۇرپان شەھەر سودا شەھەرچىسىدىكى ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان چوك-كىچىك ئاشخانىلار ئازىيىشقا باشلاپتۇ.

دېمەك، ئەڭ دەسلەپكى تاكىراڭخانىلار ئەنە شۇ يەرلىك تول قالغان ئوتتۇرا ياش ئاياللار تەرىپىدىن ئېچىلغانىدى. تاكىراڭخانىلارنىڭ مۇلازىمەتچىسى شۇ تاكىراڭخانا خوجايىنلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئاساسلىق يەرلىك ۋە سىرتتىن كەلگەن قىمارۋازلار ئىدى. كېيىنچە، يەرلىك ھاراقكەش زابويلارمۇ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ كىرۋالغانىدى. تاكىراڭخانىلار جەمئىيەتتە ئېغىر ئىجتىمائىي بولغۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈلۈققا تەھدىت ئېلىپ كەلگەچكە، ئاما تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ، قاتتىق بېسىم ئاستىدا، ئازىيىشقا باشلىغانىدى. ياكى بىر مەزگىل تىجارەتنى توختاتقانىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1995-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1996-يىلىنىڭ باشلىرىدا، بۇ خىلدىكى ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان چوك-كىچىك ئاشخانىلار سودا شەھەرچىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى يارغۇل مېھمانخانىسىنىڭ ئاستى ۋە يان ئەتراپىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. چۈنكى، بۇ ئورۇن تۇرپاننىڭ يېزا ئىگىلىك ماللىرى بازىرى يەنى مېۋە-كۆكتات بازىرى، مال بازىرى، كونا مال بازىرى...قاتارلىق دېھقانلار ئەڭ كۆپ پائالىيەت قىلىدىغان رايۇننىڭ مەركىزىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يار يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرى، ئايدىڭكۆل يېزىسى، ئۈزۈمچىلىك يېزىسى، چاتقال يېزىسى، قارغوجا يېزىسى، ئاستانە يېزىسى، سىڭگىم يېزىسى قاتارلىق يېزىلارنىڭ شەھەر ئىچىگە ماڭىدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئاخىرقى

www.kitaphumar.com

بېكىتى ئىدى. يولۇچىلار يېزىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەر ئىچىگە ماڭسا، دەل يارغول مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا ياكى يېنىدا ماشىنىدىن چۈشەتتى. قايتقىچمۇ مۇشۇ يەردىن ماشىنىغا چىقاتتى. دېمەك، مۇشۇنداق ئادەم كۆپ بولۇشتەك ئەۋزەللىك، بۇ ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاشخانىلارنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولغانىدى.

بۇ ئاشخانىلارنى يەنىلا شۇ يەرلىك تول ئاياللار ئاچقانىدى. بۇ ئاشخانىغا كېلىدىغان ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئاشخانىدا ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان چوكانلارمۇ كۆپەيگەنىدى. بۇ تاكىراڭخانىلاردىكى ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاياللارنىڭ بىر قىسمى ئېرى تاكىراڭخانىغا ئۆگىنىپ قېلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن، ئېرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن تاكىراڭخانىغا بېرىۋالغان يەرلىك ئاياللار ھەم بىر قىسمى ئاقسۇ، كۇچا، شايار، باي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن، ئاجراشقان ياكى تول قېلىپ چىقىش يولى تاپالمىغان ئاياللار ھەم ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئاساسلىق ئوتتۇرا ياش يەنى 30-55 ياشلار چامىسىدىكى ئەر كىشىلەر ئىدى. گەرچە ئۇلار مۇلازىمەت جەھەتتە ياش تاللىسىمۇ، ئەمما كەسىپ تاللاپ كەتمەيتتى. يەنى دېھقان، ئىشچى-خىزمەتچى، كارىر-ساقچىلارنىڭ قانىدىقى ئېھتىياجى ئۈچۈن كەلسە، ئوخشاش مۇلازىمەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، جەمئىيەتتە نىجىس جىنسى كېسەللەر كۆپىيىپ، كىشىلەرنىڭ ساغلىق بىخەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 1995-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تۇرپان رايونىدىكى سەھىيە تارماقلىرى بۇ ئىشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جامائەت ئامانلىقى ۋە بىخەرلىكى تارماقلىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان. 1996-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ بىر قاتار تەكشۈرۈپ ئىنىقلاش، تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە، يارغول مېھمانخانىسىنىڭ ئاستى ۋە يان تەرەپلىرىدىكى تاكىراڭخانىلار ئازىيىشقا باشلىغان ۋە بىر مەزگىل تىجارەتنى توختاتقانىدى.

1997-يىللارغا كەلگەندە، تاكىراڭخانىلار تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي ئايلانما يولغا يۆتكەلگەنىدى. بۇ يەردىكى تاكىراڭخانىلاردىكى مۇلازىمەتچىلەرنىڭ سالاھىيىتى، مۇلازىمەت ئوبيېكتى، مۇلازىمەت شەكلى ۋە ئۇسۇلىمۇ يارغول مېھمانخانىسىنىڭ ئاستى ۋە يان تەرىپىدىكى تاكىراڭخانىلارغا ئوخشاش ئىدى. بۇ تاكىراڭخانىلار ھازىرمۇ بار ئىدى.

1998-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۆزلۈمچىلىك يېزىسىنىڭ بېلىق كۆل دېگەن يېرىدە يەنى بۇيلۇق بىلەن 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى كېسىشىدىغان تۆت كوچا ئېغىزىنىڭ باغرى مەھەللىسىگە قاراپ ماڭغان يۇنىلىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە «يەتتە ئىقلىم» دېگەن نام بىلەن بىر ئاشخانا ئېچىلغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئاشخانىنى ‹XX خان› ئىسىملىك بىرى ئاچقان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى تاكىراڭخانىلاردا ئىشلىگەن ۋە تاكىراڭخانا ئاچقان ئايال ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر تۇرپاندىكى ئەڭ دەسلەپكى تاكىراڭخانا مۇشۇ دەپ قارايدىكەن. چۈنكى، ئۇ

www.kitaphumar.com

ئاچقان بۇ تاكىراڭخانا بۇرۇنقى تاكىراڭخانىلاردىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ تاكىراڭخانىنىڭ مۇھىتى ياخشى، تاماقى ياخشى، مۇلازىمىتى ياخشى، مۇلازىمەتچىلەر ھەممىسى تويى قىلمىغان ياش قىزلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۇ، كۇچا، باي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن بولۇپ، خېرىدارلارغا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. ئەگەر ئۇلار يەرلىك قىزلار بولسا، بەزى خېرىدارلار ئۇلارنىڭ تونۇش بوپ قېلىشىدىن، قىلمىشلىرىنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن باشقىلار يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بۇنداق جايلارغا كىرەلمەيتتىكەن. بۇ جاي ئۈرۈمچى-تۇرپان-پىچان-قۇمۇل-ئىچكىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بويىدا بولغاچقا، سىرتتىن كەلگەن خېرىدارلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇنداق ئەۋزەللىكلەر بۇ خىلدىكى تاكىراڭخانىلارنىڭ ئۆزۈن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ۋە كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغانىدى. بۇ تاكىراڭخانىدىكى ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغانلار ھەممىسى ياش قىزلار بولغاچقا، بۇ شۇ ئەتراپتىكى يەرلىك ياشلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. مۇلازىمەتچى قىزلارمۇ ئوتتۇرا ياش ئەرلەرگە قارىغاندا، ياشلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا ئامراقكەن. ھەتتا بەزىدە قىزلار ئۆز-ئارا مۇلازىمەتچى تالىشىپ، ئۇرىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغانىكەن. شۇڭا، بۇ تاكىراڭخانا مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق چەك قويمايمىغانىدى. يەنى ئۇلار مەيلى قايسى ياش قۇرامدا، قايسى كەسىپتە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، پۇلى بولسىلا ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىۋېرەتتى.

ئىگەللىشىمىزچە، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى. خېرىدار كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئايرىم خانىلارغا باشلايدىكەن. نىمە تاماق يەيدىغانلىقىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، قىز ھەمراھ كېرەك ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى، كېرەك بولسا نەچچىسى كېرەكلىكىنى سورايدىكەن. خېرىدار كېرەك دېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، قىزلارنى باشلاپ كىرىدىكەن. خېرىدار رەتكە تۇرغان قىزلار ئارىسىدىن ئۆزىگە يارىغىنىنى تاللىۋالىدىكەن. قالغانلىرى چىقىپ كېتىدىكەن. تاماق چىققۇچە، قىزلار خېرىدارلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ تاماكا چېكىشكەچ پاراڭلىشىدىكەن. تاماقلار چىققاندىن كېيىن، ھاراقلارنى بويرۇتۇپ، قىزلار خېرىدارلار بىلەن تەڭ ھاراق ئىچىشىدىكەن. بىر ئىككى رومكا ئىچىپ كاللا قىزىغاندىن كېيىن، ياكى خېرىدار قىزنى قۇچاغلاپ، سۆيۈپ، بەدىنىگە قول سېلىپ، ئۇيەر-بۇيەرلىرىنى سىلىغاچ ھاراق ئىچىدىكەن. ياكى قىزلار شوخلۇق قىلىپ، خېرىدارنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىدىكەن. ئۇلار مەست بولۇپ ھاياجانلانغاندا، قىزلار ئۇلارنى مەخسۇس ناشايان ئىش قىلىدىغان ئايرىم خانىلارغا باشلاپ ئېلىپ كىرىدىكەن. ئاۋۋال باھانى دېيىشىۋېلىپ، ئاندىن ناشايان ئىش قىلىشىدىكەن.

بۇ خىل قىزىقتۇرۇپ، ئالداپ پۇل تېپىش ئۇسۇلى نۇرغۇنلىغان ساددا تۇرپانلىقلارنى يامان يوللارغا باشلىغانىدى. بۇ تاكىراڭخانا جايلاشقان باغرى مەھەللە كىشىلىرىنىڭ دېنىنى بىر قەدەر

www.kitaphumar.com

ئېتىقادى كۈچلۈك بولۇپ، ئەدەب-ئەخلاقتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. مەھەللە كىشىلىرى بۇ ئاشخانىدا ناشايان ئىشلارنىڭ بولۇنۇۋاتانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاشخانا خوجايىنىنغا كۈچلۈك بېسىم قىلىپ، قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، 1999-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، بۇ تاكىراۋخانا 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى شىمال تەرەپتىكى يول بويىغا كۆچكەنىدى.

كارىز بويىدىكى تاكىراۋخانىلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى تاكىراۋ ۋە تاكىراۋخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى مەلۇم ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھايۋانى نەپسلىرىنى قاندۇرۇش ۋە ئېخمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان پاھىشە، پاھىشىۋازلىق ۋە سولامچىلىق قىلمىشلىرى، تۇرپان رايونىدىكى تاكىراۋ ۋە تاكىراۋخانىلارغا بولغان دەسلەپكى ئېچكى ئېھتىياجنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغانىدى.

2000-يىللاردىن باشلاپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇلازىمەتكە بولغان ئېھتىياجى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىكى يول بويىدا كۆپلىگەن تاكىراۋخانىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 2003-2005-يىللىرى تۇرپاندا، تاكىراۋخانىلار ئەڭ گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ، 312-دۆلەت تاشيولى(G312) بويىدىكى يېڭى بېكەت(شىڭزەن)دە ئېچىلغان ئايرىم خانىلىرى بار تاكىراۋخانىلار تۇرپاندىكى ياش-قېرى ئەرلەرنىڭ دائىملىق بارارگاھىغا ئايلاندى. يەنى ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلار ئارىسىدا، ھەر قانداق بىر شارائىتلىق ياكى شارائىتسىز سورۇننىڭ ئاخىرى تاكىراۋخانىدا ئاخىرلىشىدىغان، سىرتتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى تاكىراۋخانىدا مېھمان قىلىدىغان، ئەمەلدارلار ئارىسىدا تەخسىكەشلىكلەر تاكىراۋخانىدا يۈز تاپىدىغان، كادىرلار ئىچ-پۇشقىنى تاكىراۋخانىدىن چىقىرىغان، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىلەر چارچاشلىرىنى تاكىراۋخانىدا تۆكىدىغان، دېھقانلار ئېتىزدىكى ئاچچىق تەرلىك ھاردۇقىنى تاكىراۋخانىغا بېرىپ چىقىرىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇندىن باشقا يەنە، 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى ئۈرۈمچى-تۇرپان-پىچان-قۇمۇل-ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ماڭىدىغان ئاساسلىق تاشيول بولغاچقا، ھەر خىل مەقسەت بىلەن ئۈرۈمچىدىن-تۇرپانغا، پىچانغا، قۇمۇلغا، ئىچكىرىگە ياكى ئىچكىرىدىن، قۇمۇلدىن، پىچاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ خۇسۇسىي ماشىنا ھەيدەپ ماڭغان يولۇچىلارمۇ بۇ تاكىراۋخانىلارنى يوقلاپ ماڭاتتى. بۇنىڭ بىلەن تاكىراۋخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئېشىپ، تاكىراۋلارنىڭ سانى ۋە مۇلازىمىتى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

www.kitaphumar.com

بۇ نەتىجىدە، نۇرغۇنلىغان ياش ۋە ئوتتۇراش كىشىلەر ئەيدىز، يۇقۇملۇق جىنسى كېسەل، يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى ۋە يۇقۇملۇق ئۆپكە كېسىلى قاتارلىق نىجىس كېسەللەرگە گىرىپتار بولدى. ئۆزلىرى بىلەنلا قالماي، ئۆيىگە بېرىپ ھالال جۈپلىرىنى ۋە نارىسىدە باللىرىنى شۇ نىجىس كېسەللەر بىلەن بولغىدى. توي قىلمىغان يىگىتلەر شەھۋەتنىڭ كويىدا، خام خىيالنىڭ قوينىدا ۋەيران بولدى. يەنى ئۇلار تاكىراۋخانىغا بېرىپ ئويناش ئۈچۈن پۇل تېپىشنى ئويلايدۇ. پۇل تېپىش ئۈچۈن قىمار ئوينايدۇ، ئوغۇرلۇق قىلىدۇ، بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. تاپقان پۇلنى تاپقان پۇلنى تاكىراۋخانىغا ئاپىرىپ بەش-ئون مىنۇتلۇق ئىشقا سورىۋېتىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئۆز ئەرلىرىنىڭ، باللىرىنىڭ شۇ نىجىس قىلمىشلىرىنى بىلگەن ئاياللار، ئاتا-ئانىلار بۇ ئىشلارنى يا ھېكمىگە تىنالماي، نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالماي، يالغۇز ئۆيدە جايىنامازدا ئولتۇرۇپ دەريا-دەريا يىغلاپ، ئاللاھتىن ئېرىگە ۋە پەرزەنتىگە ئىنساپ بېرىشنى تىلىشىدۇ. ئەرلەرنى ۋە باللارنى يامان يوللاردىن ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن موللام، باخشى-پېرىخونلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇراسىم-پائالىيەتلەر ئارقىلىق بۇ ئىشقا سەۋەب قىلىشىدۇ.

2006-يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 2007-يىللارنىڭ باشلىرىدا، بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىساددىي، جىسمانىي ۋە روھىيىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە نۇرغۇنلىغا زىددىيەت ۋە كىرزىسلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن، يەرلىك غورورى بار قەلەمكەشلەر بۇ توغرىسىدا تورپان ژورنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا مەخسۇس تېمىدىكى ئوچېرىك ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، تاكىراۋخانىلارغا بىسەبەتەن تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. تورپان رايونىدىكى سەھىيە تارماقلىرى، مەخسۇس تاكىراۋخانىلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۇ يەردىكى ئايال مۇلازىمەتچىلەرنىڭ ئاياللار ساغلاملىقىنى ۋە قېنىنى قەرەللىك تۈردە مەخسۇس تەكشۈرۈپ، كېسەل يۇقتۇرۇۋالماسلىق ۋە يۇقتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇغۇتتىن ساقلىنىش بىخەتەرلىك بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش، توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بارغانىدى. 2008-يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇناسىۋىتى بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى كۈچلۈك بېسىم بىلەن 312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبى يول بويىدىكى تاكىراۋخانىلارنى تاقىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، تاكىراۋخانىلار شەھەر ئىچىگە يۆتكىلىشكە باشلىدى. ھازىر بۇ تاكىراۋخانىلار شەھەر ئىچىدىكى بىرقىسىم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى خوسۇسى ئۆيلەردە ھەم ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيلەردە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى بىرقىسىم ئارامگاھلاردا تىجارەت قىلماقتا.

www.kitaphumar.com

## 4. تاكىراڭخانىلارنىڭ تۈرلىرى

ئىگىلىلشىمىزچە، تۇرپان رايۇنىدىكى تاكىراڭخانىلارنى ئادەتتىكى تاكىراڭخانا، زامانىۋىي تاكىراڭخانا، خەنزۇچە(خەنسوچە) تاكىراڭخانا ۋە ئائىلىۋىي تاكىراڭخانا دەپ تۆتكە ئايرىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ تاكىراڭخانىلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

بىرىنچى، ئادەتتىكى تاكىراڭخانا. بۇ 1996 ـ يىلىلاردىن تارتىپ ئېچىلىپ كېلىۋاتقان ياكى شۇلارغا ئوخشاش ئېچىلغان تاكىراڭخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپاندىكى ئەيدىز ۋە باشقا نىجىس يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدىغان ئاساسلىق ئورۇنلارنىڭ بىرى. بۇ تاكىراڭخانىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئايال كىشى ئاچقان بولۇپ، يەرلىك ۋە سىرتتىن كەلگەن ئاجرىشىپ چىقىش يولى تاپالمىغان، زەھەر چەككەن ۋە پاھىشلىككە ئۆگىنىپ قالغان ياش(يېشى 17 ـ 35 ياشقىچە) قىز ـ چوكانلار مۇلازىمەت قىلىدۇ. تاكاراڭخانا خوجايىنى ئۇلارنىڭ ياتاق ۋە تاماقنى تەمىنلەيدۇ. ئۇلار تاكىراڭخانىلاردا مۇقىم يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەيدۇ. خېرىدارلار بۇ تاكىراڭلارنى ئۆز ياتىقى ياكى باشقا ياققا ئېلىپ كەتمەكچى بولسا، تاكىراڭخانا خۇجايىنى بىلەن باھادا كېلىشىپ، پۇلنى ئالدىن بېرىدۇ ياكى ئىش تۈگەنگەندىن كېيىن بېرىدۇ. خۇجايىنلار ئۇلارنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ نىسبىتى بويىچە ئۇلارغا پۇل بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دېھقانلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ۋە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ھەم ئىشچى خىزمەتچىلەر ئىدى. مۇلازىمەت ئۇسۇلى خېرىدارلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئىدى. يەنى تاماقتا، ھاراقتا، كارۋاتتا بىللە بولۇش مۇلازىمىتى ئىدى. بۇنى كىشىلەر ئۈچتە ھەمراھ بولۇش دەيدىكەن.

4 ـ ھېكايە: شىڭزەندىكى تاكىراڭخانىلار بەك مەينەتكەن. بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ھەممە ئىشىنى قىلىدىكەن. تاماقنىمۇ شۇ يەردە يەۋاتقان، ھاراقنىمۇ شۇ يەردە ئىچىۋاتقان، بۇزۇقچىلىقنىمۇ شۇ يەردە قىلىۋاتقان، باشقىلار بۇزۇقچىلىقنى قىلىپ بولغۇچە، پەيدۇي (ئۆچىرەتتە) دە تۇرىدىغان گەپكەن. ئۇلار قىلىدىغاننى قىلىپ چىقىپ كەتسە، سۈپۈرۈپمۇ قويماستىن، ئۇلار ئىش قىلغان كۆپىلەرنى تۈزەشتۈرۈپلا جوزىلارنى رەتلەپ تاماق چىقىرىدىكەن، ئادەمنى نەس باستۇرۇپ. بۇ ئىشلارنىمۇ تېخى بايىلا باشقىلارنىڭ ئاستىدىن قوپقان نىمىلەر، تەرەتمۇ ئالماي تۇرۇپ جوزا رەتلەيدىكەن، چاي قۇيىدىكەن، تاماقلارنى كۆتىرىپ ئېلىپ چىقىدىكەن، ئادەمنىڭ ئېچىنى ئېلىشتۇرۇپ. ئۇ تاكىراڭلار شۇنداق تۇرسا، ئۇلارنىڭ خۇجايىنى ۋە تاماق ئەتكەن ئاشپەزلەر قانداقتۇ؟ تاماقنى قانداقلا قىلىپ ئېتىدىغاندۇ؟ ئاڭلىسام، تاكىراڭخانىدىكى ئاشپەزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەركەن. تاكىراڭ قىزلار تاماق ئالغىلى ياكى بىر

www.kitaphumar.com

ئىشلار بىلەن قازان بېشىغا بىرىپلا قالسا، تۇتىۋېلىپ قازان بېشىدىلا بىر ئىشلارنى قىلىشارمىش. ئۇ يەردىكى تاكارىڭلارنىڭغۇ چىرايىغا چىقىپ كېتىدىكەن بۇزۇقلۇقى، مەينەتلىكى. ئۇ نىملەر تىزىغىچە كېلىدىغان كۆڭلەك كىيىپلا، يا باغىرداق تاقمايدىكەن، يا ئىچىگە كوسار كەيمەيدىكەن. جوزىغا ئولتۇرۇپ بولغۇچە، ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ، ئۇ يەر-بۇيەرلەرنى سىلاپ، قوچاقىلا چىقىدىكەن. ئاندىن، تاماق دىگەننى بۇلشىغا بۇيرۇتىدىكەن. تاماق چىقىپ بولغۇچە، قوچاقتا ئولتۇرۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرنى سىلاتقۇزۇپ، قىلماي دىسمۇ بىر ئىشلارنى قىلغۇسىنى كەلتۈرۈۋېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، تاماق ئۈستىلى يېنىدىلا ئىشقا چۈشۈپ كېتىدىكەن. ئۇ تاكىراڭلار تاماقمۇ يەۋاتقان، باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتقان، ئىشقىلىپ بەك مەينەتكەن، ئۇ يەردىكى بىرملەر...

5-ھېكايە: بىزنىڭ مەھەللىدىكى تۇرسۇن ئاكامنىڭ بالىسى قاھارجان ئازراق پۇل تاپسىلا تاكىراڭخانىغا يۈگرەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. توي قىلمىغان بالىلارغا، ئۇ يەردە نىمە بار دەيمەن؟ كىچىك تۇرۇپلا يامان ئىشلارنى ئۈگىنىۋالغىنىنى دەيمەن. ھازىر بازادا قاھار تاكىراك دىسە تونۇمايدىغان ئادەم يوككەن ئۇنى. ئاتا-ئانىسى بالدۇرراق ئۆيلەپ قويسىغۇ مۇشۇ ئىش يوك. ئۇنى دىسىغۇ، ئىككى بالىسى بوپ قالغان ئاۋۇ ھامۇتمۇ شىگزەندىن بىرى كەلمەيدىكەن. ئايالى نەچچە قېتىم شىگزەندىكى تاكىراڭخانىدىن ياندۇرۇپ كەپتۇ. بىر قېتىم ئىككى بالىسىنى سۆرەپ بىرىپ، تاكىراڭخانىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپتىكەن. ھامۇت تازا ساپتۇ خوتۇن بالىلىرىنى، ھەي ساراڭ تۆكەپ قالمايدىكەن بۇ جاھاندا. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالىنى يېتىم قىلىپ ئاجراشتى. ئاڭلىساق، ھامۇت ھېلىقىدەك كىسەل بوپ قاپتۇ دەيدۇ...

ئىككىنچى، زامانىۋىي تاكىراڭخانا. بۇ 2004-يىللاردا پەيدا بولغان تاكىراڭخانا بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرىنى ئايالار ئاچقان، بەزىلىرىنى ئەرلەر ئاچقانىدى. بۇ تاكىراڭخانىلاردا يەرلىك ۋە سىرتتىن كەلگەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىزلار، ھەر ساھە-ھەر كەسىپتە مۇقىم خىزمىتى بار تۇل قالغان ياش(يېشى 23-40 ياشقىچە) قىز-چوكانلار مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئاتالمىش يۇقىرى قاتلام ۋە ئوتتۇرا قاتلام ئەمەلدارلار، زىيالىيلار، باي سودىگەرلەر ۋە بىر قىسىم ئىشچى خىزمەتچىلەر ئىدى. مۇلازىمەت ئۇسۇلى خېرىدارلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، ھاراق ئىچىش، ئۇسۇل-تانسا ئويناش، ناخشا ئېيتىش ۋە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش ئىدى. يەنى تاماقتا، ھاراقتا، ئۇيۇندا، كارۋاتتا بىللە بولۇش مۇلازىمىتى ئىدى. ئەمما، بۇ تاكىراڭخانىلارنىڭ قورۇلمىسى ئالاھىدە بولۇپ، قىز-چوكانلار بۇ تاكىراڭخانىدا مۇقىم تۇرمايدۇ. ئۇلار ئادەتتە، ئۆز خىزمىتى ياكى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. خېرىدار كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تاكىراڭخانا خوجايىنلىرى ئۇلارنى تېلېفون قىلىپ چاقىرىپ كېلىدۇ. بەزى خېرىدارلار ئالدىن زاكاز قىلىدۇ.

www.kitaphumar.com

بۇنداق ئالدىن زاكازلىق سورۇنلارنىڭ تەنەرخى يۇقىرى بولۇپ، ئارامگاھلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئايرىم خانىلىرىدا سورۇن تەشكىللىنىدۇ. بۇ سورۇندا، ئېسىل تائاملار، قىز-چوكانلار، نەشە-قاپاقلار، ساز ۋە سازچىلار، ناخشا-ئۇسۇلچىلار بولىدۇ. قىز-چوكانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇمچىدىن چاقىرىپ كېلىنىدۇ. تاكىراڭخانا خوجايىنلىرى پەقەتلا سورۇن تەشكىللەپ، تاماق ۋە مۇلازىمەت (سولامچىلىق)تىن كىرىم قىلىدۇ. چاقىرىپ كەلگەن قىز-چوكانلارغا مەلۇم نىسبەتتە ھەق بېرىدۇ. قىز-چوكانلار كارۋاتتا بىللە بولسا بۇنىڭ پۇلى ئۆزىگە قالىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى مانا مۇشۇ سورۇنلاردا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئاتالمىش يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا قاتلام ئەمەلدارلار ۋە زىيالىلارنىڭ چىرىكلىك، پارىخورلۇق ۋە ئائىلە پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاساسلىق ئورۇن ۋە سورۇنلارنىڭ بىرى.

6-ھېكايە: ئالدىنقى قېتىم، ئاغىنىمىزنىڭ خىزمەت يۆتكىلىش ئىشىغا ماڭغانىدا، ‹xx ئارامگاھ›تا بىر سورۇن قىلغانتۇق. ھەپتە بۇرۇن زاكاز قىلىشقا باردۇق ۋە ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ ياخشى ئايرىمخانىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. خوجايىن 47-48 ياشلار چامىسىدىكى ياسانچۇق ئايالكەن، ئۇ بىزنى ئەڭ ئىچىدىكى چوڭراق، ئېسىل بېزەلگەن بىر ئايرىمخانىغا باشلىدى. بىز كۆرۈپ شۇ ئايرىمخانىنى لايىق تاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئايال خوجايىن بىلەن چىقىرىدىغان تاماقلار ۋە مۇلازىمەتلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ بىزدىن قانداق كىشىلەرنى نىمە سەۋەبتىن مېھمان قىلىدىغىنىمىزنى، ھەم شۇنىڭغا ماس مۇلازىمەت قىلىپ بېرىدىغانلىقنى ئېيتتى. ئاغىنەم، خىزمەت يوتكىلىش ئىشى بىلەن بىر چوڭ باشلىقنى مېھمان قىلىمىز دىدى. ئايال خوجايىن بىزگە، بۇ يەرگە چوڭ باشلىقلارنىڭ دائىم كېلىپ تۇرىدىغانلىقنى، ئۇلارنىڭ قانداق تاماقلارنى يەيدىغانلىقنى، كۆڭلىنىڭ نىملەرگە تارتىدىغانلىقنى ۋە ئۇلارغا قانداق مۇلازىمەت قىلىشنى بىلىدىغانلىقنى ئېيتتى ۋە بىزگە چىقىرىدىغان تائاملارنى، ئىچىدىغان ئىچىملىكلەرنى تەۋسىيە قىلدى ھەم سازۋە سازەندىلەرنى، چاقچاقچىلارنى ئالاقىلىشىپ بېرىدىغان بولدى. بىز ناھايىتتى خۇرسەن بوپ، رەھمەت ئېيتىپ ماڭاي دەپ تۇرىشىمىزغا، ئۇ بىزگە: قىزلارنى ئۆزۈڭلار ئېلىپ كېلەمسىلەر ياكى ئۇلارنىمۇ مەن ئالاقىلىشىپ بېرەيمۇ؟ دىدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ، قىزلارنى چاقىرمايمىز دىدۇق. ئۇ بىزگە، شۇنداق ئېسىل سورۇننى راسلاپ، قىز-چوكانلارنى چاقىرمىساڭلار سورۇن زايا كەتمەمدۇ؟ تازا باشلىقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى بىلمەيدىكەنسىلەر، باشلىق دىگەننىڭ يىگەن-ئىچكەنگە قوسقى توق، قانچە ياخشى تاماق چىقارساڭلارمۇ ئانچە بوش بوپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئىشلەپ چارچايدۇ، كېرىكى ئارام ئېلىش، كۆڭلىنى خوش قىلىش، راھەت سۈرۈش، چىرايلىق ياش قىزلاردىن نەچچىنى چاقىرىڭلار، باشلىقڭلار ئۇلار بىلەن چىقىشىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالسا، ھەممە ئىشڭلار ھەل بوپ كېتىدۇ، دېدى. بىز بىزنىڭ ئۇ باشلىق ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ، بولدى چاقىرمايلى دىدۇق. ئۇ ئايال بىزگە، باشلىقڭلار چاتاق ئەمەستۇ؟ چاتاق بولمىسىلا قىز بالىنى خالىمايدىغان باشلىق يوق. بۇ

www.kitaphumar.com

يەردىكى باشلىقنىڭ ھەممىنى كۆرگەنمەن، بولمىسا تېلېفون قىلىپ سوراپ بېقىڭلار، دېدى. ئاغىنەم، ئويلىشىپ، باشلىققا تېلېفون قىلدى. ‹xxجوجاڭ تېپىشلىقمۇ؟ شەنبە كۈنىدىكى سورۇننى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان، قىزلاردىنمۇ بىر نەچچىسىنى چاقىرايلى دېگەن، ئۆزلە بىر مەسلىھەت بەرسىلە، قانداق قىلساق بولا؟ باشلىق: ھە بولىدۇ، چاقىرىڭلار! ئەمما، بۇيەرلىك بولمىسۇن، تونۇشلىرىڭلار بولسا، تېخىمۇ ياخشى. باشلىقنىڭ دېگىنى بويىچە، چىرايلىق قىزلارنى تاپتى. ... تۆۋەندىكى پارتىيىدىكى ئىشلارنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى لازىم.

يەردىكى باشلىقنىڭ ھەممىنى كۆرگەنمەن، بولمىسا تېلېفون قىلىپ سوراپ بېقىڭلار، دېدى. ئاغىنەم، ئويلىشىپ، باشلىققا تېلېفون قىلدى. ‹xxجوجاڭ تېپىشلىقمۇ؟ شەنبە كۈنىدىكى سورۇننى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان، قىزلاردىنمۇ بىر نەچچىسىنى چاقىرايلى دېگەن، ئۆزلە بىر مەسلىھەت بەرسىلە، قانداق قىلساق بولا؟ باشلىق: ھە بولىدۇ، چاقىرىڭلار! ئەمما، بۇيەرلىك بولمىسۇن، تۇزۇكرەك چىراي بار، ياشراقلىرىنى چاقىراسلەر ھە!..ئايال خوجايىن بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، قانداقكەن، ئۇلارنى قانداق توغرىلاشنى بىزدىن سورايسىلەر دېدى. ئەمما، ئاغىنەمگە غەم بولدى. باشقا يەرلىك، چىرايلىق ياش قىزلارنى نەدىن تاپامىز ئەمدى؟ ئايال خوجايىن: مان چاقىرىپ بېرىمەن غەم قىلماڭ، مېنىڭ قولۇمدا پەرىزاتتەك چىرايلىق قىزلار بار، ئۇرۇمچىدىن كېلىدۇ، ھەممىسى يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى، داشوسىلىك قىز-چوكانلار. ئۇلارنىڭ كىراسىنى كۆتۈرۈپ، ئازراق ئۆرمە بېرىسىز، نەچچىسى لازىم؟ دېدى. ئاغىنەم: بولىدۇ بېرەي، 5نى چاقىرىپ بېرىڭ، ئەمما چوقۇم ياش، چىرايلىق بولسۇن دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قىزىقىپ سورىدىم، ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلەيدىغان، مۇقىم خىزمىتى بار، داشۆدە ئوقۇيدىغان قىز-چوكانلارمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلامدا؟ سىز قانداق تونۇيسىز بۇنداق قىزلارنى؟ ئۇ ئايال مۇنداق دېدى. ۋاي ئۇكام، ئايال كىشىنىڭ دەردىنى سىلەر بىلمەيسىلەر، ئايال كىشى دېگەنگە ياتىدىغان ئۆي، كېيىدىغان كىيىم، خەجلەيدىغان پۇل بولسىلا بولمايدۇ. ئايال كىشىمۇ مۇنداق بىر كۆڭۈل خوشلۇقىغا مۇھتاج. بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشتىن ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن، ئۇلار ئۆزىنى خوش قىلىدىغان ئەرلەرگە مۇھتاج. بەزىلىرىنىڭ ئېرى ئاقچى، تۈرمىدە، بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق، ئۇلار پۇلغا مۇھتاج. يەنە بەزىلىرى ئاجراشقان، تۇل قالغان، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولمىغان، ئۇلار ئەرگە مۇھتاج. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىزلار پۇلنى يېتىشتۈرەلمىگەن، پۇلغا مۇھتاج....دېگەندەك، خىلمۇ-خىل مۇھتاجلىقلار بىلەن كېلىدۇ. بۇرۇن ھەممىسىنى سىلەردەك ئەرلەر مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن. باشلىقلارغا خوشامەت قىلىپ، مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ، ھاراقنى بولىشىغا ئىچۈرۈپ مەس قىلىپ، باشلىقلارغا سوۋغا بېرىدۇ. ئىش تۈگەپ ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئايال كىشى بولغاندىكىن كېيىن بىزگە دەردىنى تۆكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تونىشىپ قالىمىز. تېلېفونلارنى يېزىشىپ، ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز. ئۇلار سورۇن سېغىنغاندا ئۆزى تېلېفون قىلىدۇ. سورۇن چىققاندا، بىز تېلېفون قىلىمىز. پۇل بەرسىڭىز ئۇلارمۇ ھەممىنى قىلىدۇ، ئەمما، قالايماقان ياتمايدۇ. سورۇن دېگەننى قىزىتىپ چاڭ چىقىرىۋېتىدۇ. بەزىلىرى مەست بوپ قالسا، كىيىم دېگەننى سېلىۋېتىپ سورۇندا يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىدۇ. ئۇلارمۇ ئۇرۇمچىدە ئادەم كۆپ، باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ دەپ تۇرپانغا كېلىپ ئوينايدىغان بوپ قالدى. كۆپىنچىسى ئاشنىلىرى بىلەن كېلىپ ئويناپ كېتىدۇ...ياتاققا ئېپ كەتسەڭلار بولىدۇ، ئۆزى بىلەن باھادا كېلىشەلىسەڭلارلا، ئۇلار سەل جىقراق ئالىدۇ. ئادەتتە 250 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە، ئەگەر قىز بوپ قالسا 1000نى

www.kitaphumar.com

ئالدۇ...شۇنىڭ بىلەن، سورۇن بولدى، بىزنىڭ مېھمانلار كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايال خوجايىن قىز-چوكانلارنى باشلاپ كىردى. ئۇلار (يېشى 24-29 ياشقىچە) ئالامەت چىرايلىق قىزلاركەن، ئېسىل گىرىملەرنى قىلىپ كەپتۇ. ئايال خوجايىن، ھەر بىر مېھماننىڭ يېنىغا بىردىن قىزنى ئولتۇرغۇزدى. ئارىدىن ئاڭ چىرايلىق، بويى ئېگىز تولغان بىرىنى باشلىقنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن قىزلار باشقىچە شوخكەن، بىردەمدىلا سېرىق يۇمۇر دېگەن توكۇپ، سورۇندىن قىقاس چوقانلارنى چىقىرۋەتتى. تاماقلار يېيىلىپ، ھاراقلار كەلدى، قىزلار ھاراقلاردىنمۇ تارتىنىپ قالمىدى، ئەرلەر بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ئىچىشتى. باشلىقمۇ ناھايىتى خوشال ئىدى. سازلار چېلىنىپ ناخشىلار باشلاندى، قىزلارنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن ئۇسۇلمۇ باشلاندى. ھاراق تۆت رومكا ئايلانغاندىن كېيىن، ھەممىسى خىل-خىلى بىلەن تېپىشىپ، بىر-بىرىگە سۈركىلىپ چاپلىششقا باشلىدى. سورۇن ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئايال خوجايىن، باشلىققا بىر ھوجرا راسلاپ قويغانلىقىنى، ئاۋۇ قىزنىڭ ھەققىنى ۋە ياتاقنىڭ ھەققىنى ئالدىن تاپشۇرۇشنى ئېيىتتى. باشقىلار باشقا يەرگە ئېلىپ كېتىپ، قالغان ئىشنى ئۆزى پۈتتۈرسۇن دەپ ئىش ئۆتكەتتى. سورۇن ئاخىرلاشقاندا، باشلىق ھېلىقى قىز بىلەن راھلاپ قويغان ھوجرىغا كىرىپ كەتتى. باشقىلار باشقا ياقلارغا كېتىشتى....

ئۈچىنچى، خەنزۇچە(خەنسوچە) تاكىراڭخانا. بۇ 2004-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، تۇرپاندا ئۇيغۇرلار باشلاپ بەرگەن تاكىراڭخانا ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، مۇنچا ۋە پاھىشخانا بىرلەشتۇرۇلگەن تاكىراڭخانىلارنى كۆرسىتىدۇ. 2004-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ،تۇرپان شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىناسىنىڭ ئاستىغا يەنى ئەسلىدىكى دىيارشاھ رېستۇراننىڭ ئورنىغا بىر مونچىخانا قۇرۇلغانىدى. بىر ئايدىن كېيىن، تۇرپان كونا شەھەر شەرقى قۇۋۇقتىكى خۋاتەي مېھمانخانىسىمۇ ئوخشاش شەكىلدىكى مېھمانخانىدىن بىرنى بەرپا قىلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن تا بۈگۈنگىچە، تۇرپاندا بۇ خىل شەكىلدىكى مونچىخانا 4-5 يەردە قۇرۇلغانىدى.

بۇ مونچىخانىلار پۈتۈنلەي ئايرىمخانا شەكلىدە ئالاھىدە لايىھىلەنگەنىدى. ئايرىمخانىلاردا كارۋات ۋە باشقا تازلىق بۇيۇملىرى بار بولۇپ، مۇنچىغا چۈشۈش ھەققى 5 يۈەن ئىدى. بۇ مونچىخانىدا ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىدىغان 20-30 نەپەر ئۇيغۇر ۋە خەنسو قىز-چوكانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زەھەر چەككەن، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، پاھىشلىكنى كەسىپ قىلغان قىز-چوكانلار ئىدى. مونچىخانا بۇ قىز-چوكانلارنى ياتاق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت ئوبىيكتى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم يەرلىك ۋە سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر، دېھقانلار، تىجارەتچىلەر، بىكارچى، قىمارۋاز، نەشىخور ياشلار، پىسخكىسى بىنورمال بىرقىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەر ئىدى. مۇلازىمەت ئۇسۇلى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ۋە بىرگە يۇيۇنۇش ئىدى. خېرىدارلار

www.kitaphumar.com

كىرگەندىن كېيىن، بەزىلىرى خەنسۇ قىز-چوكانلارنى، يەنە بەزىلىرى ئۇيغۇر قىز-چوكانلىرىنى تاللاپ، باھادا كېلىشىپ، ئاندىن ئايرىمخانىلارغا كىرىشىدۇ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن يۇيۇنۇپ بولۇپ، ھەققىنى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ يەرگە كىرىدىغانلار ئۆزىچە بۇ يەرنى باشقا تاكىراۋخانىغا قارىغاندا پاكىز دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا، بىخەتەرلىك قاپچۇقىنى ئىشلەتمەيتتى. شۇڭا، بۇ خىل تاكىراۋخانىلار ئەيدىز قاتارلىق نىجىس كېسەللەرنىڭ ئاساسلىق تارقىلىش مەنبەسى ئىدى.

تۆتىنچى، ئائىلىۋىي تاكىراۋخانا. 2010-يىللاردىن باشلاپ، تۇرپاندىكى تاكىراۋخانىلار-نىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئائىلىلەر قورۇسىدا ۋە يېزا-بازارلاردىكى بازار بولىدىغان ئاۋات جايلاردا ئائىلىۋىي تاكىراۋخانىلار بارلىققا كەلدى. يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئائىلىۋىي تاكىراۋخانىلاردا ئائىلە بويىچە مۇلازىمەت قىلىدىغان ۋە ئائىلە بويىچە تاكىراۋخانىغا ئۆگىنىپ قالغان ھادىسىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئاساسلىق تۇل قالغان ئاياللارنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، ئۆز ئائىلىسىگە، شۇ خىل مۇلازىمەتكە ئېھتىجالىق كىشىلەرنى چاقىرىشى ۋە قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئائىلىۋىي تاكىراۋخانا ئىدى.

## 5. تاكىراۋلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

كارىز بويىدىكى تاكىراۋلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىلىدۇ.

بىرىنچى، تاكىراۋلارنىڭ سانى. تاكىراۋخانىدا ئىشلەيدىغان تاكىراۋلارنىڭ ھەرقايسى يىللاردىكى ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. 1995-يىللاردا، يەنى تۇرپاندا تاكىراۋخانىلارنىڭ ئېچىلىپ، خېرىدار مەنبەسى كۆپ بولمىغان ۋاقىتلاردا، تاكىراۋلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى. 2000-يىللاردىن باشلاپ، تۇرپاندا تاكىراۋخانىلار كۆپلەپ پەيدا بولۇپ، 2003-يىللارغا بارغاندا، ئەڭ كۆپ سانغا يەتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەردە ئىشلەيدىغان تاكىراۋلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ 2011-يىلدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان شەھەر ئىچىدىكى ئاشخانا، ئارامگاھ، KTV كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ۋە مېھمانخانا قاتارلىق ناملاردىكى تاكىراۋخانىلاردىكى تاكىراۋلارنىڭ سانى 387 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تاكىراۋلار 292 نەپەر، خەنزۇ تاكىراۋلار 95 نەپەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىگە، شەھەر ئىچىدىكى ئائىلىلەر قورۇسىدىكى خۇسۇسىي ئۆيلەرگە جايلاشقان تاكىراۋخانىلاردىكى، يېزا-بازارلاردىكى ئاۋات بازا بويىغا جايلاشقان ئائىلىۋىي تاكىراۋخانىلاردىكى ۋە توقسۇن، پىچان، ئۈرۈمچى ۋە باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ كېتىپ

www.kitaphumar.com

يۇرىدىغان سەييارە تاكىراڭلارنىڭ سانى سىتاتىپستىكىغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى. بۇ جايدىكى تاكىراڭخانىلاردا ئاز دېگەندە 2ـ3 نەپەر، كۆپ دېگەندە 7ـ8 نەپەر تاكىراڭ بار ئىدى.

ئىككىنچى، تاكىراڭلارنىڭ رايۇن تەۋەلىكى. تەكشۈرۈش ۋە سىتاتىپستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلار ئىچىدە يەرلىكلەر ئاز، سىرتتىن كەلگەنلەر كۆپرەك ئىدى. تاكىراڭلار ئىچىدە، تۇرپان شەھەر ۋە يېزا تەۋەسىدىن 29 نەپەر، توقسۇندىن 44 نەپەر، پىچاندىن 38 نەپەر، كۇچادىن 74 نەپەر، ئاقسۇدىن 41 نەپەر، بايدىن 28 نەپەر، شاياردىن 21 نەپەر، قەشقەردىن 4 نەپەر، ئۈرۈمچىدىن 13 نەپەر، ئىچكىرىدىن(سىچۈەن، خېنەن، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىن) 95 نەپەر تاكىراڭ بار ئىدى.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاكىراڭلار ئىچىدە يەرلىكلەر ئاز، سىرتتىن كەلگەنلەر كۆپرەك بولۇپ، ئادەتتە تاكىراڭلار يۇرت ئاتلاپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

ئۈچىنچى، تاكىراڭلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى. تەكشۈرۈش ۋە سىتاتىپستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىكى 17 ياش، ئەڭ چوڭى 44 ياش ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 17 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 41 نەپەر، 21 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 98 نەپەر، 26 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 121 نەپەر، 31 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 87 نەپەر، 36 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 31 نەپەر، 41 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 19 نەپەر ئىدى.

يۇقۇرقى ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلار ئىچىدە ياشلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، 17 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان تاكىراڭلار 347 نەپەر ئىدى، بۇ ئومۇمىي تاكىراڭ سانىنىڭ 89.66% تىنى ئىگەللىيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن قىزلارمۇ بار ئىدى. بۇ بىزنى تۇلمۇ ئەندىشىگە سالىدىغان بىر ئەھۋال...

تۆتىنچى، نىكاھلىنىش ئەھۋالى. تەكشۈرۈش ۋە سىتاتىپستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نىكاھتىن ئاجرىشىپ چىقىش يولى تاپالمىغانلار ئىدى. 387 نەپەر تاكىراڭ ئىچىدە، نىكاھلانمىغانلار 63 نەپەر، بىر قېتىم نىكاھلىق ئاجراشقانلار 186 نەپەر، ئىككى قېتىم نىكاھلىق بولۇپ ئاجراشقانلار 97 نەپەر، ئۈچ قېتىم نىكاھلىق بولۇپ ئاجراشقانلار 41 نەپەر ئىدى.

يۇقۇرقى ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلار ئىچىدە بىر قېتىم ياكى كۆپ قېتىم نىكاھلانغانلار كۆپ بولۇپ، تېخى نىكاھلانمىغانلارمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگەللەيتتى. تېخى نىكاھلانمىغان قىزلارنىڭ بۇنداق جايدا بولىشى، بىزنى ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە.

بەشىنچى، تاكىراڭلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى. تەكشۈرۈش ۋە سىتاتىپستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن ئىدى. 387 نەپەر تاكىراڭ ئىچىدە، ساۋاتسىزلار 16 نەپەر، باشلانغۇچ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 174 نەپەر، تولۇقسىز

www.kitaphumar.com

مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 109 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 78 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 13 نەپەر، تولۇق كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 7 نەپەر ئىدى.

يۇقۇرقى ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىللەيدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت ساپانىڭ تۆۋەن بولىشمۇ، تاكىراڭلارنىڭ تاكىراڭلىق يولىغا مېڭىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

ئالتىنچى، تاكىراڭلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى. تەكشۈرۈش ۋە ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى دىگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. 387 نەپەر تاكىراڭ ئىچىدە، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار 31 نەپەر، سۆزنەك قاتارلىق يۇقۇملۇق جىنسى كېسەللەر 103 نەپەر، بالىياتقۇ ۋە جىنسى يول ياللۇغى قاتارلىق كېسەللەر 81 نەپەر، جىگەر كېسىلى 17 نەپەر، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى 9 نەپەر، نەپەسلىنىش يولى ياللۇغى ۋە بۇرۇن ياللۇغى بارلار 33 نەپەر، مەقئەت يولى ياللۇغى ۋە قەۋزىيەت بولغانلار 17 نەپەر، يۈرەك كېسەل 3 نەپەر، باشقا كېسەللەر 23 نەپەر، ساغلام بولغانلىرى 70 نەپەر ئىدى.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاكىراڭلارنىڭ كۆپىنچىسى خىلمۇ-خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، جىسمانى ۋە روھى جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەن، سالامەتلىكى ۋە هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتتە ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن هالدا خىلمۇ-خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر ۋە تارقاتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلارغا نىسبەتەن زور يوشۇرۇن خەۋپ ئىدى.

يەتتىنچى، تاكىراڭلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە پىسخىكىسى. تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، تاكىراڭلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشتى زەربە يىگەن، نىكاھتىن تەلىي چىقمىغان، ئىقتىساددىي قىينچىلىقتا قالغان، زەھەر چېكىدىغان قىز-چوكانلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مۇشۇ ئىشنى تۇرمۇش تېرىكچىلىكىنىڭ ۋاستىسى قىلۋالغانىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆز يۇرتىدا ئاشكارە قىلسا، تونۇش بىلىشلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ۋە بىلىپ قېلىشى، ئاندىن يۇرت مەھەللىلەردە سۆز-چۆچەك قىلىپ يۈرىشىدىن ئەنسىرەپ، باشقا يۇرتلاغا بېرىپ مۇشۇ يولغا مېڭىشقا مەجبور بولغانىدى. يەنە بەزىلىرى، زەھەرگە خۇمار بوپ قالغانلىقتىن، زەھەر ئېلىپ خۇمارىنى باسقىدەك پۇل تېپىش ئۈچۈن، تېخى توي قىلماي تۇرۇپلا مۇشۇ يولغا مېڭىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئائىلە خوجايىنلارغا ياللىنىپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ۋە هاياتىنى دەسىمىي سېلىپ، كېچە-كۈندۈز پۇل تېپىش ئۈچۈن ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاساسەن ئۇلارنىڭ كېچىسى بىلەن كۈندۈزى ئالماشقان بولۇپ، كېچىسى ئىشلەپ، كۈندۈزى ئارام ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ روھى ۋە جىسمانىيىتى زەئىپلىشىپ، كېسەللەر چىرمىغانىدى.

www.kitaphumar.com

ئۇلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆزى خالاپ قىلمىغان، بەلكى تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى ئۇلارنى مۇشۇ يولنى تاللاشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇلار دەسلەپ، ئايال خوجايىنلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىرەر ئاي ئىشلەپ، ئازراق پۇل جۇغلىۋېلىپ، قايتىپ كېتىشنى مەقسەد قىلىپ، مەقسىدىنى ئايال خوجايىنلارغا ئېيتقان. ئۇلار ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئىشلىتىدىكەن، پۇلنى ۋاختىدا بەرمەيدىكەن. ۋاقىت ئۇزارغانچە، ئۇلارنىڭ بەدىنى مۇشۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالىدىكەن، شۇ ئىشلارنى خالايدىغان، قىلغۇسى كېلىدىغان خۇمار بوپ قالىدىكەن. بەزىلىرى پۇل تېپىپ قايتىپ كېتىپ، خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن يەنە قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ روھىمۇ مۇشۇ خىل تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا كۆنۈپ قالىدىكەن،خۇمار بوپ قالىدىكەن.

## 6. تاكىراڭلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى

كارىز بويىدىكى تاكىراڭلارنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنى جىنسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئەر تاكىراڭ ۋە ئايال تاكىراڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مۇلازىمەت سىجىللىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، كەسپىي تاكىراڭ ۋە غەيرى كەسپىي تاكىراڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ مۇقىم ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ، مۇقىم تاكىراڭ ۋە سەييارە تاكىراڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مۇلازىمەت خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ لوكچەك تاكىراڭ ۋە ئىلمىي تاكىراڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يېقىندىن پەيدا بولغۇاتقان ئائىلىۋىي تاكىراڭخانىلاردا ئائىلە بويىچە مۇلازىمەت قىلىدىغان ۋە ئائىلە بويىچە تاكىراڭخانىغا ئۆگىنىپ قالغان ھادىسىلەر بارلىققا كەلمەكتە. بۇلارنىمۇ جىنسى ئايرىمىسى جەھەتتىن ئانا-بالا تاكىراڭ ۋە ئاتا-بالا تاكىراڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈش مومكىن. تۆۋەندە تاكىراڭلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ئايال تاكىراڭ. بۇ تاكىراڭخانىلاردىكى مۇلازىمەت قىلىدىغان بارلىق قىز-چوكان تاكىراڭلارنى كۆرسىتىدۇ.(ئالدىنقى مەزموندا ئۇلار ھەققىدە تەپسىلى ئۇچۇر بەرگەنىدۇق، بۇ يەردە توختالمايمىز).

ئىككىنچى، ئەر تاكىراڭ. بۇ تاكىراڭخانىلارغا ئۆگىنىپ قالغان ياكى بۇزۇقچىلىق ۋە ئەيش-ئىشرەت سورۇنلىرىغا ئامراق، قىلمىش ۋە گەپ سۆزلىرىدىن شەھۋەت پۇراپ تۇرىدىغان ئەر كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر بۇنداق ئەر كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «تاكىراڭ» دېگەن لەقەمنى قوشۇپ ئاتاپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ ياكى ھاقارەتلەيدۇ. ئۇلار گەرچە ئۆيدە ھالال نىكاھلاپ ئالغان ئايالى بولسىمۇ، ئەمما سىرتتا يۈندا پۇراشقا ئامراق كېلىدۇ. ھاراق

www.kitaphumar.com

ئىچىپلا قالسا، تاكىراڭخانىغا يۈگۈرىدۇ ياكى مەھەللىدىكى تۇل چوكانلارنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىدۇ. بەزىدە ئېرى بار ئاياللارنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپ قىلىپ، تاياقنى بولىشىغا يەپ، مەھەللىدە سېسىپ كېتىدۇ. مەھەللىدىكى چوڭ كىچىك ھەممىسىگە بىزەڭلىك بىلەن، ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلىدۇ. مەيلى سورۇنلاردا ياكى كوچا-كويلاردىكى ئادەم توپلاشقان جايلاردا،چوڭ-كىچىك بار دېمەي ھاياسىز گەپ-سۆز ۋە چاقچاقلارنى قىلىدۇ. بۇنداقلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئايالى ۋە باللىرىنىڭمۇ مەھەللىدە ئىناۋىتى بولمايدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

7-ھېكايە: ھەي، بەزى ئادەملەر پەقەت چوڭ بولغىنىنى بىلمەيدىكەن. بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەركىنكامنى بىلىسىز، بۇ يىل 53-52 ياشلارغا كىرىپ قالدى. بىر ئوغلىنى ئۆيلەپ، بىر قىزىنى تالاغا چىقاردى. كېلىن-كۈيئوغۇللىرىدىنمۇ نومۇس قىلمايدىغان بىر ئادەمكەن. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ھاراق ئىچىدۇ-ھە! ئىچىپلاۋالسا تاكىراڭخانىغا بارىدۇ. ئاڭلىساق، ئوغلى نەچچە قېتىم تاكىراڭخانىغا بېرىپ، ئۇرۇپ دىگۈدەك قايتۇرۇپ كەپتۇدەك... ھازىر مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئەركىن تاكىراڭ دەيدۇ.

ئۈچىنچى، كەسپىي تاكىراڭ. بۇ تاكىراڭخانىلاردىكى ئۇزۇن مەزگىل مەخسۇس مۇلازىمەت بىلەن شوغۇللانغان ھەم شوغۇللىنىۋاتقان تاكىراڭلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ كەسپىنى بەك قىزغىن سۆيىدۇ. كەسىپچانلىقى بەك يۇقىرى، ئورۇن-سورۇن تاللىماي(كوچىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا ۋە ئېتىزلىقلاردىمۇ) مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى، بۇ كەسىپنى راھەت كۆرىدىغان ھەم ئاسان پۇل تاپىدىغان كەسىپ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلىرى، گەرچە يېتەرلىك ئىقتىسادىي شارائىتى بولسىمۇ، بۇ كەسىپنى ئۆزىنىڭ فىززولوگىيىلىك(ھايۋانى نەپسى) ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىسى كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا باشقا بىر چىقىش يولى ئىزدەشكە دەۋەت قىلىنسا ياكى پۇرسەت بېرىلسە، ئۇلارغا خوشياقمايدۇ.

8-ھېكايە: «قىز بالا ئىچىدىن سېسىيدۇ» دەپ، سېسىپ قالسا پۈتۈن ئائىلە-جەمەت، يۇرت-مەھەللىنى سېسىتىدىكەن. قىز بالا دىگەننى زادى بالدۇرراق ياتلىق قىلىۋەتمىسە بولمايدىكەن. ياردىكى xx ئاكامنىڭ قىزى بۇ يىل ئەمدى 19 ياشقا كىرگەن، تاكىراڭخانىغا ئۆگىنىۋاپتۇ. نەچچە قېتىم ياندۇرۇپ كېلىپ، ‹پۇل دىسەڭ بار، نىمە دىسەڭ ئۆيدە شۇ بار تۇرسا، بىر نەرسە لازىم بولسا ئاپاڭغا دىسەڭ بولمامدۇ› دەپ، قاتتىق ئۇرۇپتۇ. تويغىنى قېپ قويايلى دىسە، يا ئۇنمايدىكەن، توي قىلمايمەن دەپ. ئالدىنقى ھەپتە، ئاپىسى 2000 كوي پۇل بېرىپ، ‹كىيىم ئالامسىز ياكى باشقا لازىملىق نەرسە ئالامسىز، بازارغا كىرىپ ئېلىۋېلىڭ› دەپتىكەن. بىر كىچىك قەغەزگە، ‹ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس› دەپ يېزىپ، پۇلدىن 200 كوينى ئېلىپ، قالغىنىنى قويۇپ قويۇپ، يەنە شۇ يەرگە قېچىپ كېتىپتۇ، دەيدۇ. بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

www.kitaphumar.com

مەھەللىدە خىلىلا ياخشى، ئۇ قىز شۇ ئىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەلچىلەرمۇ كەپتىكەن بولمىسا، بۇ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ يېنىپ كېتىپتۇ. كىمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرىدۇ دەيلا ئاشۇنداق ئىش قىلىپ يۈرسە؟

قوشۇمچە: مۇشۇ تېما تورغا يوللانغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان تورداشلىرىمىز، مۇشۇ ھەقتىكى ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن-بىلگەن ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى(يەنە داۋاملىق تەمىنلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز، كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۈچۈن پاكىزە جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تىرىشايلى!). بۇنىڭ ئىچىدە، ئىسمىنى ئاشكارلاشنى خالىمىغان بىر خانىمنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ئۈرۈمچىدە كەسپىي ئەر تاكىراڭلار بار ئىكەن.

9-ھېكايە: بىر كۈنى تۆۋەنكى قۇۋۇق(شياۋشىمىن)تىكى دەنلۇ سودا سارىيىنىڭ ئايالچە داڭلىق ماركىلىق كىيىملەر سالونىدا ئۇنى-بۇنى كۆرۈپ كېتىۋاتسام، بىر بالا يېنىمغا كېلىپ، ‹ئاچا، مۇلازىمەت لازىممۇ؟› دەيدۇ. قارىسام، بىر 22 ياشلار چامىسىدىكى، ياش-قۇرامىغا ماس يارىشىملىق كىيىنگەن، بويى ئېگىز، قاش-كۆزى جايىدا خېلى قاملاشقان ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەن. مەن ئەندىكىپ، ‹نىمە مۇلازىمەت؟› دىسەم، ئۇ بالا بىر ئىسىم كارتوچكىسىنى چىقىرىپ ماڭا بەرگەچ، ‹مۇنداق پارڭلىشىدىغان، كۆڭلىڭىز يېرىم بولغاندا مۇڭدىشىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان دىگەندەك...لازىم بولسا تېلفۇن قىلىڭ› دېدى. مەن جىددىيلىشىپ دەرھاللا، ‹ياق كېرەك ئەمەس› دىدىم. ئۆيگە بېرىپ، ئىسىم كارتوچكىسىغا قارىسام، ئۇيغۇرچە،-خەنزۇچە ئېغىزغا ئالغۇسىز ھاياسىز، مەينەت گەپ-سۆزلەر باركەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ بىرنىمىلەر پۇل بەرسە، مىللەت، دىن ئايرىماي، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە باشقا تائىپىلەرگىمۇ ھەرقانداق مۇلازىمەتنى قىلىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. ئوغۇل بالا تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلىسچۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ. يەنىلا، كونىلارنىڭ قائىدىسى ياخشىكەن، بۇنداقلارنى چالما كېسەك قىلىپ، ئۆلتۈرۈش كېرەككەن. پاك قىزلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق نىجىس، پەسكەشلەرنىڭ قولىغا قېلىشىنى ئويلىسام، ھېلىقى شۇمنى رەسمگە تارتىۋېلىپ، ئىسىم كارتوچكىسى بىلەن، تورغا تارقىتىۋەتمىگىنىمگە پۇشايمەن قىلىمەن. كېيىن ئاڭلىسام، مېنىڭ بىر نەچچە دوستلىرىممۇ، مۇشۇنداق ئىشلارغا يۇلۇقۇپتىكەن. ئۇ بىر نىملەر ئاشۇ داڭلىق سودا سارايلاردا كىيىم ئالغىلى كەلگەن باي چوكانلارنى نىشانلاپ يۈرىدىكەن. بۇنداقلارنى زادى ئۇجۇقتۇرۇپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش كېرەك. ئىسىم كارتوچكىسىدىكى گەپلەرنى دەپ بېرەي، كۆپچىلىك بۇ پەسكەشلەرنىڭ مەينەتچىلىكىنى بىلىپ قالسۇن. ئىسمى: دىلشاد، تېلفۇن: 138xxx، مۇلازىمەت تۈرلىرى: xxxx(تورداشلار بۇ تېمىغا، بەك ئاشكارا بوپ كېتىپتۇ، دەپ ئىنكاسلارنى يېزىپتۇ، شۇڭا ئاشكارە بېرىلمىدى)

تۆتىنچى، غەيرى كەسپىي تاكىراڭ. بۇ ئادەتتە تاكىراڭخانىلاردا مەخسۇس مۇلازىمەت بىلەن شوغۇللانمايدىغان، ئەمما زۆرۈر تېپىلسا(پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغاندا)، قەرەللىق ياكى

www.kitaphumar.com

قەرەلسىز شۇ خىل مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئادەتتە رەڭلىك سورۇنلاردا تونۇشۇپ، سورۇن ئاخىرىدا مۇلازىمەت قىلىدۇ. بەزىلىرى تاكىراۋىخانا خوجايىنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، «ئىپسىل(پۇلدار ياكى ئەمەلدار)» مېھمانلار كەلگەندە، شۇلارغا مۇلازىمەت قىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى مېھمانخانا ۋە تاكىراۋىخانىلاردا كۆچكۈچىلىك قىلىۋاتقان پۇرسەت بولسا، شۇ خىلدىكى مۇلازىمەتنىمۇ قىلىپ قويىدۇ.

بەشىنچى، مۇقىم تاكىراۋ. بۇ تاكىراۋىخانىلاردا يىل-يىللاپ مۇقىم تۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىدىغان تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تاكىراۋىلار كۆپىنچە سىرتتىن كەلگەن بولىدۇ. ئۇلار تۇرۇپاندىكى خىلمۇ-خىل جىنسى كېسەللىكلەرنى يېغىۋالغۇچىلار، شۇنداقلا تارقاتقۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

ئالتىنچى، سەييارە تاكىراۋ. بۇ بىر جايدا مۇقىم تۇرماي، يۇرت ئارىلاپ ياكى تاكىراۋىخانا ئارىلاپ مۇلازىمەت قىلىدىغان تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر تۇرپانغا كۇچا، ئاقسۇ، پىچان، توقسۇن، ئۈرۈمچى ۋە سانجى تەرەپتىن كېلىدىغان سەييارە تاكىراۋىلار كۆپرەك. سەييارە تاكىراۋىلار ئادەتتە، بىر جايدا بىر ھەپتە، بىر ئاي ياكى 2-3 ئاي تۇرغاندىن كېيىن، يەنە باشقا يۇرتلارغا يۆتكىلىدۇ. ئۇلار تۇرپانغا خىلمۇ-خىل جىنسى كېسەللىكلەرنىڭ ئېلىپ كەلگۈچى، شۇنداقلا تۇرپاندىكى خىلمۇ-خىل جىنسى كېسەللىكلەرنى باشقا رايونلارغا تارقاتقۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

يەتتىنچى، لۈكچەك تاكىراۋ. بۇ مىجەز-خاراكتىر ۋە گەپ-سۆز جەھەتتە ئۇچۇق-يورۇق، يۇرۇش-تۇرۇش جەھەتتە مەرد، ئەرلەردەك لۈكچەك مىجەز تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، تاكىراۋىخانىلاردا مۇلازىمەت قىلىدىغان تاكىراۋىلاردۇر.

سەككىزىنچى، ئىلمىي تاكىراۋ. بۇ مىجەز-خاراكتىر ۋە گەپ-سۆز جەھەتتە سەل ئىلمىيرەك، ناز-خۇلقى كۆپ، زامانغا لايىق ياسىنىپ يۈرىدىغان تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، مۇقىم خىزمىتى بار، رەڭلىك سورۇنلاردا ياكى ئايرىم مۇلازىمەت قىلىدىغان تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تاكىراۋىلارنىڭ سىرتتىن كېلىدىغانلىرى كۆپرەك ئىدى.

توققۇزىنچى، ئانا-بالا تاكىراۋ. بۇ بىر ئائىلىدىكى ئانىسى بىلەن قىزى مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاكىراۋىلارنى كۆرسىتىدۇ. 2010-يىللاردىن باشلاپ، تۇرپاندىكى تاكىراۋىخانىلارنىڭ قورۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئائىلىكلەر قورۇسىدا ۋە يېزا-بازارلاردىكى بازار بولىدىغان ئاۋات جايلاردا ئائىلىۋى تاكىراۋىخانىلار بارلىققا كەلدى. بۇ تاكىراۋىخانىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئانىسى بىلەن قىزى تەڭلا مۇلازىمەت قىلىدىغان ھادىسىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئاساسلىق تۇل قالغان ئاياللارنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى

www.kitaphumar.com

قامداش ئۈچۈن، ئۆز ئائىلىسىگە، شۇ خىل مۇلازىمەتكە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى چاقىرىشى ۋە قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئائىلىۋىي تاكسىراۋاتخانا ئىدى.

10-ھېكايە: 34-يېشىمدا 3 بالام بىلەن تۇل قالدىم. چوڭى قىز 12 ياش، قالغان ئىككىسى ئوغۇل، بىرى 9 ياش، يەنە بىرى 4 ياش. 3 بالا بار بولغاندىكىن، يە ئەر چىقمايدىكەن. رەھمەتلىكنىڭ بىر ئوبدان ياغاچچىلىق ھۈنىرى بار ئىدى. تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، يىغىپ قويغان پۇللار بىلەن ئىشىك ئالدىدا بىر دۇكان ئاچتۇق. دۇكانغا ئۆزەم قاراپ، بالىلىرىمنىڭ ئاش-تامقىنى ئېتىپ يۈردۈم. دۇكىنىمىز كوچىنىڭ ئېغىزىدا بولغاندىكىن، يازنىڭ ئىسسىق ۋاقىتلىرىدا ئەرلەر كۆپرەك كىرىدۇ. مەن تۇل خوتۇن بولغاندىكىن، كىرىپ چىقىپ قاش ئاتىدىغان، چاخچاق قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى كەچتە، شۇلارنىڭ بىرى ھاراق ئىچىپ مەس كېلىپ، دۇكاننى ئۇرىۋەردى. ئاچسام ھاراق بامۇ دەيدۇ. يوق دىسەم، ‹دۇكىنىڭىزغا ھاراق سالسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۆزەم باي قىلىۋېتەتتىم› دەپ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپلا دۇكاننىڭ ئىچىدىلا مېنى بېسىۋالدى، ھايت-ھۇيت دەپ بولغىچە بىر ئىشلارنى قىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پات-پات كېلىپ، ماڭا ياردەملىشىپ، دۇكانغا مال سېلىشىمغا ياردەملىشىغان بولدى. بەزىدە كېچىلىرى ئۆيىمىزدە قونۇپمۇ قالىدۇ. دۇكىنىمىزغا ھاراق سالغاندىن كېيىن، دۇكاننىڭ سودىسى بەك ياخشى بوپ كەتتى، لېكىن كەچكىچە شۇ ھاراقكەشلەرگە ھەمراھ بولۇپ، قىلىن چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم. بەزىدە ئىشىم چىقىپ قالسا، قىزىم دۇكانغا قارايدۇ. ئۇمۇ 17 ياشقا كىرىپ قالغاندىكىن، شۇ جەريەندا بۇ كاساپەتنىڭمۇ قولىقى پىشىپ قاپتۇ. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ مەس كەپتۇ، مەن دۇكاندا ھاراق ئىچىۋاتقان خېرىدارلارغا قاراپ ئولتۇرغانىدىم. قىزىمنى چاقىرىپ، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇۇشقا بويرۇدۇم. بىر چاغدا دۇكاننى يىغىپ، ئۆيگە كىرسەم، قىزىم يالىڭاچ يىغلاپ يېتىپتۇ، ئاستىلىرى قان...‹ۋاي نىمە بولدى› قىزىم دىسەم، ‹ئۇ ماڭا چېقىلدى› دەيدۇ. ۋاي بېشىنى يەيدىغان ئەبلەخ، مەندىن ئېشىپ قىزىمغىمۇ چېقىلىپتۇ. ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، قىلىدىغاننى قىپ بوپ، قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇمۇ كەلمىدى، بىزمۇ ‹خەق ئاڭلىسا سەت بولىدۇ› دەپ سىرتقا يايمىدۇق بۇ ئىشلارنى. كېيىن قىزىم دۇكانغا پات-پات چىقىۋالىدىغان بولدى. ياش باللارمۇ كۆپىيىپ قالدى. بىر كۈنى ئىككى بالامنى ئېلىپ، مال ئالغىلى بېرىپ كەلسەم، قىزىم دۇكاننى تاقاپ، يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇدا 2 كۈن يوق، دېرىكىنى ئالالماي بارمىغان يېرىم قالمىدى. 3-كۈنى يېنىپ كەپتۇ. نەگە باردىڭ دىسەم، مابىتىم بىلەن ئوينىغىلى دەيدۇ. نەگە ئوينىغىلى باردىڭلا دىسەم، شەھەر ئىچىدىكى بىر مېھمانخانىدا ياتاق ئېلىپ 2 كۈن شۇ يەردە يېتىپتۇ. تازا ئۇردۇم-تىللىدىم. ئۇ كېيىن، پات-پاتلا يوقاپ كېتىدىغان بوپ قالدى. بەزىدە 400-500 كوي كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا، ‹ئەمدى سىرتقا چىقما، دوستلىرىڭ بىلەن كۆرشسەڭ، ئۆيدىلا كۆرشكىن، ئاۋۇ بىر ئېغىز ئۆينى ساڭا بېرەي› دىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۆيىمىزگە ئوغۇللار

كۆپ كېلىدىغان بوپ قالدى. كېينچە، بۇ گەپلەر تارلىپ، دۇكانغا هاراق ئىچكىلى كەلگەنلەرمۇ كىرىمىز دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، سورۇننى ئۆيدىلا تۈزەيدىغان بولدۇق، مەن ئاساسلىق تاماق ئېتىپ، سەي قورۇپ بېرەتتىم، قىزىم بىر نەچچە قىز دوستىنى چاقىرىپ كېلەتتى. كېيىن، سورۇندا قىزلا كەم بوپ قالسا، مېنىمۇ چاقىرىدىغان بوپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىشلارنى شۇ ئانا-بالا ئىككىمىز تەڭلا قىلىدىغان بوپ قالدۇق. لېكىن، باللىرىمنى ياخشى تەربىيلىمىگەنلىكىمدىن مىڭ پۇشايمان قىلىمەن. قىزىم توي قىلماي تۇرۇپلا، كېسەلنىڭ دەدىنى جىق تارتىپ كەتتى. هازىر هېلىقى نىجىس كېسەل چاپلىشىپتۇ. مەنغۇ مەيلى، قىزىم تېخى توي قىلمىغانتى، ...چوڭ ئوغلۇم بىزگە قاراپ بېقىپ، تۇلۇقسىزنى پۈتتۈرۈپلا بۇزۇلۇپ كەتتى، ئوغۇرلۇق قىلىپ، تۇتۇلۇپ بىر يېرىم يىللىق كېسىلدى. مەن باللىرىمنى ياخشى تەربىيلىيەلمىدىم. مەندىن ئىبرەت بولسۇن، قىزلىرىمىز هەرگىز بۇ يولغا ئېزىپ-تېزىپ كىرىپ قالمىسۇن، مانا بىز ئۇلۇمنى كۈتۈپ ياتىمىز ئەمدى....

11-هېكايە: (تورداشلار تەمىنلىگەن ماتېرىيال) نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، تاۋسچاڭ(چىنە زاۋۇتى) دىكى خۇڭخۇي ئائىلىكلەر قوروسىدا، ئاكا-ئۇكا ئىككى ئەزەربەيجانلىق ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. بىر كۈنى كەچتە، مەن دەل شۇلار ئىجارە ئالغان ئۆينىڭ يېنىدىكى ئۆيدە، تام قوشنا ئۆيگە بىر ئاغىنەمنى ئىزدەپ بارغانىدىم. ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىۋاتسام، كەينىمدىلا، ئىككى ئايال چىقىپ كەلدى. قارىسام، بىرى ياشقا چوڭ، بىرى كىچىكرەك، قارىماققا ئاچا-سىڭىلدەك كۆرۈنىدىغان، ناهايىتى مودا ياسانغان، ئىككىيلەن تۇراتتى. ئەتتىر دىگەننى دەششەت چېچىپتۇ، كارىدۇرنى بىر ئالغانىدى. ئۇلارمۇ ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىك ئېچىلىپ، بىر چەتئەللىك ئۇلارنى ناهايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئەكىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئاغىنەم ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە كىرىپلا ئاغىنەم، ‹ماۋۇ ***لا بۇگۈن يەنە كەپتۇدە، ئادەمنى دومىلا باستۇرۇپ› دېدى. مەن ئەجەبلىنىپ سورىدىم، كىملەر ئۇ، شۇنداق چىرايلىق قىزلارنى تىللاپ كەتتىڭغۇ؟ ۋاي گېپىنى قىلما ئاداش، ساتىدىغان ***لا بۇ، شۇ ئەزەربەيجانلىقلارغا ساتىدۇ...يەنە كېلىپ، ئانا-بالا تەڭ كېلىپ ساتىدۇ!...مەن تېخىمۇ گاڭگىراپ سورىدىم ‹ۋاي بۇ قانداق گەپ ئاداش؟› ئۇ دېدى:‹بايىقى ئىككىسى xx نازارىتىدىكى مەلۇم بىر باشقارمىنىڭ خېلى هۆرمەتكە سازاۋار بىر باشقارما باشلىقىنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى. قىزى شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇيدىكەن. ئانىسىمۇ بىر هۆكۈمەت خىزمەتچىسىكەن. ئۇلار هەپتىدە بىر ئىككى قېتىم كەچتە كېلىپ، مۇشۇ ئەزەربەيجانلىقلار بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، ئەتىسى قايتىپ كېتىدۇ. ئۇلار كەلگەن كۈنى كەچتە، مۇشۇ قەۋەتتىكى ۋە ئاستى-ئۈستى قەۋەتتىكى قوشنىلار ناشايان ئىشلارنىڭ ئاۋازىدىن ئۇخلىيالمايدۇ... بۇنى مۇشۇ بىنادىكىلەر هەممىسى بىلىدۇ. ئانا-بالا بۇزۇقلار بۇ...›

www.kitaphumar.com

ئۈنىنچى، ئاتا-بالا تاكىراڭ. بۇ بىر ئائىلىدىكى ئاتا بولغۇچىمۇ، بالىسىمۇ تاكىراڭخانىغا ئۆگىنىپ قالغان ئەر كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاتىسى بىلەن قىزى رەڭلىك سورۇنلاردا ئۇچرىسىپ قاپتۇ دېگەننى ئاڭلايتتۇق. ئەمدى سىنچىلاپ قارىساق، دادىسى بىلەن تاكىراڭخانىدا ئۇچرىشىپ قالىدىغان، ئاتا-بالا باجا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەسكەن.

كارىز بويىدىكى تاكىراڭلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ بۇنداق كۆپ بولۇشى، بىر جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە، ئەيدىز قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقىتىش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەرنىڭ ئەقىدە-ئېتىقاد ۋە ئەخلاقى قاراشلار جەھەتتە بۇزۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ۋە كەڭ دائىرىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 7. تاكىراڭخانىدىكى جەڭگە-جېدەللەر

تاكىراڭخانا جەمئىيەت تەركىبىدىكى بىر ئىجتىمائىي ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىلمۇ-خىل زىدىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. تاكىراڭخانىلار خۇجايىن(ئەر ياكى ئايال)، ئاشپەزلەر، تاكىراڭلار، ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى(بەزى تاكىراڭخانىلاردا ئاشپەزلەر قوش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ) ۋە خېرىدارلاردىن ئىبارەت بەش خىل ئوخشاش بولمىغان سالاھىيەتتىكى ئادەملەردىن تەركىب تاپقانىدى. شۇڭا، دائىم دېگۈدەك ئىچكى ئامىل ياكى تاشقى ئامىل سەۋەبلىك ئوخشاش بولمىغان سالاھىيەتتىكى ئادەملەر ئارىسىدا بىرقىسىم زىدىيەت ۋە سۈركىلىش ھەم جەڭگە-جېدەللەر بولۇپ تۇراتتى. بۇ زىدىيەتلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، خۇجايىن بىلەن ئاشپەزلەرنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تاكىراڭخانىلار ئادەتتە خېرىدار قاچانلا كەلسە، كېچە-كۈندۈزى دېمەي مۇلازىمەت قىلىدۇ. شۇڭا، خۇجايىن بىلەن ئاشپەزلەرنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى كۆپىنچە، ئىش ھەققى، خىزمەت ۋە دەم ئېلىش سەۋەبىدىن چىقىدۇ. ئاشپەرلەزلەر دائىم ‹ئىشلىگەنگە چۈشلۇق ئىش ھەققى ئالالمىدۇق، ئىش ھەققىمنى تۇتىۋالدى، ئىش ھەققىمنى ۋاقتىدا بەرمىدى، دەم ئېلىش بەرمىدى› دەپ قاخشايدۇ. ئاشپەزلەر قازان بېشىغا كىرىپ قالغان تاكىراڭلارنى تۇتۇپلا بىر ئىشلارنى قىلىپ سالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، خۇجايىنلار بولسا، ‹تاماقنى ۋاقتىدا چىقارماي ياكى ئوخشىتىپ ئەتمەي خېرىدارنى قاچۇرۇپ قويدۇڭ›، ‹تاماققا ماي-گۆشنى جىق ئىشلىتىۋەتتىڭ، زىيان چىقتى›، ‹مانچە ۋاقىت دەم ئالدىڭ› ياكى ‹قىزلارغا چېقىلدىڭ› دەپ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالىدۇ. بەزىدە، شۇنىڭ بىلەن، تاكىراڭخانا خۇجايىنى بىلەن ئاشپەزلەر ئارىسىدا

www.kitaphumar.com

كۆچلۈك زىدىيەت تۇغۇلۇپ، سۈركىلىش ياكى مۇشتلىشىش يۈز بېرىدۇ. ئاشپەزلەر خوجايىندىن ياكى ئۇنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرىدىن تاياقنى بولۇشىغا يەپ، تىل ھاقارەتنى تويغىچە ئىشىتىدۇ. ئاندىن ياكى ئىش ھەققىنىمۇ ئالماي كېتىپ قالىدۇ، ياكى چىشىنى چىڭ چىشلەپ يەنە ئىشلەيدۇ. ئاخىردا يەنىلا خوجايىن يېڭىپ چىقىدۇ. ئاشپەزلەر بۇنداق جايلاردا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىيالمايدۇ.

ئىككىنچى، خوجايىن بىلەن تاكىراڭلارنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى. تاكىراڭلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە تۇرار جايىنى تاكىراڭخانا خوجايىنى تەمىنلەيدۇ. كۆپىنچە خوجايىنلار ئۇلارغا ئايلىق ئىش ھەققىدىن سىرت، باشقىلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ تاپقان پۇلىغا قاراپ، نىسبەت ئايرىپ بېرىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئايلىق مۇئاشلا بېرىدۇ، باشقىلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ تاپقان پۇلنى تاكىراڭ ئۆز يانچۇقىغا سالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئارىسىدىكى زىدىيەتمۇ ئىش ھەققى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تاكىراڭلار دائىم ‹ئىش ھەققىنى ياكى نىسبەتنى ئاز بەردى، ئىش ھەققىمنى تۇتىۋالدى، ئىش ھەققىمنى ۋاقتىدا بەرمىدى› دەپ قاخشايدۇ. خوجايىنلار بولسا، ‹ياتاق-تاماقىڭ مەندىن، بۇ ئايدا مانچىلىك تاماق يېدىڭ، مانچىلىك قەرز ئالدىڭ، مانچە ۋاقىت دەم ئالدىڭ، پالانى چاغدا ۋاقتىدا كەلمەي، مانچە خېرىدار كېتىپ قالدى› دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاكىراڭلار بىلەن خوجايىن ئارىسىدا زىدىيەت ۋە سۈركىلىشلەر يۈز بېرىدۇ. بەكرەك كۆچەيگەندە، تاكىراڭلار خوجايىندىن تويغىدەك تىل ئىشىتىپ ياكى تايىقنى يەپ، يەنە تاكىراڭلىقنى قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، خوجايىن بىلەن خېرىدارلارنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى. خېرىدارلار كۆپىنچە مەست ھالەتتە تاكىراڭخانىغا كېلىدۇ ياكى تاكىراڭخانىدا ئىچىپ مەست بولىشىدۇ. شۇڭا، سورۇندا ئۇرۇش-جېدەللەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. جېدەل-ماجىرالار ئىچىدە تاكىراڭخانىنىڭ بۇيۇملىرى زىيانغا ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاغدا خوجايىن بىلەن خېرىدار ئارىسىدىكى زىدىيەت، زىياننى نەق مەيداندا تۆلەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر خېرىدار خاتالىقنى بوينىغا ئېلىپ، زىياننى نەق مەيداندا تۆلىسە، جېدەل بېسىقىدۇ. ئەگەر خېرىدار تۆلەشنى رەت قىلسا، ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق دۇمباللىنىپ، قىلغان ئىستىمالىنىڭ پۇلىنى تۆلەتكۈزۈپ، تاكىراڭخانىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تاكىراڭخانىدا تاياق يېگىنىنى نومۇس قىلىپ ھېچكىمگە دېيەلمەي، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يېگەن ھارام تايىقىنى سىڭدۈرۋېتىدۇ.

يەنە بەزى خېرىدارلار قىلغان ئىستىمالىغا تۆلەشكە پۇلى يەتمەي، خوجايىن بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق دۇمباللىنىپ، يانچۇقىدا بار پۇلىنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇپ بېرىپ، تاكىراڭخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

www.kitaphumar.com

يەنە بەزى خېرىدارلار مەست ھالەتتە كېلىپ، خوجايىنغا دىمەيلا، تاكىراڭخانىدىكى ئىكزى تۇنۇيدىغان چىيلىقراق تاكىراڭلارنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ، تاكىراڭلانى ئولتۇرغان سورۇندىن سۆرەپلا چىقىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ خوجايىنىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىسا، ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق دۇمبالىنىپ، تاكىراڭخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

تۆتىنچى، تاكىراڭلارنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى. تاكىراڭخانىلارنىڭ كۆلىمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، تاكىراڭلارنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە بىر تاكىراڭخانىدا، ئاز بولغاندا 6-8 گىچە تاكىراڭ، كۆپ بولغاندا 15-18 گىچە تاكىراڭ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تاكىراڭلار ئارىسىدا، كېيىم-كېچەك، ئۇپا-ئەڭلىك، گەپ دارتىملاش، كۆرەلمەسلىك دىگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختىماي زىدىيەت ۋە سۈركىلىشلەر بوپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئۇرۇشۇپ چاچلىشىپمۇ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇلاردا بىر خىل لۈكچەك مىجەز كەڭ قوساقلىق بولغاچقا، ئاسانلا بىر-بىرىنى كەچۈرۈۋېتىپ يەنە ياخشىلىشىپ قالىدۇ.

بەشىنچى، تاكىراڭ بىلەن خېرىدارنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى. خېرىدارلار تاكىراڭخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە تاكىراڭلارنى تاللىۋالىدۇ. ئەمما بەزى تاكىراڭلار بەك مەست بوپ كەتكەن ياكى تازلىقى ياخشى ئەمەس ياكى كۆرۈمسىز خېرىدارلار بىلەن سورۇندا ئولتۇرۇشنى ياكى ئۇلار بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ چاغدا خېرىدار بىلەن تاكىراڭلار ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ. بەكرەك مەست بوپ كەتكەنلىرى تاكىراڭلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، سورۇندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

بەزى خېرىدارلار سورۇنغا كىرگەندىن كېيىنلا، تاكىراڭلارنىڭ كۆكسى ۋە باشقا جايلىرىنى سىلاپ، سورۇننىڭ ئۆزىدىلا جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشقا زورلايدۇ.بەزى تاكىراڭلار بۇنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خېرىدار بىلەن تاكىراڭلار ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ، تاكىراڭلار سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.يەنە بەزى خېرىدارلار تاكىراڭلارنى ئېلىپ كېتىپ بىللە بولىدۇ. ئەمما، دىيىشكەن پۇلنى كەم بېرىدۇ. بۇ چاغدا، تاكىراڭلار خېرىدارلارنى سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ، ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

ئالتىنچى، خېرىدارلارنىڭ جەڭگە-جېدەللىرى. تاكىراڭخانىدىكى خېرىدارلار ئارىسىدىكى جەڭگە-جېدەللەر ئاساسلىقى ئورۇن تالىشىش ۋە تاكىراڭلارنى تالىشىش سەۋەبىدىن چىقىدىغان جېدەللەردۇر. تاكىراڭخانىدىكى ئايرىمخانىلار خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ۋە چوڭ-كىچىك قىلىپ بېزەلگەن بولغاچقا، بەزىدە سانى ئاز خېرىدارلار چوڭ ئايرىمخانىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، سانى كۆپ خېرىدارغا بوشىتىپ بەرمەيدىغان، ياكى بىر ئايرىمخانىنى تەڭ تالىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق چاغدا، خېرىدارلار ئارىسىدا زىدىيەت ۋە سۈركىلىشلەر پەيدا بولىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ۋارقىرىشىپ، تىللىشىپمۇ كېتىدۇ. يەنە بەزى خېرىدارلار ئوخشاش بىر تاكىراڭنى تالىشىپ، مۇشتلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى.

www.kitaphumar.com

دىمەك، تاكىراۋخانا خىلمۇ-خىل زىددىيەتكە تولغان بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىجابىي رولى بولمىغان بىر ئىجتىمائىي ئورۇن ئىدى.

## 8. تاكىراۋخانا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر

تاكىراۋخانا جەمئىيەتكە نىسبەتەن بىر يامان سۇيىقەستلىك ئۆسمە بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىرىنچى، تاكىراۋخانىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق ساپاسىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلگەندى.

تاكىراۋلار ئارىسىدا ئەيدىز، سۆزنەك، جىگەر كېسىلى، ئۆپكە تۇبېركىليوز كېسىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەر بىلەن يۇقۇملانغانلار بار بولۇپ، تاكىراۋخانىلار بۇ خىل كېسەللىكلەرنى تارقىتىدىغان ئاساسلىق بازىغا ئايلانغانىدى. تاكىراۋخانىلاردا بۇ خىل كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەر كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا يەنە قانچىلىغان ئاياللارغا بۇ خىل كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرغانلىقى بىزگە نامەلۇم. تاكىراۋخانىلار تۈرپان رايونىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرۈپ، يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپىيىشىدە ئاساسلىق رول ئويناپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق ساپاسىغا ناھايىتى زور يوشۇرۇن تەھدىت ئېلىپ كەلگەندى.

ئىككىنچى، تاكىراۋخانىلار ئەرلەرنىڭ روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتە ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە مەسئولىيەت تۇيغۇسىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەندى.

تاكىراۋخانىغا بارغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھۋەتكە تولغان ھايۋانى ھەۋسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دىنىي ئېتىقاد، ئادەمىيلىك ئەخلاق، ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە بولغا مەسئولىيەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇلار ھاراق ۋە شەھۋەتكە خۇمار بولۇپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىشكەنلىدى. بۇ خىل زەئىپلىك ئەرلەردىكى ئاقىلانىلىق، مەرد-مەردانىلىق، سەمىمىيلىك، ئاقكۆڭۈللۈك خاراكتېرىنى ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى يىمىرىپ تاشلاپ، نادانلىق، قورقانچاقلىق، روھىي پەسلىككە مەھكۇم قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىجتىمائىي يۈكسىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىدە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانىدى.

بىر قىسىم ئەرلەر تۈزگەن شارابلىق سورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى، سىرتتىن كەلگەن «ئەزىز مېھمان»لارنىڭ ھۆرمەت-ئىناۋىتى ۋە خوشاللىقى، شۇندىقلا خوشامەت-تەخسىكەشلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسى شۇ تاكىراۋخانىلاردا ياكى تاكىراۋلار بىلەن بىللە ئاخىرلىشاتتى. بىر قىسىم

www.kitaphumar.com

ياشلار تاكىراڭخانىلاردىكى شەھۋەتپەرەسلىككە خۇمار بولۇپ، ھالال ئىشلەپ تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تاكىراڭخانىلارغا خەجلەپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۆزىنى شەرمەندە قىلىپ، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىشقاندى. بۇنداق ناشايان قىلمىشلارنى قىلغانلارنىڭ كۆڭلى قارىداپ، دىننى ئېتىقاد سۇسلاپ ۋە ئادىمىيلىك ئەخلاقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇلار پەقەت مۇسىبەت يەتكەندە ۋە ئىككى ھېيتتىلا مەسچىدنى تونۇيتتى، باشقا چاغلاردا خىيالىغمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئائىلىسىدىكى ئاتا-ئانىسى ۋە خوتۇن بالىلىرىغا نىسبەتەن مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش دىگەنلەرنىڭ ئېلمىنتلىرى تېپىلمايتتى. يۇرت-مەھەلىدە ئەخلاقسىز گەپ-سۆز ۋە قىلمىشلارغا جۆر بولاتتى.

12-ھېكايە: ھازىر يېڭى يېزا قۇرۇلشى دەپ بىر سىياسەت چىقىپ، نەدىكى ئىش ئۇقمايدىغان، ئەقىلسىز، باشلىقلارنىڭ تەخسىسىنى كۆتىرىدىغان ياش-ئوتتۇرا ياش شوركىلار يېزا كادىرى بولغانىنىڭ ياقى كەنتنىڭ پۇلىغا چوڭ-يەپ، چوڭ ئىچىشىدىغان بولدى. ئۇلار ئۆيىدىكىلەرگە ‹كەچتە كەنتە دىجورنىلىك قىلىمىز› دەپ قويۇپ، «مانتا كۆرمىگەن قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دىگەندەك، توپ-توپ بولۇشۇپ تاكىراڭخانىلارغا بېرىپ تاڭ ئاتقۇچە بۇزۇقچىلىق قىلىشىدىكەن. ئەترەت باشلىقى(شودۈيجاڭ) دىگەنلەر نۆۋەتلىشىپ كەنتنىڭ سېكرتارى(شۇجى) ۋە كەنت باشلىقى(دادۈيجاڭ)غا ئارقا ئىشىك قىلىپ، ئاشۇنداق يەرلەرگە ئاپىرىپ مېھمان قىلىدىكەن.

ئۈچىنچى، تاكىراڭخانىلار ئائىلىلەردە كىرزىس پەيدا قىلىپ، ئاجرىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى.

تاكىراڭخانا ئالدى بىلەن ئائىلىلەردە ئىقتىساددىي كىرزىس پەيدا قىلغانىدى. تاكىراڭخانىغا خۇمار بولغا توي قىلمىغان ياشلار ياكى ئائىلىسى بالىسى بار ئەرلەر، تاپقان تەرگىنىنى ئائىلىگە ئىشلەتمەي تاكىراڭخانىلاردا خەجلىكەچكە، ئائىلىلەر ناھايىتتى زور ئىقتىساددىي بېسىمغا دۇچ كەلگەنىدى. بىر قىسىم خىزمەتچى ئەرلەر ئايلىق مۇئاشىنى يالغان مەلۇم قىلىپ يېرىمىنى ئېلىپ كىرەتتى ياكى خىلمۇ-خىل باھانىلەر بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كىرمەسلىككە تىرىشاتتى. بىر قىسىم دېھقان ئەرلەر بولسا، تۇرپانىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا تەرلەپ-پىشىپ ئاران ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنى ئايالى ۋە بالىلىرىغا بىرەر قۇر كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ئېلىپ بېرىشكە كۆزى قيماي، قىشچە تاكىراڭخانىدىكى مەينەت تاكىراڭلارغا خەجلەيتتى. بىر قىسىم توي قىلمىغان ياش يىگىتلەر ئاتا-ئانىسى بەرگەن پۇلنى ئۇدۇل ئاپىرىپ تاكىراڭلارغا خەجلەپ بوپ، يەنە ئاتا-ئانىسىدىن نومۇسسىزلارچە پۇل سورايتتى، بەرمىسە ئۇرۇشۇپ ئالاتتى. ئامال قىلالمىسا ئۆيىدىكى كەپتەر، توخو، قوينى ياكى ئېتىزدىكى ھۆل ئۈزۈمنى ۋەياكى ئۆيدىكى قۇرۇق ئۈزۈملەرنى ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ چىقىپ سېتىپ تاكىراڭخانىغا يۈگرەيتتى. ھەتتا بەزىلەر ئانىسىنىڭ ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ چىقىپ

www.kitaphumar.com

سېتىپ، تاكىراڭخانىغا بارغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم ئائىلىلەردىن بەرىكەت قېچىپ، پۇل توغرىلىق جېڭگە-جېدەل قوزغىماي، ئائىلىنىڭ خۇشاللىقلىرى ۋە بەخت-سائادىتى كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئائىلىدىكى بۇ خىل ئىقتىساددىي كىرىزىس بەزى ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

تاكىراڭخانا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئائىلە ئەخلاق كىرىزىسىنى پەيدا قىلدى. بىر قىسىم ئەرلەر تاكىراڭخانىلارغا بېرىپ ناشايان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئالداپ يالغان ئېيتىپ، سەممىيەتسىزلىك ئەۋج ئالغان ئائىلە مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بىر قىسىم ئەرلەر خىلمۇ-خىل توي-تۆكۈن ۋە يىغىلىش سورۇنلىرىنى باھانە قىلىپ، ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئالداپ يالغان ئېيتىپ، ئۇدۇل تاكىراڭخانىغا چاپاتتى. يەنە بەزىلىرى دېجورنىلىك خىزمىتىنى باھانە قىلىپ، تاكىراڭخانىلاردا تۈنەيتتى ياكى تاكىراڭلار بىلەن بىللە بولاتتى. «جاھاندا ئاشكارلانمايدىغان سىر يوق» دېگەندەك، بۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلغۇاتقان ئەرلەرنىڭ قىلمىشلىرى قۇلاقتىن-قۇلاققا يېتىپ، يۇرت-مەھەللە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى يەر بولدى. بۇنداق خورلۇق ۋە روھى بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىر قىسىم ئاياللار ئاجرىشىپلا قۇتۇلدى. يەنە بىر قىسىملىرى بولسا، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاللاھتىن ئىنساب تىلەپ، ئېرىگە تەربىيە ئىشلەپ ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، تاكىراڭخانىلار ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، باللارنىڭ ۋە ياشلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا نىسبەتەن سەلبىي رول ئويىغانىدى.

تاكىراڭخانىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەتتىكى روھى چۈشكۈنلۈك ۋە مەنىۋى زەئىپلىك، بىر قىسىم ياشلارنىڭ تېخىمۇ ئېتىقادسىز، ئەخلاقسىز ۋە مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ چىقىشىغا ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەرگەنىدى. جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدىكى تاكىراڭخانىغا مۇناسىۋەتلىك شەھۋەت پۇراپ تۇرغان گەپ-سۆز ۋە چاقچاق-يۇمۇرلار يېتىلىۋاتقان ياشلارنىڭ دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراشلىرىغا سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن، بىرقىسىم ياش باللار تېخى قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپلا تاكىراڭخانىلارنى پۇرايدىغان بولۇۋالغانىدى. يەنە بىر قىسىم ياشلار قىمار ۋە زەھەر(نەشە) چېكىشكە خۇمار بولۇپ، ئوغۇرلۇق ۋە جىنايەت يولىغا مېڭىپ، ھاياتىنى ۋە ياشلىقىنى نابۇت قىلىشقا باشلىدى.

تاكىراڭخانىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئائىلىدىكى خىلمۇ-خىل كىرىزىسلار باللارنىڭ پسىخىكىسى ۋە روھى دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ، بىر قىسىم باللارنىڭ ئېتىقادسىز، روھى ئۆلۈك، تىرىشماس، بوشاڭ، يالغانچى، مەسئۇلىيەتسىز بولۇپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولماقتا. ئائىلىسى مۇكەممەل بولمىغان ياكى ئائىلە تەربىيە مۇھىتى ياخشى بولمىغان باللار مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇماي، ئەكسىچە مەكتەپتىن قاچىدۇ.بۇنداق ئائىلىلەردە مەجبورى مائارىپنىڭ غەمخورلىقى

www.kitaphumar.com

بىلەن، تۇلۇقسىزنى پۈتتۈرۈشىمۇ ساۋادىنى چىقىرالمىغانلار باللار ئاز ئەمەس ئىدى. «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك، ئاتىسى تاكىراڭخانىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا باشقىلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ تۈرمىگە كىرگەنلەر ۋە تويدىن ئىلگىرى باللىق بولۇپ قىلىپ، زورىغا خوتۇن ئېلىشقا مەجبۇرلانغانلارمۇ بار ئىدى. بىزدە «ئاتىسى باشلىمىنىڭ پوردىقى يۇغان، ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى يۇغان» دېگەن ماقال-تەمسىل بار. ئائىلە تەربىيە مۇھىتى ياخشى بولمىغان بىرقىسىم ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىمۇ، تاكىراڭخانىغا بېرىپ تاكىراڭ بولۇۋېلىپ، يۇرت-مەھەللە ئالدىدا ئائىلىسى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈزىنى يەر قىلغانىدى.

بەشىنچى، تاكىراڭخانىلار جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. تاكىراڭخانىلاردا ھاراق ۋە ناشايان قىلمىشلار بىرلا ۋاقىتتا بولىدىغان جاي. ئۇ يەرگە بارغانلار ياكى بېرىشتىن ئاۋال ھاراق ئىچىپ بارىدۇ، ياكى بارغاندىن كېيىن ھاراق ئىچىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە تاكىراڭخانىلار جېدەل-ماجىرالاردىن خالىي بولالمايدۇ. خېرىدارلار ئارىسىدا، ئورۇن-سورۇن تالىشىپ ئۇرۇشىدىغان ياكى تاكىراڭلارنى تالىشىپ مۇشلىشىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق جېڭگە-جېدەللەر كۆپىنچە تىغ كۆتۈرۈپ ئۇرۇشۇش ياكى توپلىشىپ ئۇرۇشۇش باسقۇچىغا تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغان ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. تاكىراڭخانىلاردا تاكىراڭ تالىشىپ، پىچاق تىقىشقان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ ئامانلىق دېلولىرىنىڭ تۈپكى مەنبەسى ۋە سەۋەبى شۇ تاكىراڭخانىلاردۇر، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنىدى.

## 9. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى

مەسىلە بولغانىكەن ئۇنى چوقۇم ھەل قىلىش كېرەك. كارىز بويىدىكى تاكىراڭخانىلار پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن ئويلىشىش كېرەك.

بىرىنچى، تاكىراڭخانىلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن تارماقلىرى بىلەن خەلق ئاممىسى زىچ ھەمكارلىشىپ، تاكىراڭخانىلارنى بايقىغان ھامان پاش قىلىپ، بىخ ھالىتىدە يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قايتا باش كۆتىرىشىگە ھەرقانداق جايدىن ئورۇن بەرمەسلىك ۋە سورۇن ھازىرلاپ بەرمەسلىك كېرەك. خەلق ئارىسىدا تاكىراڭخانا ئاچقانلارنى ۋە تاكىراڭلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى تاكىراڭخانا ئاچماسلىققا دەۋەت قىلىپ، توغرا، ھالال تۇرمۇش يولىغا باشلاش كېرەك. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە، پاكىزە ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

www.kitaphumar.com

ئىككىنچى، تاكىراڭلارغا تەربىيە ئىشلەپ، چىقىش يولى تېپىپ بېرىش كېرەك. خەلق ئارىسىدا، تاكىراڭلارنىڭ تاكىراڭلىق قىلمىشىنى رەت قىلىدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، تاكىراڭلارغا ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە ئادىمىي ئەخلاق ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، پىسسىكا مەسلىھەت يېتەكچىلىكى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، تۇرمۇشتا ھالال بولغان بىر چىقىش يولى تېپىپ بېرىش كېرەك. شۇنداقلا، ئۇلارغا كېسەللىرىنى داۋالىتىش پۇرسىتى ۋە شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، تاكىراڭلىق قىلمىشىدىن يىرگەندۈرۈپ قول ئۈزدۈرۈش كېرەك. بۇ ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە ۋە كەڭ دائىرىلىك تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تاكىراڭخانىغا ئۆگىنىپ قالغان ئەرلەرگە ئېتىقاد ۋە ئەخلاق تەربىيىسى بېرىپ، پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەش كېرەك.

تاكىراڭخانىلارغا ئۆگىنىپ قالغان ئەرلەرگە نىسبەتەن نىشانلىق، تەشكىللىك ۋە قەرەللىك ھالدا، ئېتىقاد تەربىيىسى، ئادىمىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە مېھىر-مۇھەببەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردا ئېتىقاد ئېڭى، ئەخلاق قارىشى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىش كېرەك. شۇنداقلا، پىسسىكا جەھەتتىن تەكشەش ئېلىپ بېرىش ۋە مەسلىھەت بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئائىلە ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، نورمال نورمال تۇرمۇش قارىشى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئائىلىگە سادىق، خوتۇن بالىلىرىغا كۆيۈمچان بولۇشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، سېرىق مەزمۇندىكى بۇيۇملارنى ۋە ناشايان قىلمىشلارنى قاتتىق چەكلەپ، تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار مۇناسىۋەتلىك قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ روھى بويىچە، سېرىق مەزمۇندىكى بۇيۇملارنى ۋە ناشايان قىلمىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە قاتتىق چەكلەپ، نورمال جەمئىيەت تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. جەمئىيەتتە ۋە مەكتەپلەردە، سېرىق مەزمۇندىكى بۇيۇملارنىڭ ۋە ناشايان قىلمىشلارنىڭ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ۋە قانۇن بويىچە قاتتىق چەكلەش توغرىسىدىكى تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناشايان قىلمىشلاردىن يىرگىنىپ قىلمايدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، تاكىراڭ ۋە كەڭ خەلققە سەھىيە ۋە جىنسىيەت بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش.

www.kitaphumar.com

سەھەيە تارماقلىرى تاكراڭلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ئاساستا، جىنسى زىساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۆلارنىڭ جىنسىيەت ساغلاملىق ئېڭىنى ۋە ئېھتىيات ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

## 10. خاتىمە

كارىز بويىدىكى تاكراڭخانىلار پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدا ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىپ، تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ۋە جامائەت ئامانلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەندى. بۇ مەسىلىلەر جەمئىيەت مۇھىتى، كىشىلەرنىڭ روھى ۋە جىسمانى ساغلىقى، ئائىلىۋىي تۇرمۇش، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق ساھەلەرگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قىسىم سەلبىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئىناق جەمئىيەت ۋە پاكىزە جەمئىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تاكراڭخانىدىن ئىبارەت بۇ ناھار ھادىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش كېرەك. بۇ بۇندىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىجتىمائىي ئاساس ۋە كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تامام